
BULAK
بولاق
992



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى ژۇرنىلى



13-يىل نەشرى

ئومۇمىي 41-سان

1992

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

1992 - يىل 4 - سان

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

سەددى ئىسكەندەرىي ........................ موللا سىدىق يەركەندى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا
مۇھەببەتنامە ........................ موللا يۇنۇس (71)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى
مەزھەرى شېئىرلىرىدىن ........................(100)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۈسۈپ
مۇشۇك بىلەن چاشقان........................نورۇزاخۇن كاتىب زىيائى (108)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھېمىت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«سىياسەتنامە»دىن ........................ نىزامۇل - مۇلك (112)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: س. ياسىن
«دىۋانى ئەمىرى»دىن ........................ ئەمىر ئۆمەرخان (120)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

مەدەنىي مىراسلار ۋە مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ........................ قادىر ئەكبەر (143)
نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلەتكەن... جاپپار ئەمەت (150)
كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (152)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مەلىكە زەرنىگار (داستان)........................................ (162)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر
پادىچى بىلەن پادىشاھ (چۆچەك) ........................................ (182)
رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم ئىبراھىم
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك (چۆچەك) ........................................ (183)
رەتلىگۈچى: ئېلىجان ئىمىن
كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەپتۇ (چۆچەك) ........................................ (185)
رەتلىگۈچى: زازىيە قادىر
ئالدامچىنىڭ ئاقىۋىتى (چۆچەك) ........................................ (188)
رەتلىگۈچى: ئابلەت ياسىن
مەھمۇد قەشقەرىي ھەققىدە رىۋايەتلەر ........................................ (190)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ھاجى ئەخمەت، ئابدۇكېرىم ئەخمىدى، ئىسمائىل ئىبراھىم، مەھەممەت ئوسمان
بېيىت - قوشاقلار ........................................ (199)
رەتلىگۈچى: غوپۇر قادىر، ئالىمجان ھەسەن

*　　　*

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز.
خەتتات: قەييۇم مۇتەللىپ.
تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئانارخان (رەسسام: سۈي گۇيېڭ).
ئىككىنچى بېتىدە: مەھمۇد قەشقەرىي مازىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى، (جاۋچىجەن فوتوسى)، تەمىنلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار.
ئۈچىنچى بېتىدە: مەزھەرى غەزەللىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «باياز» ناملىق قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانى ئەمرى» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت ③ «مۈشۈك بىلەن چاشقان» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.
تۆتىنچى بېتىدە: «شاتگۈل»، رەسسام: ئابدۇكېرىم نەسرىدىن.

# سەددى ئىسكەندەرى *



موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

※ ※

پادىشاھلىق ئىدارىسىنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرى تەڭرى ئىشخانىسى (يەنى ئالەم) دىن
بىر نەمۇنىدۇر. تەڭرى بارگاھىدا خاھ پەرىشتىلەر گۇرۇھى بولسۇن خاھى
پەيغەمبەرلەر جامائەتتى بولسۇن، خاھى ئەۋلىيالار تائىپىسى بولسۇن ۋە
ياكى باشقا كىشىلەر توپى بولسۇن، ھەممىسى ئۆز تەرتىپى بويىچە،
ھەر بىرى ئۆز ئورنىدا رەتلىك ئورۇنلاشقاندۇر. شۇنىڭغا
ئوخشاشلا پادىشاھلار بارگاھىدىمۇ ئاشۇنداق تەرتىپ بولغىنى
ياخشىراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈردۇر.

ھەرقانداق كىشى شاھلىقنى ئارزۇ قىلسا، لەشكىرى ۋە باشقا خالايىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشى لازىم. قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزگەندە، ھەربىر كىشىنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسىنى بەلگىلەشتە، چوڭغا چوڭچە، كىچىككە كىچىكچە مۇئامىلە قىلىش مۇۋاپىق، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى. «ئىشلارنىڭ ئەۋزىلى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ھالدا، ھەر ئىشنى ئۆز لايىقىدا بېجىرىش ۋە نامايان قىلىش ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر. مەملىكەتنىڭ قانۇن ۋە مىزانلىرىنى مۇشۇ ئاساستا تۈزسە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇرتلار ئاۋاتلىشىدۇ، مەملىكەتتى زىننەت تاپىدۇ. ئىشلىرى ياخشى تەرەپكە سەرەمجان تېپىپ، شاھلىق پائالىيەتلىرىدىن مۇرادىنى تاپالايدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئۆز دۆلىتىنى بۇ قائىدە بويىچە تۈزمىسە، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىشلىرى قانداقمۇ تۈزۈكلۈككە يۈزلەنسۇن، بۇ خۇددى ئۇششاق باللارنىڭ شاھمات ئوينىغىنىدەك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شاھمات ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئورنىغا تىزىشنى بىلمىگەن كىچىك بالىلار شاھمات ئوينىماقچى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ شاھماتتا ئالماقنىمۇ، بەرمەكنىمۇ بىلمەيدۇ. پىيادىنى شاھنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلنى رۇخ (توپ)نىڭ ئورنىدا قويىدۇ. شاھمات ئۇرۇقلىرى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، ئەقىل ئىگىلىرى بۇنى نېمە دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق ئويۇننى ئەتىدىن كەچكىچە ھەرقانچە ئوينىسىمۇ ھېچ مەززىسى، ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئىت يالىقىغا سامان سېلىش ئاتنىڭ ئوقۇرىغا سۆڭەك سالغاندەك ئىش بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى قوزىلارنى بۆرىلەرگە غىزالىق قىلسا، ئۇ ئۆزىگە بالا - قازانى چىللىغان بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى يولۋاسنى گۆش بېرىپ بورداشنى لايىق تاپمايدۇ. كىمىكى ئارسلاننى قېرىن بىلەن تويغۇزۇشنى راۋا كۆرسە، پۇرسەت كەلگەندە ئارسلان ئۇنىڭ قارنىنى يارىدۇ. تازنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈرۈلسە، توخۇغا تۇمۇغا كىيدۈرۈلگەندەك ئىش بولىدۇ. تۇمۇغا ئېگىزگە پەرۋاز قىلىدىغان شۇڭقارغا بېزەك ۋە زىننەتتۇر، كىمىكى يىلاننىڭ بېشىنى يانجىسا، ئۆز يولىدىن بالا - قازانى يوق قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئۆز قوينىدىن ماكان بەرسە، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئارزۇ قىلغان بولىدۇ. بىلگىنىكى، ئىت ھەتتاكى بۆرىنى يېڭەلەيدىغان بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ جايى يەنىلا ئىشىكتۇر. لېكىن مۈشۈكنىڭ ئورنى ئۆينىڭ تۆرىدە بولۇپتۇ. بۆرە دەشت ۋە دالادا ئوۋ ئوۋلاپ قورساق تويغۇزسا، مۈشۈكنىڭ ئوۋلايدىغىنى ئۆيدە. ئۇ ئۆزىگە كېرەك بولغان يېمەكلىكنى ئۆيدە ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ھاسىل قىلىدۇ. ھەممىسى ئۆز ئورنىدا ئۆز جېنىنى باقىدۇ. دېمەك، ھەر كىشىگە ئۆز لايىقىدا پەرۋىش قىلىش لازىم، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ۋاقتىدا ئەسقاتىدۇ.

پادىشاھلاردا يەنە تاش ئارىسىدىن گۆھەرنى تاپالايدىغان پاراسەت بولۇشى كېرەك. ياقۇتنى كۆرۈپ ئوچاقتىكى چوغ دەپ گۇمان قىلمىسۇن، چوغنى كۆرسە گۆھەرمىكىن دەپ قالمىسۇن، ئېشەك مۇنچىقى بىلەن پىروزىنى ئايرىيالىسۇن، جانان چىنە بىلەن سۇنۇق كوزىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولسۇن. بىراق بۇ ئىش ناھايىتى مۈشكۈل. بۇ ئالەمدىكى ئادەملەر قارىماققا ھەممىسى بىرخىل سۈرەتتە، جىسمى ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلاردىن بىرى شۇملۇق ۋە نەسلىك پاتقىقىغا پاتقان، يەنە بىرى بولسا سائادەت نۇرىغا چۆمۈلگەن، ئىستىقبالى پارلاقتۇر. ئىككىزەك قېرىنداشنىڭ چىراي - تۇرقى شۇ قەدەر ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى زادى ئوخشىمايدۇ. كىتاب ئىچىدە ئەلىپ (الف) بىلەن ئەلفە (الف، يەنى مىڭ) دېگەن سۆزلەر ئوخشاش يېزىلسىمۇ، ئەمما ھېسابتا ئۇلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. چۆللەردە ئۆلۈپ، قۇرۇپ قالغان تاشپاقا گەرچە سەدەپكە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرى نىجىس سۆڭەكلەرگە تولغان، يەنە بىرىگە بولسا ئېسىل ياقۇتلار يوشۇرۇنغاندۇر. كەركەس بىلەن ھۇمايۇن ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ئادەملەرمۇ گەرچە بىر - بىرى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ،

بۇنداق پەرقنى كـۆزى ئۆتـكۈر كـىشلەر ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلالايدۇ. شاھـلار ئۆز كۆزلىرىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى بىلەن ھەمـمىنـى ئـونۇۋالالايدىغان بولۇشى لازىـم. ئۇلار قىپقـىزىل ئاتەشـدان بىلەن قۇياشنىڭ پەرقى ـ تاپاۋىتىنى چۈشەنسۇن، مىس بىلەن ئالتۇننى ئايرىيالىسۇن. ئەگەر مۇنداق قىلىشقا ئەقىل ـ پاراسەت يەتمىسـە كۆپ قېتىم سـىناپ كـۆرگـەن ياخشـى. شاھلار شەخسىمۇ، ئامىنىمۇ رازى قىـلاي دېسە، ئۆز ھۇزۇرىغا كەلگـەن ياكـى شـۇ يەردە تۇرۇۋاتقان دانىشمەن، ئاقىل كىشىـلەر بىلەن دائىم سۆھبەتلىشـىپ تۇرۇشـى، ئۇلارنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى، ئاتـاق ـ ئابـرويىنى ساقلىشى، رايىـنى قايتـۇرماسلىقى كېرەك. خالايىقنى ئۆز پـەزىلـىتى بىلەن خۇشال قىـلالمىغان پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىگە قەست قىلالمايدۇ، بەلكى دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە تىغ تارتىپ كېلىپ مـۇۋەپپـەقـيەت قازىنىپ كېتىشى مۇمكـىن. چۈنـكى يـاخشى ـ يـامانىنى ئايرىـماي، ئۆز خەلقـى بىلەن دۈشمەنلەشكەن پادىشاھ ئۆز پەرمانىدىكى خەلقنى يات دۈشمەنلەرنىڭ دوستىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇخىل شاھلارغا خەلق گەرچە كۆرۈنۈشتە مۇرەسسە ـ مادارا قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما، زۆرۈر تېپىلغان چاغدا ئۆز دۈشمەنلىكىنى ئاشكارا قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق شاھلار ھەرگىـز دۈشـمىـنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ.

**سۇلتان ئەبۇ سەئىد كورەگان (ئۇنىڭ ياتقان جايى نۇرلۇق بولغاي) نىڭ ھېكايىتى، بۇ پادىشاھ مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى ئەقىل پاراسىتى بىلەن كۆپ مەملىكەتلەرنى ئالدى،**

**ھايات يولىنى ئۆزگۈچى ئۆتكۈر تىـغى بىـلەن ئەل ئـىـچـىگـە قـورقـۇنـچ ۋە سۈرەن ـ چوقان سالدى. بـىـراق قوشۇنلىرى ئۇنىڭدىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھىم پەيتتە ھەممىسى قوزغالدى. نـەتىجـىـدە دۈشـمـىـنى ئارىـسىـدا ئـۆزى يـالغـۇز قالـدى، دۈشمەن ئۇنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى ئۇلۇغۋار بېشىنى ئاداۋەت تىغى بىلەن بويىـنـدىـنـلا ئـۈزۈپ تـاشلىدى.**

سۇلتان ئەبۇسەئىد كورەگان سەلتەنەت ئىشىدا دانا ئىدى. خـۇراسان بىلەن ماۋەرائۇننەھرنى ۋە باشـقا دىـيارلادىن خـارەزمدىن كىرمانغىچە، قەشقەردىـن سـىفاھانغىچە، زابۇلۇستاندىن كابۇلۇستانغىـچـە بولغان يۇرتلارنى ئۆز پەرمانىغا كىرگـۈزگەن، ھەممە ۋىلايەت ۋە دىيارلارنى دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن گۈلىستانغا ئايلانـدۇرۇپ، سەلتەنەت ئىچىدە زامانىنىڭ داراسى بولغانـدى. ئۇنىڭ بېشىدا جاھانگىـرلـىك ھاۋايى ـ ھەۋـسى پەيدا بولۇپ، سانـسـىز لەشكەر يىغىپ، تەبرىز شەھەرلىرىنى ۋە رۇم دىيارلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۇلۇغ تەگرى ئۇنى ھەمـمە ئىشتا ھوشيار ۋە بارچىدىن خەۋەردار قىـلـغانىدى. ئەمما بىر ئەيىبى بار ئىدىـكى، ھەمىشە خەزىـنـە يىغىشقا ھېرىـسـمەن ئىدى. بۇ ئىش تۈپـەيـلـىـدىـن ئۆز خەلقىنى تەڭقىسلىقتا قويۇپ، سىقىلىش ۋە تەڭلـىك ئىچـىـدە تۇتـاتـتى. ئۇنـىـڭ كـۆڭلى بۇخىل ھېرىسمەنلىك بىلەن خۇشال ئىـدى. ئەمـما ئـۇنىڭ بۇنـداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشىدىن لەشكەرلىرى نارازى ئىدى. سۇلـ
تان تەبرىزگە لەشكەر تارتقىنىدا، ئۇ دىـ
يارنىڭ پادىشاھىمۇ ئۆز يۇرتىنىـڭ ئامانـ
لىقىنى قوغداش ئۈچۈن، لەشكەر تارتىـپ
ئالدىغا چىقىـپ، جەڭ باشلىدى. بۇ ئىش
ھەددىدىن ئاشقىرى قاتتىقلىشىـپ، ئۇرۇش
ئۇزۇنغا سوزۇلدى ھەم قىيىنلاشتى، سۇلـ
تاندىن ئۇنىڭ لەشكەر ۋە سىپـاھـلىـرى
نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قوشۇـ
نىغا ئوڭۇشسىزلىق يۈزلەنگەن بىر سائەتـ
تە ھەممىسى سۇلتـانـدىـن يـۈز ئۆرۈپ،
تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇزۇلۇپ قېچىـپ، دۈشـ
مەن قېشىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭغا يـاردەم
بەردى. نەتىـجىـدە شۇ قەدەر ئۇلۇغ بىر
پادىشاھ دۈشمەنىنىڭ قولىغا ئەسىـر بولۇپ
چۈشتى. دۈشمىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ
جېنىغا قەست قىلىـپ، ئۇنـىـڭ قېنىـدىـن
ئۆز قـلـىـچـىـنى يـاقـۇتـتەك قىـزىل
رەڭگە كىرگۈزدى.

ھەرقانـداق بىر پادىشاھتىن خەلقـى
خۇشال بولمىسا، مۇھىم پەيتكە كەلگەنـدە
پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ پايدىـسى بولـ
مايدۇ. پادىشاھ ئەگەر لەشكەر، سىپاھلىرىـ
دىن ئايرىلىپ قالـسا، ئۇ بىر كىـشـىـدۇر.
بىر كىشىنىڭ ئىشى قانچىلىك بولـماقـچى
ئىدى؟! بۇ خۇددى گۈل گۈلىـستـانـدىـن
ئايرىلسا قۇرۇپ قالغاندەك ئىشتـۇر. «بەـ
دەنسىز يۈرەك بىر لوقما گۆش» دېـگـەن
گەپ بار. سىپاھ بىلەن شاھ بەدەن بىلەن
يۈرەككە ئوخشايدۇ. شۇڭا پادىشاھ بـىـلەن
لەشكەر ئاشىق ـ مەشۇقتەك بولۇشى كېرەك.
شۇنداق بولغاندىلا ھەممە ئىشتا بىر ـ بىرىـ
گە ماسلىشالايدۇ. جاھـان ئالـماق ئاسان
ئىش ئەمەس، لېكىـن ئۆزئارا ئىتتىپـاق
بولسا قىيىن ئىشمۇ ئەمەس.

**ھېكمەت. ئىسكەنـدەرنىڭ: «پـاراسـەت ئىگىلىرى ئـەقـىـل يـۈرگـۈزۈش بـىـلـەن ئىـش**
**قـىـزىنـىـڭ يـۈزىـدىن نىقابىنى ئاچقانـدىـن كـېـيىن، نېمىشقـا ئـۇنـىـڭ ۋىسـالىدىـن**
**بەھرىمەن بولۇپ، مۇرادىنى هاسىـل قىلالمـايـدۇ» دېـگەن ھـەزمۇندىكى سوئالى**
**ۋە ئەرەستۇنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى.**

ئىسكەندەر ئەرەستـۇدىن مـۇنـداق
سوئال سورىدى:

ـــ ئەي دانىشمەن ھېكىم، ھەرقانداق
ئادەمگە ئۆزىنىڭ خۇي پەيلـىـدىن پايدا
ياكى زىيان يېتىـدۇ. ئەقـىل ـ ئىـدراك
بىلەن بىر ئىشقا نەزەر سېلىـپ، ئۇنـىـڭ
نەتىجىسىنى كۆزەتسەك، تەمە قىلىش خارـ
لىقنىڭ سەۋەبىدۇر؛ قانائەت قىلىش ئىززەت
ۋە شاراپەت تېپىشنىـڭ نىـشـانىسىدۇر.
شاھلارمۇ ئۆز ئىشلىرىنىڭ توغـرا، ساغـلام
بولۇشىغا دىققەت قـىـلسا، مۇشۇ ئارقىلىق
ئەلنى رازى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالسا، ئەلـ
ۋەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۇلار ھـەمـىـشـە
ئۆزلىرىنىڭ ئىجاتلىقىنى ئەلنىڭ رىزالىقى
ۋە دۇئاسىدىن تاپـىدۇ، شۇنـداق تۇرۇقـ
لـۇق، ئۇلار نـېـمـە ئۈچـۈن يـاخـشى
ئىشلارنى تـاشـلاپ، يـامان ئـىـشـلارنى
قىلىپ، ئەلگە جەبىر ـ زۇلۇملارنى سالىدۇ؟
ئۆزىنىڭ شان شەۋكىتى ۋە شاھلىق سەلـ
تەنىتىگە شىكەستە يەتكۈزىدىغان ۋە ئۆزـ
لىرىگـە مەغلـۇبىيەت، خـارۇ ـ زارلـىـق
ئېلىپ كېلىدىـغان بۇنىداق ئىشنى ئۇلار
زادى نېمە ئۈچۈن قىلىدۇ؟

ئۇ دانا پەيلاسوپ ئىنچىكە پىكىر يۈرـ

گۇزۇش ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارـ
قىلىق مۇنداق جاۋاب بەردى:
ــ بۇ مەسىلىگە ناھايىتى نازۇك مەـ
نىلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەت
دەرياسىنىڭ غەۋۋاسلىرى بۇنىڭغا نەچچە
خىل جاۋاب بېرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەقىلـ
ئىدراكىنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ، ياخـ
شى ئىشلار بىلەن يامان قىلىقلارنى پەرق
ئېتىپ، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت
باغلايدۇ ۋە بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق
كۆرسىتىش ئارقىلىق مەنپەئەت تاپىدۇ،
ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز ۋە ئۇلۇغۋار مەرتىـ
ۋىگە ئېرىشىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش نەپـ
سانىيەتكە ناھايىتى قىيىن كېلىدۇ. چۈنـ
كى پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ نەپسانىيىتى
ئاسان ۋە راھەت ئىشقا خۇشتار كېلىدۇ.
كىشى ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ مۇرادىنىلا
ھاسىل قىلسا، چوقۇم باشقىلارغا زىيان
سېلىپ، ئۇلارنى مۇراد ۋە مەنپەئەتتىن
مەھرۇم قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە
شۇنداق خۇسۇسىيەت باركى، ئۇلار پايدىلىق
ياخشى ئىشلارنى كۆرسە يامان دەپ قارـ
مايدۇ. لېكىن ئۇنى قىلىشنى خالىمايدۇ.
ياخشى ئىشلارنى قىلىش تەبىئىتىگە
خۇشياقمايدۇ. نەتىجىدە يامان ئىشلارغا
مايىل بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئادەتمۇ
تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.
بەزى كىشىلەرنىڭ بەخت ـ تەلىيى يار
بېرىپ، ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بوـ
لىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ
ئىش باشلىغاچقا مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ.
مەسىلەن، بىر كاتىپ بىرەر كىتابىنى كۆـ
چۈرۈپ چىقماقچى بولغان بولسا، ئۇ كاتىپ
گەرچە ناھايىتى نەپىس خەتتات بولۇپ
يۈزلەرچە ئىقبالغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ
بۇ مەزگىلدە ئەتارىد① يامان ئەھۋالدا
بولسا، ئۇ كاتىپ كىتابقا ھەرقانچە تىرىشـ
چانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ تاماملىيالـ
مايدۇ. ئالىملار ياخشى ـ يامان ئىشلارنى
يۈكرىدىغانىدەك ئۈچ خىل ئامىلغا باغلاپ
چۈشەندۈرىدۇ، بىراق ھەقىقەت ئىگىلىرى
بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەيلى مەسچىت
ئەھلى بولسۇن ياكى ئاتەشخانا ئەھلى
بولسۇن، ئەزەلدە ئېرىشكەن قىسمىتىنى قانـ
چە پېكىر ۋە تەدبىر قىلغان بىلەن ئۆزـ
گەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ خاھىشى ياخشى
ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت قىلىنغان بولسىمۇ،
لېكىن قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.
چۈنكى تەڭرىنىڭ خاھىشى ئۇ ئىشتا بولـ
مىغاندۇر. بىر كىشى ئەگەر تەدبىر بىلەن
بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا
ئۇنىڭ تەدبىرى تەقدىرگە ماس كەلگەنلىكى
ئۈچۈندۇر. ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇنىمۇ
تەدبىردىن ئەمەس، تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن
دەپ قارايدۇ. تەقدىر بىلەن تەدبىرنىڭ
ماس كېلىشىنى ھەقىقەت ئەھلى «تەۋـ
پىق (مۇۋەپپەقىيەت) تاپقانلىقى» دەپ قاـ
رايدۇ. ئەي بۈيۈك پادىشاھ، بۇ دەۋردە
سەن مۇۋەپپەقىيەت تاپقۇچىسەن. ئۇلۇغ
تەڭرى بۇ مۇۋەپپەقىيىتىڭنى تېخىمۇ زىـ
يادە قىلسۇن.
دانا ھېكىم ئەرەستۇ يۇقىرىقى ھېكمەتـ
لەرنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن
شاھنىڭ دىلى تېخىمۇ روشەنلەشتى، كۆڭـ
لىدە يەنە بىر ھېكمەت خەزىنىسى ھاسىل
بولدى.

①ئەتـارىد ــ ئـاتـارۇد (مـىركۇرىي) سەييارىسى. رىۋايەتلەردە بۇ يۇلتۇز يازغۇچىلارنىڭ
ھـامىيسى دەپ قارىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىسكەندەرنىڭ دارا مەملىكىتىگە ھۆكۈمران بولۇپ خەزىنە ـ دەپىنىلەرنى قۇياش
نۇرىدەك ۋە بۇلۇت يامغۇرىدەك چاچقانلىقى، لەشكەر ۋە خەلقىنى بۇ خەير ـ
ئېھسانلاردىن شادىمان قىلغانلىقى، ئاندىن ئالەم مەملىكەتلىرىنىڭ شاھلىرىنى چاقىر ـ
تىشقا ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ پەرمانغا
ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كەشمىر شاھىنىڭ نامۇۋاپىق ئەپسۇن ـ
لارنى ئوقۇغانلىقى، ھىندى شاھىنىڭ تەتۈر جاۋاب بەرگەن ـ
لىكى، چىن خاقانىنىڭ سۆز تۈگۈنلىرى بىلەن ئىسكەندەر ـ
نىڭ قوشۇنىنى تۈرگەنلىكى

بۇ زەپەرنامىنى يازغۇچى كىشى
مۇنداق ھېكايىنى بايان قىلدۇ:
ئەلقىسسە، دارانىڭ ۋاپاتى ئاشكارا
بولغاندىن كېيىن، ئىتائەت قىلدىغان لەش ـ
كەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ
بولۇپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا باش
قويدى. يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن لەش ـ
كەرلەر ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشقا باشلىدى.
مەشرىق زېمىنىنىڭ سۇلتانلىرى، خارەزم،
ھىندىستان ۋە چىن مەملىكىتىدىن كەل ـ
گەن لەشكەرۇ سىپاھلار شۇ كۈنلا قېچىپ
ئۆز مەملىكەتلىرىگە يەتمىگىچە توختىمىدى.
ئىسكەندەر غەلىبە ۋە نۇسرەتكە مۇ ـ
يەسسەر بولدى. ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتى
تېخىمۇ ئۆستى. ئاندىن ئۇ بۈيۈك تەخت
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دارانىڭ ۋەسىيەت
ئىشلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى. ئالدى
بىلەن شاھ داراغا لايىقىدا ماتەم تۇتۇپ،
ئىززەت ـ ئىكراملارنى ۋە شاھانە قائىدە ـ
يوسۇنلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپ دەپنە
قىلدى. ئۇنىڭ ھالىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئەھ ـ
ۋالىغا قايغۇرۇپ زار ـ زار يىغلىدى،
چۈنكى ئەمدى ئۇنىڭ زىممىسىگە ناھايىتى
چوڭ ئىش يۈكلەنگەنىدى. دارانىڭ دەپنە
ئىشىدىن قولى بوشىغاندىن كېيىن، دارانى
ئۆلتۈرگەن ئىككى قاتىلنى سوراق قىلدى.
ئاندىن ئىككى تۆۋرۈكنى يەرگە كۆمۈپ
دار تەييار قىلدى. ئۇ ئىككى قاتىلنىڭ
بېشىنى تۆۋەن قىلىپ دارغا ئاستى. ئان ـ
دىن ئۇنىڭغا ئوق ياغدۇرۇشقا پەرمان قىل ـ
دى. «ھەركىم يولىدىن ئېزىپ، ئۆز پا ـ
دىشاھىغا خائىنلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى
مۇشۇ!» دەپ جار سالدۇردى. بۇ ئىككى
خىيانەتكارنىڭ جېنى جەھەننەمگە سەپەر
قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تېنىنى كۆي ـ
دۈرۈپ، كۈلىنى ئاسمانغا سورۇدى. دارا ـ
نىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان يېقىن ـ يورۇقلىرىنى
چاقىرتىپ، ئۇلارغا كەڭچىلىك ۋە مەرھەمەت
بىلەن ئامانلىق بەردى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ـ
دىن ۋەھىمە ۋە قورقۇنچلارنى يوق قىلدى،
ئۇلارغا دارا قانداق ئىززەت ۋە ئېھتى ـ
راملار قىلغان بولسا، ئىسكەندەرمۇ شۇ
دەرىجىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەت، لۇتىپ
ۋە مەرھەمەت قىلدى. يەنە يارامىلىق
ۋە ئاقىل كىشىلەردىن بىر نەچچەيلەننى
تەيىنلەپ، قولىغا مەكتۇپ تۇتقۇزۇپ،
رەۋشەنەكنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپتا
نۇرغۇن پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەر بايان
قىلىنغان بولۇپ، مۇنۇ مەزمۇندا ئىدى:
«تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش بەخت
سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كۆپ قايغۇرۇپ
ناله ـ زار قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، بۇ جا ـ
ھان بېغىدىن بىر گۈل خىپچىسى زايا
بولدى. ئەمما شۇنى ئۇمىد قىلىمىزكى،

بۇنىڭلىق بىلەن باشقا ئېچىلمىغان غۇنچىلارـ
غا بەرھەم يەتمىسۇن. گۈل توزۇغان بولـ
سىمۇ، غۇنچە ياشناپ، كامال تاپسۇن.
گەرچە سەدەپنىڭ كۆكسى يېرىلغان بولسىـ
مۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چىققان گۆھەر شەـ
رەپلىك تاجنىڭ ئۈستىدە ئورۇن ئالسۇن،
ئۇ يەردىكى پەزىلەت ئىگىلىرى مېنىڭ
ئىنتام ۋە ئېھسانىمغا سازاۋەر بولغۇسىدۇر،
ئۇلار رەۋشەنەك نامىلىق بۇ سەرۋى بويلۇق
پەرىزاتنى مېنىڭ ھەرەمخانەمگە ئەۋەتسۇن.
ئۇ گۈل يۈزلۈك قۇياش مېنىڭ پەلەكتەك
قەسرىمنى يورۇتسۇن.» خەتتە بۇ سۆزلەرـ
دىن باشقا يەنە دارانىڭ ۋەسىيەتلىرى
تولۇق بايان قىلىنغانىدى.

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ھاكىـ
مىيەت ئىشى بىلەن بولدى. دارانىڭ يىغـ
قان مەخپىي ۋە ئاشكارا خەزىنىلىرىنىڭ
ھەممىسىنى تاپتى. ئەفرىدۇن زامانىدىن
باشلاپ يىغىلغان، شاھتىن شاھقا ئۆتۈپ
كەيقۇباد زامانىغىچە يېتىپ كەلگەن بۇ
مال ـ مۈلۈك ۋە خەزىنىلەر ئەۋلادتىن ئەۋـ
لادقا مىراس بولۇپ قالغان، بەزىسىنىڭ دەۋـ
رىدە خەزىنىلەر تولۇپ تېشىپ، يەنە بەـ
زىسىنىڭ دەۋرىگە كەلگەن چاغدا يېرىملىشىپ
شۇ تەرىقىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلـ
گەنىدى. ئۇلار دارانىڭ سەلتەنىتى
ئاخىرلاشقىچە بولغان 1314 يىللىق مەزگىل
ئىچىدە ئالەمپاناھ، بەلكى ئالەم ئەھلىگە
پادىشاھ بولۇپ، ھېسابسىز دەپى ـ دۇنيانى
يىغقانىدى. قادىر تەڭرى بۇلارنىڭ ھەمـ
مىسىنى ئىسكەندەرگە نېسىۋە قىلدى. داراـ
نىڭ قورغان سوقتۇرۇپ ساقلاۋاتقان خەزىـ
نىلىرى 180 قورغانغا جەملەنگەنىدى. بۇ
خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسى ساپلا ئالتۇنـ
كۈمۈش، لەئلى، جاۋاھىرلاردىن ئىبارەت ئىدى،

دارانىڭ خەزىنىچىلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلىپ،
ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىپ،
قورغان ۋە خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچىنى تاپـ
شۇردى، ئىسكەندەر ناھايىتى جىددىي
تەپتىش قىلىپ، خەزىنىچىلەر بىلەن قورـ
غان ۋە خەزىنىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆپلىگەن ئىنئام ۋە
مەرھەمەتلەر ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، ئۈمىدـ
لەندۈردى. قايسى قورغاننىڭ خەزىنىچىسى
كېلىپ، ئەھۋال مەلۇم قىلىپ، ئاچقۇچىنى
تاپشۇرسا، ئۇ قورغاندىكى خەزىنىلەرنى
باشقۇرۇشنى يەنە شۇ كىشىگە ھاۋالە قىلـ
دى. بىراق ئالدى بىلەن كاتىپلارغا پەرمان
قىلىپ، خەزىنىلەرنىڭ ھېسابىنى نەقلەشتۈـ
رۈپ توغرىلاپ، دەپتەرگە ئېلىشنى ئۇقـ
تۇردى. كاتىپلار دارانىڭ دىۋان بەگلىرىـ
دىن خەزىنىلەر خاتىرىلەنگەن
دەپتەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىپ، جەمـ
لەنگەن خەزىنىلەرنىڭ سانىنى تاپتى.
ئاندىن خەزىنىدارلار بىلەن ھېسابلاشتى،
قايسىسىنىڭ ھېسابى توغرا بولسا، خاتىرىـ
لەپ، دەپتەرگە ئالدى. ئاندىن «تەگدى»
دېگەن خەتنى يېزىپ، ھېسابىنى
تۈگەللىدى. ئەگەر قايسى بىرىنىڭ ھېساـ
بى توغرا چىقمىسا كاتىپلار شىددەت بىلەن
تەكشۈرۈپ، تاپتۇرغاندىن كېيىن، ھېسابقا
ئالدى. ئاندىن ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە
مەلۇم قىلدى. شۇندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ
كۆڭلى تىنچ ۋە خاتىرجەم بولدى. بۇ ئىشلار
بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر
دارانىڭ خەزىنىلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا
يۆتكەشكە پەرمان قىلدى، بۇ
پەرمانغا بىنائەن توپ ـ توپ
خالايىقلار بېرىپ بۇ خەزىنىلەرنى ئىسكەنـ
دەرنىڭ ئوردىسىغا توشۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەزىنە توشۇغۇچىلار خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك، دەرياغا كەلگەن سەلدەك يۆتكەلمەكتە ئىدى. بۇ كارۋانلار كەلكۈنى دارادىن قالغان خەزىنىلەرنى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئىككى يىلغىچە تىنىم تاپماستىن يۆتكىدى. كاتىپلار ھىسابلاپ مەلۇم قىلىشىچە، ئىككى يىلغىچە بۇ خەزىنىلەرنىڭ يېرىمىمۇ تۈگىمەپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن قالغان خەزىنىلەرنىڭ سانى ئېلىنىپ، خەزىنىدارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى ـ دە، خەزىنە ئىشىكلىرى تاقالدى. باش كاتىپلار پەرمان بويىچە ھېساباتنى مەلۇم قىلدى. يۆتكەلگەن خەزىنە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ سانى 700 مىڭ تۈمەندىن ئاشقانىدى.

ئىسكەندەرنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىغا ئاساسەن، دارانىڭ سىپاھلىرى ۋە سەردارلىرى ئىچىدىكى مويسىپىت كىشىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، دارانىڭ دىۋانىدا ھەر بىر ئەسكەرگە ۋە سەردارغا بېكىتىلگەن مائاش دەرىجىسى ۋە ئالىدىغان ئاقچا سانىنى سورىدى. بۇ لەشكەرلەر ئىسكەندەر ئالدىدا ناھايىتى تۆۋەنچىلىك ۋە قورقۇنچ بىلەن ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېكىتىلگەن ئايلىق مائاشىنىڭ پەقەت يېرىمىلا قولىغا تېگىدىغانلىقى، قالغان قىسمىنىڭ زۇلۇم ۋە مۇشەققەت بىلەن قاقتى ـ سوقتىغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، پادىشاھ ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ:

ـــ ئەگەر دارا ئۆزى بېكىتكەن مائاشىنىڭ يېرىمىنى بەرگەن بولسا، بىزنىڭ قائىدىمىز ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. پۈتكۈل لەشكەرلەرگە دارانىڭ بېكىتكەن مائاشىدىن ئىككى باراۋەر ئاشۇرۇپ ئايلىق تارقىتىلسۇن. بۇ ئارقىلىق لەشكەر ۋە سىپاھلارنىڭ بېشىدىن قېيىنچىلىق يوقالسۇن، ـــ دەپ پەرمان چۈشۈردى.

دارانىڭ دىۋانىدىن مائاش ئالىدىغان تۆت يۈز مىڭ قوشۇنى ۋە ئىككى يۈز مىڭ مەمۇرىي خادىمى بار ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئالتە يۈز مىڭ كىشىگە ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئايلىق بەردى. لەشكەرلەرنىڭ مائاشى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇلغان بولسا، پۇقرالارنىڭ زىممىسىدىن ئەسلىدە بار ئالۋان ـ ياساق ۋە باج ـ خىراجىنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، يېرىمىنى ئېلىشنى تەيىنلىدى. بۇ ئىشتىن لەشكەرلەر شاد، پۇقرالار خۇشال ۋە باياشات، يۇرتلار ئاۋات بولدى. خەزىنىلەردىن بىر قىسمىنى سىپاھلار ۋە پۇقرالارنىڭ ئالدىغا تۆكتى، قېيىن ئەھۋالدا قالغانلارنى قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى گۇرۇھتىن قېيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەر يىراقلاشتى. شۇندىن كېيىن بۇ جاھان شاھى ئىسكەندەر مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

ـــ خەزىنە يىغىش ماڭا مۇناسىپ ئىش ئەمەس. لەشكەرلىرىم ۋە خەلقىم مەندىن رازى بولسا، خۇشال بولسا، ماڭا كۇپايە. ئەگەر خەزىنىلەرنى تاغ ـ دەريالاردىن، كانلاردىن، بەلكى بۇ جاھاندىن ئاشۇرۇپ توپلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئەلگە مەنپەئەت يەتمىسە، بۇنداق خەزىنىلەرنىڭ تاش ۋە تۇپراقتىن نېمە پەرقى بولسۇن. نەزمە:

ئەگەر نەپئىدىن بولسە مەخزەن يىراق
دۇرۇ لەئلىدىن خارە كۆپ ياخشىراق.
كىم ئول خارە بىر تاش ئېرۇر بىزەرەر،
ۋەلې كەنجىدىن ئەلگەدۇر يۈز خەتەر.
كىشىنىڭكى بىنەفئ ئېرۇر مەخزەنى،

جاھان ئەھلىدۇر سەربەسەر دۇشمەنى.

ھەرقانداق پادىشاھنىڭ يۇرتى بىلەن لەشكىرى ئاۋات ھەم باياشات بولسا، جاھاننى ئاسانلا ئۆز ئىلكىگە ئالالايدۇ. دېمەك، ئىسكەندەر بۇ دەسمايىگە ئېرىشتى. ئۇ پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئۈستىگە لۈتپۇ - مەرھەمەت سايىسىنى سېلىپ، ئىران خەلقىنى ئۆزىدىن تامامەن رازى قىلدى. ئاندىن جاھان ئاچماقنىڭ تەييارلىقلىرىغا تۇتۇش قىلدى. ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەرنى، ئالىملارنى تاللاپ چىقتى. بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى تۆرلۈك پەنلەردىن خەۋەردار بولغان، دانىشمەنلىكتە كامالەتكە يەتكەن جاھان پەيلاسوپلىرىدىن ئىدى. ئۇلار تۇتۇق سەنئىتىدە قىلىنى قىرىققا يارىدىغان، تىل تىغىنى ئىشقا سالسا، شەمشەرۋازلارنى ھايالسىز مۇرەسسەب - ماتدارازاغا كەلتۈرەلەيدىغان، سۆز - ھېكمەتلەرنى بايان قىلىشقا باشلىسا، تۈرۈش خۇمارلارنىڭ يۈزىنىڭ پىغىنىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ناتىقلاردىن ئىدى. دانىشمەن پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ ھەر بىرىنى بىر مەملىكەتكە ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ساقلاب شەھىرىگە، بىرى ھىندىستانغا، بىرى چىن شەھىرىگە، يەنە بىرى بەيتۇل - ھەرەمگە، يەنە بىرى كەشمىرگە، يەنە بىرى مىسىر ۋە باغدادقا بېرىشقا تەيىنلەندى. ھەر بىرىنىڭ قولىغا بىردىن مەكتۇپ تۇتقۇزۇلدى. ھەربىر مەكتۇپلاردا چىرايلىق سۆزلەر ۋە كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان مەزمۇنلار قەيت قىلىنغانىدى. بۇ مەزمۇنلار مۇنداق بايان قىلىنغانىدى:

«بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئۇنىڭ زاتى بىلەن پەلەكلەر تۆۋرۈكسىز، تىك ۋە پاك ھالەتتىدۇر. ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىشتا قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تىلى كېكەچتۇر. ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى شۇ قەدەر چەكسىزدۇركى، باشلىنىشى يوقتۇر. ئۇنىڭ ئەبەدىيلىكى شۇ قەدەر ئۇزۇندۇركى، ئاخىرى يوقتۇر. پەقىرلەرنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن خەۋەرداردۇر. ئۇ بارلىق شاھىنشاھلارنىڭ شاھىنشاھىدۇركى، دەۋرانىنىڭ دارالىرى ئۇنىڭ ئالىي دەرگاھىنىڭ پەرمانىغا مەھكۇمدۇر. ئۇ شاھلارنى سەلتەنەت مەيدانىدىن ئايرىسا، رەت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق، گادايلارنى پادىشاھ قىلسا، قوبۇل قىلماسلىققا ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يوقتۇر. خوش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە شۇكى، بارلىق پادىشاھلار قازاغا رازى بولغانلىقىنى ئىزھار قىلغاي. مېنى «ئىسكەندەر» دەپ ئاتىشىدۇ. يەتتە ئىقلىمنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرۇش مېنىڭ سۈپىتىم ۋە خۇسۇسىيىتىمدۇر. سېنى «خاقانى چىن» دېيىشىدۇ. تۇران زېمىنى سېنىڭ مەملىكىتىڭ، تۇرانىيلار بولسا، سېنىڭ لەشكەر ۋە پالۋانلىرىڭدۇر. سەن شۇنى بىلگىنكى، بۇ ئالەمدىكى بار - يوق مەۋجۇداتلارنى تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن سىرت بىرەرسى تەدبىر ئىشلىتىپ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. تەڭرى گادايلارغا تاجۇ تەخت بېرىپ ئۇلۇغۋار قىلالايدۇ. پادىشاھلارنى گاداي قىلىشمۇ ئۇنىڭ قۇدرىتىدۇر. شۇڭا بارلىق پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۈنلىرىنى ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن دەپ بىلىپ قازاغا رىزا بولۇشى، پۈتكۈل گادايلارمۇ ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە قانائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىشى لازىم. ئۇنىڭ ھەرقانداق

www.uyghurkitap.com



پەرمانى ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭغا ئىتىراز
بىلدۈرۈش ھېچكىمنىڭ ھەددى ۋە ھوقۇ-
قى ئەمەس. ھازىر تەڭرىنىڭ ھۆكمى
بىلەن ماڭا جاھاننىڭ ھەممىسى تەقسىم قى-
لىندى. شۇڭا بۇ ئىشلىرىمدا تەڭرى ماڭا
ئۆزى مەدەتكار بولماقتا. بۇنداق قىلىش مېنىڭ
ئىختىيارىم ئەمەس، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى-
دۇر. دەسلىپىدىلا ماڭا ئىقبال يۈزلىنىپ،
ئىلىم - مەرىپەت ئاتا قىلدى. ئاتام رۇم
مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئاتام ئا-
لەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئور-
نىدا ئەلگە باش بولدۇم. مەن ئىلىم -
ھېكمەتتىن خەۋەردار بولغانلىقىم ئۈچۈن
بېشىمدا شاھ بولۇش ئارزۇسى يوق ئىدى.
تەڭرى ماڭا بۇ ئىشلارنى ئەزەلدە نېسىۋە
قىلغان بولغاچقا، مېنى ئىختىيارىمغا قوي-
مىدى. بۇ ئىشقا قوشۇلمىسام خەلقىمۇ
ماقۇل كەلمىدى. ئەمرى ئىلاھىنىڭ ئىل-
ھامىدىن ھەممە ئىشقا قورقماي قول سال-
دىم. ئالدى بىلەن ماجىرا تېرىۋېرىپ، زەڭ-
گىبار خەلقىنىڭ كۆڭلىنى قارا قىلدىم.
ئاندىن جەڭ دۇمباقلىرىنى چالغان ھالدا
يۈرۈش قىلىپ، بەرتاس ۋە رۇس ئېلىنى
ھۆكمىمگە كىرگۈزۈپ ۋە تۇختىماستىن
بىرىپ پەرەڭ دىيارلىرىنى ئالدىم. يەنە
كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق دارانىڭ
ئېلىنى قولۇمغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ يۈك-
سەكلىككە ئېرىشتىم. بۇلارنى ماڭا تەڭرى
ئاتا قىلدى. بەخت - تەلەي ماڭا يۈز
ئاچتى. قايا قتا يۈرۈش قىلىپ، جەڭ ئىش-
لىرىنى باشلىسام، شۇ يەردىكىلەرنىڭ چاڭ-
توزانلىرىنى ئاسمانغا چىقاردىم. بۈگۈن
ئىران مەملىكىتى ماڭا تەۋە بولدى. ھەم-
مە شاھلار پەرمانىمدا بولدى. دادانى
شاھلار شاھى بىلىپ، ئۇنىڭ ھۆك-

مىگە ئىتائەت قىلغان گۇرۇھلارنىڭ ھەم-
مىسى كېلىپ، دەرگاھىمغا باش قويۇپ،
ماڭا قول بولۇشنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارغا
ھەددى ھېسابسىز ئىنئام، ئېھسانلارنى كۆر-
سىتىپ، ئەل ئىچىدە ئەزىز ۋە مۆتىۋەر
قىلدىم. ساڭىمۇ ئەگەر بەخت - تەلەيىڭ
مەدەت بېرىدىغان بولسا، ئورنىڭدىن تۇرۇپ،
پەلەك سۈپەت ئاستانەمگە كەلگىن. قانداق
پەرمان قىلسام، سۆزلىرىمنى
ئۇلۇغ دەپ بىلگىن. بوسۇغامدا
باش قويۇپ، ئايىغىمنى سۆيگىن. ساڭا ۋە
بارلىق تاۋابىئاتىڭغا ئىنئام - ئېھسان
قىلىپ، مۇرەسسە - مادارا بىلەن لايىقىڭدا
ئىززىتىڭنى قىلىمەن. سېنى شاھلىق ئىچىدە
ئۇلۇغۋارلىقتا سازاۋەر قىلىپ، مەرھەمەت-
لەر بىلەن ئەزىزلەيمەن. مۆھۈرلۈك خەت
بىلەن پۈتۈن ئېلىڭنى ساڭا بىردەك تەۋە
قىلىپ بېرىمەن. دۈشمەنلىرىڭگە دۈشمەن
بولۇپ، سېنى بۇ دەۋرانىڭ ئاپەتلىرىدىن
قوغدايمەن. ئەگەر سەن بىر زۆرۈرىيەت
ياكى سەۋەب بىلەن كېلەلمەيدىغان، ئاس-
تانەمىزنى تاۋاپ قىلىشقا ئىلاجىسىز بولۇپ
قالغان بولساڭ، مۇۋاپىق ئۆزرىخاھلىقىڭنى
بىلدۈرۈپ، ئوغلۇڭ بىلەن ئىنىڭنى ئەۋەت-
كىن. بۇ ئىككىسىنى ئەۋەتەلمىسەڭ، بىر-
سىنى ئەۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. ئەۋەتكەن ئا-
دىمىڭ دانا ۋە ھوشيار كىشى بولسۇن.
ئۇ سېنىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلىڭ سۈپى-
تىدە سوۋغا - سالام ۋە پېشكەشلىرىڭنى ئې-
لىپ كېلىپ، مېنىڭ دەرگاھىمدا قۇللار-
دەك يەر ئۆپۈپ، سېنىڭ قۇللۇقۇڭنى
ئىزھار قىلسۇن، سېنىڭ ئۆزرەڭنى ۋە مەقسەت
مۇددىئايىڭنى بايان قىلسۇن، ھەر قانداق
مۇرادىڭ بولسا، ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، سېنى
ئارزۇيۇڭغا قاندۇرىمەن. ئەگەر ئىتائەت

قىلماي، جاھىللارچە يول تۇتۇپ، ھۆش-
مەنلىك ۋە گۇناھكارلىقنى ئىختىيار قىل-
ساڭ، ئۇ ھالدا بېشىڭغا بۇ تەتۈر پەلەك-
تىن نېمە كۈن كەلسە، ئۇنى ئۆزۈڭدىن
كۆرگىن. ساڭا قولۇمدىن نېمە كەلسە،
مەندىن ئاغرىنما، مېنىڭدىن مېھرىبانلىق ۋە
مۇرەسسە مادارا كۈزلىمە. قالغان سۆز-
لەرنى ئەلچى بايان قىلىدۇ، شۇندىن بى-
لەرسەن، نامە تامام، ۋەسسالام.»

يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى خەتلەر
ھەربىر ئەلچىنىڭ قولىغا بىردىن تۇتقۇ-
زۇلدى. ئۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۇستا
سۆزمەن ۋە دانىشمەنلەردىن بولۇپلا قال-
ماي، يەنە ماھىر كارۋانلاردىن ئىدى. ئۇ-
لار ھەممىسى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا
يۈرۈش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشتى.
ھەربىر پادىشاھ بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن،
ئەلچىلەرگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئالا-
ھىدە ئىززەت - ئىكراملارنى قىلىپ، ئۇلار-
نىڭ كۆڭۈللىرىنى شاد قىلدى. مەكتۇپ-
لارنى قوللىرىدىن ئىھتىرام بىلەن ئېلىپ،
كۆزلىرىگە سۈرتتى. ئاندىن مەكتۇپنى
ئوقۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى. لايىق
سوۋغا - سالام ۋە پېشكەشلەرنى تەييارلاپ،
باشقا ئېھتىياج ۋە شەرتلەرنىمۇ ئورۇنداپ،
قاسىدلار بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، ئىس-
كەندەر ھۇزۇرىغا بېرىشتى. ئەمما، ئۈچ
پادىشاھ يولدىن ئېزىپ ئىسكەندەرگە ئىتا-
ئەت قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلارنىڭ
ھەربىرى ھەر قىسما سۆزلەر بىلەن ئىس-
كەندەرنىڭ پەرمانىنى رەت قىلدى.

ئۇ ئۈچ پادىشاھتىن بىرى كەشمىر
شاھى مەلىلۇ ئىبنى ھەباك ئىدى. ئۇ
قورقماستىن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئىسكەندەر گەرچە ئالەمنىڭ شا-
ھى بولغان بولسىمۇ، لېكىن، مېنىڭ مەم-
لىكىتىم ئالەمدە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىز-
دۇر. تەگرى ماڭا ئۈچ ئارتۇقچىلىقنى
نېسىپ قىپتۇ. بۇ ئۈچتىن بىرى شۇكى،
بۇ شەھەر ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە پۇختا،
ئۇنىڭ ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ.
تاغلار ئىنتايىن ئېگىز، سېپىللىرىمۇ ناھا-
يىتى ئېگىز ۋە پۇختا. سېپىل چۆرىسىگە
قانال قېزىلىپ سۇ تۇشقۇزۇلغان. ئىككىن-
چىسى، ئەگەر پەلەكتىن بالا - قازا ياغسا،
ھەر بىرى بىر ئەفسۇن بىلەنلا بىر يۇم-
ران كۆچۈكنى بىر ياۋايى شىردەك قىلىپ
ياساپ، جاھان خەلقىگە كۈچ ۋە ھەيۋەت،
ھەشەمەت كۆرسىتەلەيدىغان ماھىر جادۇ-
گەرلىرىم بار. ئەگەر ئىسكەندەر ئالەم خەل-
قىنى يىغقان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ ئادەملى-
رىم سېھرىي - جادۇ ئارقىلىق ئاپەت بوران-
لىرىنى پەيدا قىلىپ، شۇنداق قوزغىلاڭ
پەيدا قىلىدۇكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەر-
لىرى قارا بوراندا قالغان سامانىدەك سورۇ-
لۇپ، يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ. ئۈچىنچى-
چىسى شۇكى، ئەگەر ئىسكەندەر دۈش-
مەنلىك قىلىپ، شىددەت بىلەن دىيارىمغا
بېسىپ كىرىپ، غەلىبە قىلغان تەقدىر-
دىمۇ، بۇ يەردىن سالامەت چىقىپ كېتەل-
مەيدۇ. چۈنكى شەھىرىمدىكى ئېگىز تاغ-
نىڭ تۆپىسىدە بىر قەلئە بار، ئۇ قەلئەنىڭ
سېپىللىرىنى قەدىمدە ياشىغان ئىلىم -
ھېكمەت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي مىستىن
ياساپ چىققان ۋە تىلسىم بىلەن بەرپا
قىلغان. شەھىرىم ئىچىدىن تاكى شۇ قەل-
ئە ئىچىگىچە لەخمە ئارقىلىق ياسالغان يەر
ئاستى يول بار. شۇ يول بىلەن مېڭىپ
قۇيۇندەك تېزلىكتە ئاشۇ قورغان ئىچىگە
كىرىۋالغىلى بولىدۇ. قورغانغا كىرىپ بول-

غانـدىن كـېـيىن ئـۇ لەخمىنىڭ ئىغزىنى
مەھكەم ئېتىۋېتىپ، ئىككىنچى قېتىم زادى
ئاچمىسا، شەھـەر ئوتتەك قىزىپ كېتىدۇ.
هارارەت ئىچىدە بارلىق جانلىقلار هـالاك
بولىدۇ. شەھەردە شامال توختاپ، بۇرۇخـ
تۇملۇق ئەۋجىگە چـىقىدۇ. هـەر قانداق
جان ئىگىسـى بۇ خىل هـالەتكـە تـاقەت
قىلالمايـدۇ. شامـال يـوقالغانـدىن كېيىن
شەھەردە ئۆلۈم يوقىلىدۇ، دېمەك هاجەت
ئەمـەسكى، ئوت بولمىسا، ئادەم يېمەك ـ
ئىچمەكنى قانداق تەييار قىلىدۇ؟ بۇنداق
ئەھۋال ئاستىدا هـەممـە كىشى هـالاك
بولۇشقا ۋە ياكى زۆرۈرىيـەت يـۈزىسىدىن
بۇ شەھەرنى تـاشلاپ چـىقىپ كېتىشكـە
تۇغرا كېلىدۇ.
مەللۇ ئەلچىگە يـۇقىرىقى سـۆزلەرنى
قىلىپ يولغا سالدى.
... پەرمانىنى رەت قىلغـۇچىلارنىڭ يەنە
بىرى هىندىستان پادىشاهـى ئىدى. ئـۇـ
نىڭ ئىسمى شاهى زالي ئىدى. ئۇ ئەلچىـ
لەرگە مۇنداق دېدى:
ـ ئىسكەندەر بولسا ئـۇلۇغ پـادىـ
شاهتۇر، مەن ئۇنىڭ هـۆكمىگـە ئىتـائەت
قىلىمەن. بىراق، دارا ئىسكەندەر تەرەپكـە
يۈزلىنىش قىلغان چاغدا، تەكلىپنامە يېزىپ،
بۇ ئـۇرۇشقا قاتنىشىشقا مېنىمـۇ دەۋەت
قىلغانـىدى. ئـۇنىڭ پـەرمـانىنى تۇتۇپ
يولغا ئاتلاندىم. ئاربىلىق ناهـايىتى يىراق
بولغاچقا ئىككى يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە
خەرج ـ خىراجەتنى خەزىنـەمدىن ئېلىۋالـ
دىم. لەشكەرلەرگە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە
خىراجەت بەردىم. شاھ دارانىڭ بارگاهىغا
يېتىپ بارغىنىمدا، جەڭ ئاللىقاچـان باشـ
لىنىپ بولغانـىكەن. توساتتىنلا ئىسكەنـ
دەرنىڭ بەخت ـ تەلىيـى دارانى پـەملەشـ

تۈرۈپ، ئۇنى ئەجـەل قىلىتىقـىغا ئىلىنـ
دۈردى. ئىسكەندەرنىڭ ئىقبـال ۋە مـەرـ
تىۋىسى كۆكلەرگـە قاراپ ئۆرلىدى. بىزـ
لەرمۇ باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا ۋە تاغـ
لاردىن ئۆتۈپ كەلگەنىدۇق. يىراق يـولـ
لارنى بېسىپ كەلگۈچە نۇرغۇن لەشكـەرلـ
رىمگە تـالاپەت يـېتىپ هـالاك بولدى،
پەلەكتىن بىزلەرگە هەددى ـ هېسابسىز بالا ـ
قازا ۋە زۇلۇم ستەملەر يەتكەنىدى. ساقـ
سالامەت يېتىپ ـ بېرىپ، ئۇرۇشقا قاتنـاشـ
قان لەشكەرلىرىممۇ دەرد ـ ئەلەم ۋە شەرـ
مەندىلىككە مەهكۇم بولدى. ئـۇلار ئۆلـ
گىنى ئۆلـۈپ، ساق قالغانلىرى باشتىن ـ
ئاياغقىچە بەند ۋە باغلاقلارغا چۈشۈپ تۇتـ
قـۇن قىلىندى. گەركىنە ئازادە كىشىلىرىم
هەش ـ پەش دېگۈچە قوللارغا ئايلىنىپ،
شاهزادە ئىسكەندەرنىڭ لەشكـەرلـىرىنىڭ
تىزگىنى ئاستىغا چۈشـۈپ قالدى. مـەن
شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ئاي بايـاۋانلارنى
كېزىپ، هېسابسىز جاپـا ـ مۇشەققەتلەرنى
چېكىپ، ئاران دېگەندە يۇرتۇمـغا تۆزۈمنى
ئالدىم. لەشكەرلىرىم ناهايىتى كۆپ ئاۋالـ
پىسەتلەرگـە ئـۇچـراپ، ئاران ئۇندىن بىر
قىسمىلا قايتىپ كېلەلىدى. بۇ سەۋەبتىن
يـۇرتۇمدا ئاجايىپ بىر ئېغىر ئەھۋال يۈز
بەردى. يۇرت ئەھلىنىڭ هەممىسى مـاتەم
تۇتۇپ، قارىلىق كىيدى. هىندىستان ئەهـ
لىنىڭ رەڭگى ئەسلى قارا ئەمـەس ئىدى،
مۇشۇ قارا قايغـۇ تۈپـەيلـىدىن قارىلىق
تۇتۇپ، هەممەيلەننىڭ رەڭگـى قارا بولۇپ
كەتتى. ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلمايمـەن
دېيىشكە هەددىم ئەمـەس، لېكىن بېشىمغا
بۇنداق ئېغىر كۈلپەت ۋە قايغـۇ ـ مۇسىـ
بەت چۈشـۈپ تۇرغان كـۈنلەردە ئـۇنىڭ
پەرمانىنى ئورۇنداشقا ئۇلاجىسىزمەن. ئـۇـ

نىڭ ھۆكمىنى جان ـ دىلىم بىلەن قوبۇل
قىلىمەن. بىراق، دەرھال ئۇرۇندىمىدى دەپ
مېنىڭ قېنىمنى تۆكۈشنىڭ پېيىغا چۈشمە-
سۇن. بۇگۈندىن باشلاپ، ئىككى ـ ئۈچ يىل-
غىچە تەخىر قىلسۇن. قاچانكى يۇرتۇمغا
تىنچ ـ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك يۈزلەن-
گەندە، ئۇنىڭ بۇيرۇغان نەرسىلىرىنى
كۆچۈمنىڭ بارىچە تەييار قىلىپ، ئۇنى
كۆرۈش ئۈچۈن بارىمەن. ئۇنى
كۆرۈشكە مېنىڭمۇ بەك ھەۋىسىم بار.
ئىككى ـ ئۈچ يىل تاقەت قىلماي مېنى
ھەرەجگە سېلىپ، تەكلىپ قىلىۋەرسە، ئۇ
چاغدا ماڭا ناھايىتى كۆپ ئاۋارىگەرچىـ
لىك ۋە قىيىنچىلىق تېپىپ بېرىدۇ. ئە-
گەر ئىسكەندەر كەچۈرۈملۈك قىلىپ، ئەر-
زىمنى قوبۇل قىلمىسا، تەكرى ئەزەلدە
نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇنى كۆر-
مەن. ئىسكەندەرنىڭ بۇيرۇقى تەقدىرنىڭ
ھۆكمى ئەمەس. ئۇ گەرچە پادىشاھى
مەجازىي بولغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھى
ھەقىقىي ئەمەس. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە
ھۆرمەت قىلىۋاتقان بولغاندىكىن، ئۇمۇ
ئۆزىمنىڭ ئىززىتىمنى ساقلىشى لازىم.

راي يۇقىرىقى جاۋابنى بەرگەندىن
كېيىن، ئەلچىنى ئۇزىتىپ قويدى.

پەرمانغا ئىتائەت قىلمىغانلارنىڭ
يەنە بىرى چىن خاقانى ئىدى. ئۇ ئۆز-
گىچە تەلەپپۇز بىلەن ئەلچىگە مۇنداق
خىتاب قىلدى:

— ئىسكەندەرنىڭ ئەۋەتكەن بۇ
مەكتۇپى زەھەردىن ئاچچىق، قىلىچتىن
ئۆتكۈر تەلەپپۇزدا يېزىلىپتۇ. ئۇ جانابى
ئەلچىلەرگە بۇ خەتنى يېزىپ بېرىۋاتقان
ۋاقتىدا يا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان،
ياكى ئالدىراپ كېتىپ، سۆز ئىبارىلىـ

رىنى ئويلىماي، دەڭسەپ باقمايلا يېزىپ
قويغان ئوخشايدۇ. لەشكىرىم كۆپ، خەلـ
قىم باياشات، ئۇنىڭدىن ھېچبىر قالغۇچىـ
لىكىم يوق. ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بىر
پادىشاھقا بۇنداق تەلەپپۇزدا مەكتۇپ
يېزىش ھېچقانداق رەسىم ـ قائىدىدە كۆ-
رۈلۈپ باقمىغان ئىش. مۇنداق ئەھۋال
كىتابلاردىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئىسكەندەر
خېتىدە ئۆزىنى «ھېكىم ۋە دانىشمەن»
دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، پەخىرلىنىپتۇ.
ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا بولغان بولسا،
بۇنداق سۆزلەرنى دېمىگەن بولاتتى،
چۈنكى بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن مەكتۇپ
يېزىش ئەقلى ـ ھوشى بار كىشىلەرگە زادى
مۇناسىپ ئەمەس. يەنە تېخى «خاقانى چىن
ئالدىمغا كەلسۇن» دەپتۇ. ماڭا بۇنداق
سۆزنى قىلىشقا بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ
پېتىنالمايدۇ. دارامۇ بىرنەچچە ۋاقىت
جاھاندارلىق قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن
ئارىمىزدا دوستلۇق، قوشنىدارچىلىق مۇنا-
سىۋىتى بار ئىدى. بىر ـ بىرىمىزنى ھۆر-
مەتلەپ كەلگەنىدۇق. ئۇ ھېچقاچان ماڭا
قارشىلىق ۋە دۈشمەنلىشىشنى قوز-
غايدىغان بۇنداق تەكلىپنى قويۇپ باق-
مىغانىدى. ئىسكەندەرنىمۇ ئىككىنچى دارا
دەپ بىلىپ، جاھان مۈلكىنىڭ شاھلىرى-
دىن بىرى دەپ قارايمەن. بىراق ئۇ
چىن مەملىكىتىنىڭ باشقا بىر جاھان
ئىكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. شۇڭا ئالدى-
راپ ـ تېنەپلا يېزىپ ئەۋەتكەن بۇ مەك-
تۇپىغا ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەيمەن. ئۇ
گەرچە خېتىنى ناھايىتى قاتتىق ـ يىرىك-
لىك بىلەن يازغان بولسىمۇ، لېكىن مەن
ئۇنداق قىلمايمەن. ئەگەر ئۇ دارادەك
قائىدە ـ يوسۇن بىلەن سۆز قىلغان بولسا،

ئەلۋەتتە، سۆزلىرىگە خېرىدارلىق قىلغان بولاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ مەكتۇپتىكىدەك بولىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى نورمالراق تۇتمىسا، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن جەڭگى ـ جېدەلدىن باشقا ئىشنى قىلمايمەن. ئۇ قەيەردە جەڭ مەيدانى تۈزسە، مەنمۇ شۇ يەرگە يۈرۈش قىلىپ، تۇتۇشىمەن. ئەگەر دىيارىمغا لەشكەر تارتىپ كەلسە، شەھەر دەرۋازىسىنى يېپىپمۇ قويمايمەن. سىپاھلىرىم بىلەن بۇ ئاسمان ئاستىنى چاڭ ـ توزانغا تولدۇرۇپ، ئىسكەندەر بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشىمەن.

ئەلچى چىن خاقانىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ قايتىپ كەتتى. يۇقىرىقى ئۈچ پادىشاھقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېيتقان جاۋابلىرىنى ئېلىپ، ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. باشقا پادىشاھلار تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ، ئىسكەندەردىن ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆردى. ئىسكەندەر نەچچە قېتىملاپ شاھانە مەجلىسلەرنى تۈزدى. شاراب ۋە نەغمە ـ ناۋالار بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈللىرىنى ئالدى. ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ھەممىسىنىڭ دىلىنى شادلىققا چۆمدۈردى. بىراق يۇقىرىقى ئۈچ پادىشاھنىڭ جاۋابى خىيالىدىن كەتمىدى. گەرچە ئۇ كۆرۈنۈشتە ئەيش ـ ئىشرەت بەزمىلىرىنى تۈزۈپ، كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئاشۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنى ئويلايتتى. ئەمما، قىش پەسلى يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا، سىرتقا لەشكەر تارتىشنى توختىتىپ، مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. نەزمە:

مەي ئىچكەندە چىنى ئاياغى ئالىپ،
دېگىل سۈرەت ئالدىمدا چىنى چالىپ.
نەۋائى سۇمۇر بادەئى جان فەزاي،
كى قالمىش نە مەللۇ نە خاقان نە راي.
بۇ مەئنىغە خەت دەۋرى ساغەردەدۇر،
ئۇلاردىن دېمە سۆز، سىكەندەردەدۇر.
يوق ئىسكەندەرى ئالەم ئاراڭا بەھس،
ئېرۇر بەلكى خىزرۇ مەسىھادا بەھس.

مەجنۇننىڭ ھېكايىتى. مەجنۇن قىش كۈنىنىڭ ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ تۈنىدە شامال
كارۋانلىرىدىن لەيلى چېچىنىڭ ئىپار كەبى پۇراقلىرىنى ھىدلىغان ھالدا
ئىز بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. بەخت پەردازچىسى ئاخىر مۇراد رىشـ
تىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى

مۇنداق بىر ئەپسانىنى ئاڭلىغانىدىم: بىچارە مەجنۇن قىش ـ ياز دېمەستىن ھەمىشە چۆل ـ جەزىرىلەردە سەرسان بولۇپ يۈرەتتى. ھاۋا قىزىغاندا ئۇ يۈرگەن چۆل دوزاختىن بىر نەمۇنە بولۇپ قالاتتى. بىراق مەجنۇننىڭ شۇنداق ئادىتى بار ئىدىكى، سايىدا تۇرمايتتى، ئۇ چۆلدە سايىمۇ تېپىلمايتتى. ئەگەر قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرى دەشتكە يامرىسا، ئۇ يەنىلا يۇرتىغا قايتمايتتى، ياكى ئىسسىنىش ئۈچۈن بىرەر گۈلخان تەرەپكىمۇ مەيلى تارتمايتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل مايىللىقى لەيلى تەرەپتە ئىدى. لەيلى قەيەردە بولسا، ئۇنىڭ مەيلى شۇ ياققا تارتاتتى. ئۇ خۇددى تاڭ شاملى گۈل تەرەپكە يۈرگەندەك جان ـ جېنىدىن دەردمەنلەرچە نالە ـ پىغانلار چېكىپ، لەيلى تەرەپكە قەدەم قوياتتى.

بىر يىلى قىشتا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولدى. مەجنۇن قۇيۇندەك پىرقىراپ يۈرۈپ، لەيلى تەرەپكە يېقىنلاپ قالدى. بۇ چاغدا گوياكى بۇلبۇلغا گۈلزارنىڭ پۇرىقى كەلگەندەك، ئۇنىڭ دىمىقىغا لەيلىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. بۇ چاغ قاراڭغۇ بولۇپ، شامال ئۇنىڭ دىمىقىغا يارنىڭ پۇرىقىنى كەلتۈرگەنىكەن. مەجنۇن شۇ ھامانلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قەدەملىرىنى ئۇرۇپ، لەيلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىككە تېگىش بىلەنلا ئىشىك ئېچىلدى. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆي ئىچىدە لەيلى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ جامالى قارا تۈندە تۇغقان قۇياشتەك پارلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ھەيرانلىق ۋە ئىشتىياق ئۇنىڭ جېنىغا قىيناقلارنى سالدى. تاقەتسىزلىك ئۇنى خاراب قىلدى. ئۇ لەيلىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا باش قويۇپ، ئىككىلا ئالەمدىن ئىككىلا كۆزىنى يۇمغان ھالدا ياتتى. لەيلى بۇ ئەھۋالنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ھۇجرىسىدا ئۇنى پىنھان ساقلىدى. كىشى ئەقلى-ھوشىنى تەرك ئەتكەندە بۇنداق مۇرادىغا يېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەقىل-ھوش دېگەنلەر ھارام بولسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشقنىڭ كارامىتىدۇر. ئىشق-مۇھەببەت ئىچىدىنلا مۇشۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئىشق-مۇھەببەت بولمىسا، بۇنداق ئىشلارمۇ بولمايدۇ. نەزمە:

نەۋائىغە، يا رەب، قەرىب ئەت ئانى،
قەرىب ئەتىنىڭ ئىرسە نەسىب ئەت ئانى.

ئەي تەڭرىم، بۇ ناتىۋان موللا سىدىقنىمۇ ھەقىقىي ئىشقتىن نېسىۋە ئاتا قىلغايسەن. ساخاۋەت دەرياڭدىن ئۇنى نېسىۋىسىز قويمىغايسەن. رۇبائىي:

ئەگەرچەندىكى بولسام ئاجىزۇ خار،
ئۈمىدىم باركى لۇتفۇڭدىن تاپىپ يار.
ئەدۇلاركىم نەزەر تاپسە كەرەمدىن،
مۇھىبلارغە ئۈمىدى مەغفىرەت بار.

**ھېكمەت. ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن: قىش پەسلى سوغۇقنىڭ كۆپلۈكى ۋە قار-شىۋىرغانلارنىڭ شىددىتى بىلەن تارقاقچىلىققا ۋە ئىلاجىسىزلىققا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يەنە نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇشتار، كۆڭۈل نېمىشقا ئۇنىڭغا مايىل؟ دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، ئەرەستۇ ھېكىمنىڭ جاۋابقا ئېغىز ئاچقانلىقى ۋە ھېكمەت بۇلۇتلىرىدىن ئۈنچىلەرنى چاچقانلىقى**

ئىسكەندەر ئەرەستۇغا مۇنداق سوئال قويدى:

— قىش پەسلىدە ئادەملەر قانچىلىگەن دىشۋارچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىرى شىۋىرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەلگە ھەرەج ۋە قىيىنچىلىق يېتىدۇ. يەنە بىرى سوغۇق كۈچىيىپ، كىشىلەرنى ھالاكەتكە قىستايدۇ. يەنە بىرى ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇشتۇك بىلەن قار-چاپقۇن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلمىغاندا، خالايىقنىڭ تەبىئىتى ۋە جىسمى ئېغىر ئازاب ۋە دىشۋارچىلىققا دۇچار بولىدۇ. خوش، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە سەۋەبتىن كىشىلەر يازدىن قىش

پەسلىگە بەكرەك مايىل؟ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە بۇ مۇشكۇل ئىشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، بۇنىڭ سىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلغايسەن.

دانا ھېكىم ئەرەستۇ بۇ مەسىلىگە ئۆزگىچە قىياس ۋە مۇلاھىزە بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ ھېكمەتنىڭ سىرى شۇكى، خالايىقلارنىڭ قىشقا مايىل بولۇشى مۇنداق بەش تۈرلۈك ئىشنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. بىرىنچى ئىش، قىشنىڭ ھاۋاسى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە، ياز پەسلىدە تاڭ شامىلى ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ مىجەزىگە قۇرۇق ئىسسىقنى ئېلىپ كېلىپ، بەدەننى ھارارەتكە سالىدىكەن. ھۆل سوغۇق بولسا، بۇ خىل مىجەزنى تەڭشەپ نورماللاشتۇرىدۇ. يەنە بىر ئىش شۇكى، كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئوتتۇراھال دەرىجىدە بولغاندا، ئۇلار ئەيش-ئىشرەت ۋە راھەت-پاراغەتنى خالاپ قالىدۇ. دانالار نەزەرىدە شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەيش-ئىشرەت، بەزمە-مەشرەپ تۈزۈش ئۈچۈن قىش پەسلى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. كۈندۈزلىرى قار-يېغىنلىرىدا كىشىلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. قىش كېچىلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىمۇ راھەت-پاراغەت ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ئۇزۇن كېچىلەر بەزمە-مەشرەپكە، ياكى شېرىن سۆھبەتكە ناھايىتى لايىقتۇر. بۇلاردىن توختىغاندىن كېيىن كىشىلەر تىنچلىنىپ، سۈكۈنات ئىچىدە ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ. ئۇخلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەرنىڭ دىماغلىرى مەي-شاراب بىلەن نەمخۇش بولىدۇ. شۇندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى ئۇيقۇغا مايىل بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك ئۇخلىغاندا بەدەن ساغلام بولىدۇ. ئۇيقۇ بىلەن كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى شادلىققا چۆمىدۇ، پۈتكۈل ئەزالىرىغا كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. ئۈچىنچى ئىش شۇكى، ھۆپپىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىگە دەسمايە توپلاش ئۈچۈن قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئۇيقۇدىن قوپۇپ، ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۆتىنچى ئىش شۇكى، ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىلگەن ۋە يول تاپقان ئالىملار كۈندۈزى ئىلىم تەھسىل قىلىشنى كۆڭلى تارتمىسا، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە چىراغلىرىنى ياندۇرىدۇ-دە، كېچىنىڭ ئىككى بېشىدا ئىلىم مۇتالىئە قىلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاپ مېڭىسىنى دەم ئالدۇرىدۇ. بەشىنچى ئىش، تەڭرىنى ئىزدىگۈچىلەر قىش كۈنلىرى ئۇيقۇنى، يېمەك-ئىچمەكنى تەرك قىلىپ، ئىبادەت قىلىش بىلەن، كىشىلەر كۆزلىرىدىن پىنھان جايدا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. جاھان ئۇلارسىز روناق تاپالمايدۇ. ئۇلار قارا تۈنلەردە تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ. ئالەمگە ئۇلاردىن يورۇقلۇق يېتىدۇ. بۇنىداق تۈنلەر قانچە ئۇزۇن بولسا، يورۇقلۇققا شۇنچە تۈرتكە ۋە سەۋەب بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىرنەچچە خىل ئىشلار سەۋەبىدىن ئالەم ئەھلى قىشقا مايىل بولغان بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ قىشقا خۇشتار بولۇشىنىڭ بائىسىمۇ مۇشۇدۇر.

ئۇ پاراسەتلىك ھېكىم سۆزىدىن توختىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ جاۋابىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، ئاپىرىن ئېيتتى.

ئىسكەندەرنىڭ جاھانگىرلىك مۇددەئاسى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، خۇراسانغا كەلگەنلىكى ۋە ھىرات(تەڭرى بۇ شەھەرنى بالا - قازا ۋە ئاپەتلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي)شەھىرىنى بىنا قىلغانلىقى، ئاندىن ماۋەرائۇننەھىرنى ئېلىپ، جەننەت كەبى سەمەرقەندنى سېلىپ، كەشمىر تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكى، كەشمىر سېھىرگەرلىرىنىڭ سېھىر-جادۇلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇسا پەيغەمبەردەك زور كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغانلىقى، سېھىرلەنگەن قەلئەلەرنى ئاپئاق قوللارنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن بۇزۇپ، مەلئۇننىڭ بېكىنىۋالغان تىلسىم قورغىنىغا يۈرۈش قىلغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ئاخىر كەشمىر شەھىرىنى ئالغانلىقى.

تارىخچىلار بۇ ماجىرانى شەرھلەپ، مۇنداق داستان تۈزدى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر قىشلاقتا قايتىپ، قاراباغ ئىچىدە ئارام ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر - خىيالى جاھانگىرلىك بىلەن ئالەمنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىيال ئۇنىڭ بېشىدىن كېچە - كۈندۈز يىراق ئەمەس ئىدى. دائىم ئالىملارنى يىغىپ، مۇشۇ ئىشنى ئورۇنداشنىڭ پىلان ۋە مەسلىھەتلىرىنى قىلاتتى، چارە - تەدبىرلىرىنى كېڭىشەتتى. تەڭرىنىڭ تەقدىرىمۇ ئۇنىڭ تەدبىرىگە ماس كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىق كېڭەش - مەسلىھەتلىرى پۈتكەندىن كېيىن، قوشۇنىنىڭ ياراق - جابدۇقلىرىنى ھازىرلىدى. لەشكەر ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلدى، ئاندىن تەڭرىدىن مەدەتكارلىق تىلەپ، پۈتۈن ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇردى. كۆڭلى قانغۇدەك پاراغەت سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، لەشكىرىي يۈرۈشنى باشلىدى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ، ئەرەس دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى ئورمانلارنى بويلاپ ئۇزۇن يوللارنى باستى. باھار كېلىپ، قۇياش ھەمەل بۇرجىغا يۆتكەلگەندە، ئىسكەندەرمۇ قۇياشقا ئوخشاش دەشت ئىچىدە بارگاھ تىكتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى دەشت ئىچىدە گوياكى پايانسىز كۆكلەمدىكى كوكاتلاردەك سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەن، ئۇلار پۈتۈن جەزىرىنى قاپلىغانىدى. ئۇلار ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن ياخشى سائەتنى تېپىپ، سائادەت بىلەن ئۆز بارگاھىنى يۆتكىدى - دە، ئىسپاھان شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ خۇراسانغا يۈزلەندى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا پۈتكۈل ئىران زېمىنىنى ئۆز ھۆكمىگە قاراتتى. خۇراساننىڭ ھاۋاسى ئۇنىڭ مىجەزىگە ناھايىتى ماس كېلىپ، ياراشتى. چۈنكى ئۇ ئەل باشقا ئىقلىملاردىن كەڭرى ۋە ئېگىز ئىدى. ئىسكەندەر بۇ يەرنى كۆرۈپ، ھەر تەرەپنى ساياھەت قىلدى. بۇ يەرنىڭ كەڭ دالاسى، بۇلاقلىرى ۋە زۇمرەتتەك ئېقىنلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىكى چاڭ - توزانلارنى يۇيۇپ، پاك-پاكىز قىلدى.

بۇ دىيارنىڭ تۆت دەرياسى بار بولۇپ، بۇ دەريالارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى پەلەك گۈمبىزىنى قاپلىغانىدى. بۇ يەرلەر جەننەت كەبى گۈزەل ۋە باياشات

ئىدى، ئېقىن سۇلىرىمۇ جەننەت ئېرىقلىرىدىن نەمۇنە ئىدى. بۇلاردىن بىرى ھىرمەند دەرياسى ئىدى، ئۇنىڭ ھەربىر تامچىسى يۈزلىگەن ئاغرىقلارغا شىپا ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىنلىرىدىن زابۇلىستان دىيارى خۇددى گۈلىستاندەك زىننەتلەنگەن. بۇ دىيارنىڭ پاك ۋە گۈزەللىكى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. بۇ ئېرىقلار زابۇلىستان ئېلىدىن قاراڭغۇلۇق ۋە كىرغۇبارلارنى يۇيۇپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، يۇرت ئىچى بەئەينى ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. شۇ تۈپەيلىدىن بۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئىسمىنى «نىمروز شەھىرى» دەپمۇ ئاتايتتى. بۇ شەھەر گادايلىرىنىڭ ھەر بىرى ھاتەمدەك، لەشكەرلىرى بولسا رۇستەمدەك ئىدى. يەنە بىر دەريا بولسا، دەرىجەز دەرياسى ئىدى. ئۇنىڭ سۇلىرى ئۈزۈم سۈيى (شاراب) دەك ئىدى. ياق، ئۈزۈم سۈيى ئەمەس، بەلكى ھۆر - غىلمانلار ئىچىدىغان شارابى ئەنتەھۇرنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىنلىرى بەلخ دىيارىنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى. بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىدىن دۈشمەنلەرنىڭ جىسمىغا رەشك ئوتلىرى تۇتاشقانىدى. بۇ شۇنداق شەھەر ئىدىكى، مەشھۇر پادىشاھ ھۇشەڭمۇ ئۇنى باشقا شەھەرلەردىن ئەۋزەل كۆرۈپ، پايتەخت قىلغانىدى. ئىبراھىم ئەدھەم، — بۇ مۇقەددەس پەلەك ئۇنىڭ يولىدا توزان بولغانىدى، — ئورۇنلاشقانىدى. يەنە بىرى مۇرغاب دەرياسى ئىدى. ئۇنىڭ سۇلىرى خالايىقنىڭ جىسمىدىن ئاغرىق - سىلاقلارنى يوقىتىدىغان كەۋسەرنىڭ ئۆزى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى تەرىپلەپ، «خەزىنە ئاققان دەريا» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ دەريا ئېقىنلىرىدىن ماخان ۋە مەرۋى شەھەرلىرى گۈللەپ ياشنىغانىدى. بۇ يەرنىڭ خۇش ھاۋالىقى ۋە باياشاتلىقى تۈپەيلىدىن قۇشقاچلىرى قىرغاۋۇلدەك، كۆچەتلىرى ھەيۋەتلىك سەرۋى دەرەخلىرىدەك ئىدى. بۇ جاي پادىشاھ تەھمۇرەسكە پايتەخت بولغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن شاھ سەنجەرگە ئارامگاھ بولدى. ھېچكىم بۇ يەرلەردەك يېقىملىق جاينى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. يەنە بىر دەريا بار ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىسمىنى «جۇنجەران» دەپ ئاتايتتى. سۈيى ھاياتلىق سۈيىدىن نەمۇنە ئىدى. يەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە ساپ ھاۋالىقى پەلەكتىن نىشانە بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپى سامان يولىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ دەريانىڭ ئۇششاق تاشلىرى خۇددى يۇلتۇزدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى لاتاپەتتە ئۈنچە - مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. سۈيىنىڭ خاسىيىتى ئابىھايات بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇنى ئىچكەن كىشى ئۆلۈمدىن نىجات تاپاتتى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا گۈل دەرەخلىرى يېشىل رەڭلىرى بىلەن شۇ قەدەر جاۋۇلدىشىپ تۇراتتىكى، گويا ئەبەدىيلىك دۇنياسى ئىچىدىكى خىزىر پەيغەمبەردەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرنىڭ تۈزلەڭلىك ۋە ئېگىزلىكلىرى جەننەتتەك خۇش ھاۋا ئىدى. بىراق دەريا سۈيىنىڭ خەلق ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغانلىرى قۇم - دەشتلەرگە بىكارغا ئېقىپ زايا بولاتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر يۇقىرىقى ئۈچ دەريانىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە خۇراسان دىيارىنىڭ خۇش ھاۋاسىنى بىلگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ ئەلنىڭ يەرلىرى جاھاننىڭ گۈلشىنى ئىكەن. بۇ دىيارنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ روشەنلەشتى. لېكىن مۇنۇ دەريانىڭ بىكار سۈيىدىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر شەھەر سېلىپ، ئاۋات قىلالايلى.

ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن جەننەت كەبى بىر شەھەر ياسىلىپ، پۈتتى. بۇ شەھەرگە ئات قويۇش ۋاقتىدا ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە ھىراتتىن باشقا سۆز ياقمىدى. شۇ دەۋردە دانىشمەنلەر، بىلىملىك كىشىلەرنى «ھىرات» دەپ ئاتايتتى. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ شەھەرگىمۇ ھىرات دەپ ئات قويۇشتى. ئىسكەندەرنىڭ لەقىمىمۇ ھىرات ئىدى، لېكىن كۆپچىلىك كىشىلەر ئىسكەندەرنى ھىردي دەپ ئاتايتتى.

ئەلقىسسە، ھىرات شەھىرى تۆتىنچى ئىقلىمدا بىنا قىلىنغان بولۇپ، قۇياش سەييارىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇغاتتى ۋە ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلاتتى. چۈنكى خۇراسان يەتتە ئىقلىمنىڭ تۆتىنچىسىگە جايلاشقان بولغاچقا، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئوتتۇرىسى ھېسابلىناتتى. قۇياشمۇ سەييارىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى. قۇياش بۇ دىيارنىڭ ئاسمىنىدىن تۇغقانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنى «خۇراسان» دەپ ئاتىغانىدى. ئەمما، خۇراسان بىر گۈزەل بەدەن بولسا، ئۇنىڭ جېنى ھىرات شەھىرى بولىدى. ھەممىگە ئايانكى، جانسىز بەدەننىڭ ھېچبىر پەزىلىتى بولمايدۇ. پەلەك ئۈستىدە پارلاپ تۇرغان بۇ قۇياش بەرقارار بولسىلا، بۇ ئىقلىمنىمۇ زاۋاللىق ۋە بالا-قازا يېتەلمىگەي.

ئىسكەندەر باشقا شەھەرلەرنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ، يۇرتمۇ-يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىر جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتتى-دە، يەنە بىر جەننەت سۈپەت دىيارغا كۆزى چۈشتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى پىردەۋس جەننىتىدىن نەمۇنە ئىدى. گۈزەللىكتە جەننەتمۇ بۇ جايدىن بەھرە ئالاتتى. كىشىلەر بۇ جاينى «ماۋەرائۇننەھر»① دەيتتى. چۈنكى بۇ جاي ئىككى دەريا ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بىر دەريادىن يەنە بىر دەرياغىچە بولغان ئارىلىقى يۈز ياغاچ② كېلەتتى! ئۇ ئىككى دەريانىڭ بىرى سەيھۇن دەرياسى بولۇپ، مەشرىق تەرىپىدە ئاقاتتى. يەنە بىرى جەيھۇن دەرياسى بولۇپ غەرب تەرىپىدە ئاقاتتى. ماۋەرائۇننەھىردە بۇ ئىككى دەريادىن باشقا يەنە 10 — 15 دەريا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن باشقا-باشقا ئېرىق-ئۆستەڭلەر ھاسىل بولغانىدى. ھەر بىر ئېقىندىن بىرنەچچە شەھەر ئاۋاتلاشقانىدى. بۇلار ئارىسىدا «كوھەك دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار ئىدى. ئۇنىڭ بېھىشت دەرياسى ئىكەنلىكىگە شەك-شۈبھە يوق ئىدى. زەئىپ ۋە كېسەلمەنلەر ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ساغلام ۋە تېمەن بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سۇلىرى كۆزلەرنى روشەن قىلىپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرەتتى. لېكىن بۇ دەريادىن بىرەر شەھەر ئاۋات-

① ماۋەرائۇننەھر — ئىككى دەريا ئارىلىقى دېگەن مەنىدە. ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

② ياغاچ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەر بىر ياغاچ تەخمىنەن 12 مىڭ مېترغا تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىقتا ئىگە بولمىغان، ئۇنىڭ جان بېغىش-
لىغۇچى ئابىھايات سۈيىدىن كىشىلەر
مەنپەئەتلىنەلمىگەنىدى. بۇ دەريا گۈ-
زەللىكتە فىرات دەرياسىدىن ئېشىپ چۈش-
كۈدەك دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
سۇلىرى ئىنسانىنىڭ ئۆمرىدەك زايا بولۇپ،
بىكارغا ئاقاتتى. ئىسكەندەر بۇ دەريانىڭ
ئاب ـ ھاۋاسىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى.
خۇشۇسەن كوھەك دەرياسىنى كۆرگەندە
ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا:

— بۇ دەريا گۈزەللىكتە نىل دەر-
ياسىدىنمۇ زىيادىرەك ئىكەن، — دېدى.

بۇ دەريانىڭ ساھىلىدا كوھەك
دەيدىغان بىر ئورمانلىق بار ئىدى. بۇ
ئورمانزارنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق ئىدى.
ئۇنىڭ ئىچى ئالەم خەزىنىسىنىڭ تىلسىماتى
ئىدى. بۇيەرنىڭ ئۇششاق تاشلىرى يۇلتۇزدەك
يالتىراپ تۇراتتى. يېشىل كۆكلەمزالىقى بويى-
شىل ئاسماندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دەريا ئاشۇ
ئورمانزارنىڭ يېنىدىن ئاقىدىغان بولغاچقا،
دەريا ئىسمىنىمۇ «كوھەك دەرياسى» دەپ
ئاتاشقانىدى. ئىسكەندەر بۇ جاينى كۆر-
گەندىن كېيىن ئۇ يەرگە بىر شەھەر
بىنا قىلدى. تەڭرى بۇ شەھەرنى تاكى
قىيامەتكىچە ئامان ـ ئېسەن ساقلىغاي. بۇ
شەھەرگە «جەننەت كەبى سەمەرقەنت»
دەپ ئات قويدى.

ئىسكەندەر يۇقىرىقى ئىشلارنى تامام-
لىغاندىن كېيىن، قوشۇنىنى باشلاپ، كەشمىر
شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ چۆل
باياۋانلارنى كېزىپ، كەشمىر شەھىرىگە
ئۆز سايىسىنى يەتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىق-
تا، ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممەتلىكى تۈپەيلى-
دىن نۇرغۇن يۇرتلارنى بويسۇندۇرۇپ،
غەلىبە ۋە نۇسرەت قازاندى.

ئۇلار كەشمىر چېگرىسىغا يېتىپ
كەلگەندە كۆز ئالدىدا بىر تاغ كۆرۈندى.
ئۇنىڭ ئېگىزلىكى پەلەككە تاقاشقان بولۇپ،
ئاينىڭ كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈنۈشى شۇ
سەۋەبتىن ئىدى. بۇ تاغقا قارىغان كىشى-
نىڭ بۆكى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ
تاغنىڭ ئىككى تەرىپى شۇ قەدەر ئۇزۇن
ئىدىكى، ئۇنى كېزىپ بېقىشنى ئويلىمىغان
ياخشىراق ئىدى. كوھقاپتەك ھەيۋەتلىك
بولغان بۇ تاغ تاكى كۆكتىن يەرگىچە
بولغان ئارىلىقتا يېرىلىپ، ئىككى پارچىغا
ئايلانغان بولۇپ، بۇ ئارىلىقتىن بىر يول
ھاسىل بولغانىدى. بۇ يولنىڭ كەڭلىكى
تەخمىنەن يۈز قىرى① ئەتراپىدا بولۇپ،
ئەتراپىدا تاغدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق
ئىدى. كەشمىرلىكلەر بۇ تاغنى بىر ـ بىرىگە
چېتىپ، سېپىل سوقىغان ۋە بۇ سېپىلغا
دەرۋازا ئورنىتىپ، ئۇنى مەھكەم تاقى-
غانىدى. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ۋە قېلىنلىقى
يۈز ئەللىك قىرى ئىدى. بۇ سېپىل گەج
ۋە ئۇيۇل تاشلار بىلەن شۇ قەدەر پۇختا
ياسالغان ئىدىكى، تاغدەك بۈيۈك بۇ سې-
پىل ئاسماندىن تاكى يەرگىچە بىر پارچە
ئۇيۇل تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ
دەرۋاسى تۆمۈردىن ياسالغانىدى، ئۇنى
گوياكى پەلەك گۈمبىزىنىڭ دەرۋازىسىدەك
مەھكەم قىلىپ تاقىغانىدى. بۇ سېپىل
تاغنىڭ قاپىقىغىچە قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ
ئۈستىدە دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن
ئوق ئېتىلىدىغان تۆشۈكچىلەر ۋە ئۆزىنى
دالدىغا ئالىدىغان پاناھلىق جايلار بار
ئىدى. بۇ سېپىل ۋە دەرۋازىنى كۆرگەن
كىشى بۇلارنى كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى

① قىرى ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر قىرى تەخمىنەن بىر مېترغا توغرا كېلىدۇ.

سېھىر - جادۇ بىلەن تەييار قىلىنغان بولسا كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. راستىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھىيلە ۋە ئەپسۇنلاردىن پۈتكەنىدى. ئەپسۇنگەرلەر بۇ يەرگە كەلگەنلەرگە بىمالال ھالدا تاقابىل تۇراتتى. ئۇ دەرۋازىغا يېتىشكەنىڭ قېرىغا يېقىن ئارىلىق قالغاندا، كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى بوشىشىپ، ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالاتتى. كەلگۈچىلەر ئۆزىنى ئېغىر ئەھۋالغا، خارۇ - زارلىق ۋە بىچارىلىككە چۈشۈپ قالغان ھالدا كۆرەتتى. ئات - ئۇلاغلارمۇ سېپىل تەرەپكە قاراپ ماڭسا ئاياغلىرىدىن ماغدۇرى كېتىپ، بىتاب ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى. ئۇلارنىڭ باشلىرى قېتىپ، پاتىپاراق بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ، كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرگە ئېتىبار قىلماي، ئەرەستۇ بىلەن دەرھال ئۇ يەرگە باردى. ئۇ يىراقتىن كۆرۈش بىلەنمۇ ئىشەنمەي، يېقىنلاپ بېرىپ تەكشۈردى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— بۇ كەشمىرلىكلەرنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى، سېھىرگەرلەرنىڭ ئەپسۇن ۋە مىكرىسى ئىكەن. بۇنىڭ چارە - ئامالىنى تېپىپ، بۇ سېپىلنى ۋە دەرۋازىنى بۇزۇشىمىز كېرەك.

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى سەل ئارقىغا چېكىندۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇردى. قوشۇنلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ پۈتۈن ئەتراپنى ئايلىنىپ، بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى. كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، بارگاھقا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىدا 500 نەپەر ئالىم بار ئىدى. ئۇلاردىن 10 كىشى ئۇلۇغ ئالىملاردىن ئىدى. بۇ 10 نەپەر ئالىم ئىسكەندەرنىڭ بۈيۈك ۋەزىرلىرى ئىدى. كېچە - كۈندۈز ۋازارەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ 10 كىشى: ئەفلاتۇن، ئەرەستۇ، بەلىناس، ئەرەشمەندىس، شەھمىناس، فەلمۇن، دەۋالىس، فەرفۇرۇنۇس، سۇقرات، ھۇرمۇسلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئالىملارنى قول ئاستىدىكى بارلىق ھۆكۈمالىرى بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ، مەجلىس تۈزدى. مەجلىستە ئىسكەندەر:

— كەشمىرلىكلەرنىڭ بۇ سېھىر جادۇلىرىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللانساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

ھۆكۈمالار دەرھال سۆز باشلاپ، ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە مەدھىيىلەر ياغدۇرغاندىن كېيىن، مۇنداق دېيىشتى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشتىن ھەرگىزمۇ غەم قىلمىغايلا، سېپىل بۇنىڭدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق بولسىمۇ، بۇنىڭدىن قورقۇنچىمىز يوق، دەرۋازىنىڭ كارامىتى بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكنىڭ كارامەتلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر. تەڭرى پادىشاھى ئالەمنىڭ تەلەي ئىقبالىنى يۈكسەك قىلسۇن. شاھىمىزنىڭ ئىقبال ۋە ئامەتى بىزگە يول كۆرسەتتۇ. خۇدا خالىسا، بۇ نەيرەڭلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇنى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان قىلغايمىز. جوگىي باشچىلىقىدىكى بۇ خەدۇگەرلەر سېھرى - جادۇغا ھەرقانچە ئۇستا بولغان تەقدىردىمۇ، ھېكمەت ئىگىلىرى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يوقاتمىغۇچە ئارام تاپمايدۇ. بۇ ئالىملار سىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىڭدۇر، ياق، يول باشلىغۇچى ئەمەس، بەلكى كەمتەر چاكىرىڭدۇر. بىلىم ۋە دانالىقتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر جاھانغا تېتىيدۇ، ھەر بىر ھۆكۈمانىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بىر جاھاننىڭ بىلىم-ھېكمىتى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئەفلاتۇن جادۇگەر جوگىيغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ سېھرى-جادۇلىرىغا زەربە بېرىدىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدۇ. ئەرەستۇ باشقا سېھىرگەرلەرنىڭ ئەپسۇنلىرىنى يوقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ. كەشمىرنىڭ ئەپسۇنگەرلىرىدىن مىڭى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا بىزدىن بىرەيلەن كۇپايىدۇر. شاھىمىز ئىككى كۈن ئارام ئالغاي، ئۈچىنچى كۈنى بۇ دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئالغاي. بىز ئىلىم-ھېكمەتكە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ سېھرى-جادۇلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىمىز.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. بارلىق ھۆكۈمالارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن:

— ئۇنداق بولسا، ھەممىڭلار ئۆز ئىشىڭلارغا مەشغۇل بولغايسىلەر! — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

ھۆكۈمالار ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىغا ماڭدى. ئىسكەندەرمۇ قوپۇپ، خىلۋەت چېدىرىغا كىرىپ كەتتى.

ھۆكۈمالار ئىلىم-ھېكمەت ئىشلىرىغا كىرىشىشتىن بۇرۇن، خەيرلىك ۋاقىتنى تاللاپ، تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلدى. تۆمۈر ۋە چويۇنلاردىن كۆپىنىڭ شەكلىدە گۈي (توپ) لارنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ ۋە بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى دورىلارنى قاچىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىماب قۇيۇپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە پىلتە ئورنىتىپ تەييارلىدى. بۇ نەرسىلەرنى دۈشمەننىڭ بېشىدەك، ياق بەلكى چاقماق ۋە گۈلدۈرماما تېشىدەك قىلىپ ياسىدى. ئۇنىڭ پىلتىسىگە ئوتنى يېقىپلا، چاقماقتەك ئوقيالارغا قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە ئېتىپ، ھاۋادىن، دۈشمەنلەر ئارىسىغا چۈشۈرەتتى. ئوت ئۇنىڭ پىلتىسىنى كۆيدۈرۈپ، مىناسىغا يېقىنلىشىش بىلەنلا، مىنا يېرىلىپ، نەچچە پارە بولاتتى، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ-غارايىپ ئاۋازلار ياڭراپ، ئوت، تۈتۈن، سېسىق پۇراقلار تارقىلاتتى-دە، نەچچە خىل ئەھۋال يۈز بېرەتتى: بىرى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىر-جادۇ قىلىدىغان ئەسۋابلىرى يوقىلاتتى. ئىككىنچىسى، ئوت بىلەن دەرۋازا ئېچىلاتتى. ئۈچىنچىسى، تۈتۈنىدىن سېھىرگەرلەرنىڭ يۈزى قارا بولاتتى. تۆتىنچىسى، ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قالغانلارنىڭ نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ، سېھىرگەرلىك ئىلمىنى ئۇنۇتاتتى. بۇنداق تىلسىملىق ۋە ھېكمەتلىك نەرسىنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالىملار جەم بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ سىرلىرىنى بايان قىلىپ، ئاشكارىلىدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى شادلانغان ھالدا، ئالىملارغا ئاپىرىن ئېيتىپ:

— بۇنداق تىلسىمنى سىلەر تەييار قىلدىڭلار، لېكىن، جاھاندا ھېچكىم قىلالماس، — دېدى.

ئالىملار ئىسكەندەرنىڭ خۇشال بول-

غانلىقىنى كۆرۈپ:

— پەرمانىڭغا ئىنتىزارمىز، — دېدى.

ئىسكەندەر دەرھال تورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازا تەرەپكە ئاتلاندى. بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە شاۋقۇن - سۈرەن چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن سەلدەك راۋان بولدى. ھۆكۈمالار ئۇنىڭ ئالدىدا، جاھان شاھلىرى ئۇنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ھېكىپ، ئۇ سېھىرلەنگەن جايغا يەتتى. ئۇلار تىلسىملىق مىنانىڭ ئەيىنەھەلىرىنى توغرىلاپ، ھېكمەت بىلەن ئورنىتىلغان پىلتىلەرگە ئوت ياقتى. ئاندىن ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتتى. ئوتنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئىچىگە يېتىش بىلەنلا



دۈشمەنلەر ئارىسىغا چۈشۈپ پارتلاپ، شۇنداق دەھشەتلىك بىر ئاۋاز چىقاردىكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈتەش ئايان بولدى: ئاۋازىدىن ئەپسۇنگەرلەرنىڭ ئەسۋابلىرى كاردىن چىقتى، ئوت سېپىل ۋە دەرۋازىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. تۈتۈندىن جادۇگەرلەرنىڭ يۈزلىرى قارا بولدى. سېسىق پۇراقلىرى بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ ئېسىدىن سېھىردىكى ئىلىملىرى يوقالدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇنداق توپىلاڭلار چۈشكەندىن كېيىن، ھەممىسىگە قاچماقتىن ئۆزگە چارە قالمىدى. ئۇلار شۇنچىلىك ۋەيرانە ۋە قالايمىقان ھالدا قېچىشتىكى، ھەممىسى يۈزلىرى قاپقارا پېتىچە، مەللۇنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلدى. ھېچكىم بولارنى تونۇمىدى. ئەھۋاللىنى ئۆزى بايان قىلمىغىچە ھېچ كىشى ئۇقالمىدى. ئۇلار ۋەقەنى ئاجايىپ غارايىپ مىساللار بىلەن قوشۇپ مەللۇغا بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان مەللۇنىڭ جىسمىغا تىترەك ئولاشتى. مەللۇ ئۆزىنىڭ زەئىپ، ئىسكەندەرنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى: «ئۇ ئالىملار ئالدىدا سېھىرى - جادۇ ئىشى، ئىسكەندەر ئالدىدا مېنىڭ ئىشىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. مەللۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۈستۈن كېلىپ، سېپىل بىلەن دەرۋازىنى ئالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جاھىللىق قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلماي، خاتا قىلغانلىقىنى سەزدى، ناھايىتى بىچارە ۋە ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. خەلقىمۇ پاراكەندە بولۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىشتىن بۆلەك چارە تاپالمىدى. مەللۇ تاغ ئۈستىدىكى قورغانغا بېكىنىشنى پىلانلاپ، لەخمە يولى بىلەن خەزى-

نىلەرنىڭ ئۇشۇشقا باشلىدى. ھەدەپ-ھېسابسىز نەپىس ۋە ئېسىل ماتالار، سان-ساناقسىز لەئلى-جاۋاھىرلار، بىقىيماس ۋە بىباھا ئالتۇن-ئاقچىلارنىڭ ھەممىسىنى قورغانغا يۆتكىدى. ئۇ خەزىنىلەرنى كۆرگەن ئەلنىڭ ئەقلى ھەيران قالدى. ئەمما ئۇ ھەممە نەرسىلەرنى يۆتكەپ، ئەمدى تاپقاندىن كېيىن، ئاشۇ قاراتاغ ئۈستىدىكى قورغانغا كىرىپ پاناھلاندى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر ئۇ دەرۋازىنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، قورغان تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلماقچى بولدى. لېكىن، ھۆكۈمالار ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى.

— بۈگۈن يۈرۈش قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس، — دېيىشتى ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇپ، — چۈنكى ئۇ تۇتۇن ۋە بەدبۇي پۇراقلار دۈشمەنلەرنىڭ دىماغلىرىغا ئوبدانراق تەسىر قىلسۇن، شۇندىلا ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرى ئوقسانغا يولىنىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ توختىدى ۋە ئۆز بارگاھىغا قايتىپ، شادلىق بەزمىسىنى تۈزدى. ھۆكۈما-ئالىملار بىلەن ئۆز بەزمىسىنى زىننەتلىدى. ئۇلارغا ھېسابسىز ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىنى زىيادە قىلدى. كېچىنىڭ غەرب تەرىپىگە يۈزلەنگەندىن كېيىن، شاراب قەدەھلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، شادلىققا چۆمدى. بۇ پاراغەت بەزمىسى ھەممىلەننىڭ نېرۋىلىرى قىزغىنچە داۋام قىلدى. ئاندىن تارقىلىپ، ئۇيقۇدىن راھەتلىنىپ، ئارام ئېلىشتى.

— ۋاقىتكى، قۇياش چىقىپ، ئالەمنى روشەن قىلدى، ئىسكەندەر ئۇ قوياشتەك يۈزىنى ئېچىپ، رۇستەمدەك ئاتلاندى. لەشكەرلەر تۇشمۇ-تۇشتىن يۈگۈرۈشۈپ، دەرۋازىغا قاراپ ئات سالدى. لەشكەرلەر ئۇ دەرۋازىدىن بىرنەچچە كۈندە ئاران ئۆتۈپ بولالىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا يۈرۈش قىلىۋاتقىنىدا، شەھەر تەرەپتىن بىر ئەلچى كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ بىر قولىدا خەت، يەنە بىر قولىدا ئاچقۇچ بار ئىدى. ھەر ئىككىلىسىنى ئىسكەندەرگە تۇتتى. ئۇ خەتنى شەھەر خەلقى يازدۇرۇپ، ئىسكەندەرگە ئەۋەتكەن بولۇپ، مۇنداق مەزمۇندا ئىدى: «بىز سىزنىڭ پەرمانىڭىزغا شەرتسىز بوي سۇنىمىز. مەللۇ بۇ دىيارغا پادىشاھ بولغاندىن بېرى بىز پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق ئەركىنلىكىمىز يوق ئىدى. شۇڭا بىز جانابىڭىزغا قۇللۇق ئىزھار قىلىپ خىزمىتىڭىزگە كەلمەكچى ئىدۇق، مانا ئەمدى شان-شەۋكىتىڭ مەللۇنى پەست قىلدى، ئۇ سەندىن شىكەستە يەپ، ئۆزىنى پىنھانغا ئالدى. بار شەرمەندىچىلىككە بىز بىچارىلەر قالدۇق. ئەمدى سەن بىزگە باش بولغىن، ھەرقانداق ھۆكۈمىڭ بولسا، پەرمانبەردارمىز. ۋەيران بولغان شەھىرىمىزنى ئاۋات قىلساڭ، مال ۋە جانلىرىمىزنى ساڭا پىدا قىلىمىز. ئەگەر بىزگە ئىجازەت قىلساڭ، يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىڭغا يېتىمگە بارىمىز. ئەۋەتكەن خېتىمىزنىڭ جاۋابىغا قاراپ تۇرىمىز». ئىسكەندەر بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر پارچە مەكتۇپ يازدۇرۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «سىلەر مېنى كۆرگىلى كەلمىسەڭلار دەپ پاراكەندە بولماڭلار. يۇرتۇڭلاردا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ، تائەت-ئىبادەتلىرىڭلارنى قىلىپ، ماڭا دۇئا قىلىڭلار.

تەگرى خالىسا، ئۈزۈم يېتىپ بېرىپ، شەھەرگە كىرىمەن.» ئەلچى بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شەھەرگە يېتىپ بارا-بارا، مايىلا ئىسكەندەر كېلىپ بۇ شەھەرگە چۈشتى. مەللۇ بۇ شەھەردە ئەيش-ئىشرەت قىلىش ئۈچۈن بىر شاھانە قەسىر بىنا قىلغانىدى. ئۇ قەسىر ئىچىدە بىر شاھانە باغ بار ئىدى. بۇ باغنىڭ ھەر بىر گۈلى گوياكى قۇياشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گۈلشەننىڭ ئاسمانغا تاقاشقان راۋاقلىرى ۋە پەلەككە يەتكەن پەشتاقلىرى بار ئىدى. ئاسمان راۋىقىمۇ بۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇ گۈلشەنگە: «جەننەتنىشان» دەپ ئات قويۇلغانىدى. گۈلشەن ئىچىدە ئىسكەندەرگە، شەھەر ئىچىدە لەشكەرلەرگە ئورۇن تەييارلەندى. ھەممە ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن. بۇ ئىشلارنى ئۇلۇغلار ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر جەننەتنىشانغا جايلاشتى. پۈتكۈل خادىملار ئىسكەندەردىن ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرۈپ، ھەممىسى يېڭىباشتىن ھاياتقا قايتقاندەك بولدى. خالايىقلارمۇ يىراقتىن چۇرقىرىشىپ، ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلدى. ئىسكەندەر ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ھەممىسىنى شاد قىلدى. خەير-ئېھسان بىلەن پۈتكۈل خالايىقنىڭ بۇزۇلغان كۆڭۈللىرىنى ئاۋات قىلدى. پۈتكۈل قوشۇنغا پەرمان چۈشۈرۈپ: «ھېچكىم ھېچكىمدىن بىر قىتىم يىپقا چاغلىق بىر نەرسە تەمە قىلمىسۇن. خىلاپلىق قىلغانلار بوغۇزىدىن دارغا ئېسىلسۇن!» دەپ جاكارلىدى. يۇرت خەلقىگە پۇل-مال بېرىپ، خاتىرجەم ۋە تىنچ ئامان قىلدى. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ھەممەيلەن بەھرىمەن بولۇپ، شادمان بولدى. ھېچ كىشىدىن ھېچ كىشىگە زىيان-زەخمەت يەتمىدى، كىشىنىڭ بىر دىرەم پۇلىنىمۇ ناھەق ئالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر مەي-شارابقا مايىل بولۇپ، پاراغەتكە يۈزلەندى. كەشمىر خەلقى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئىسكەندەرنى زىيارەت قىلماقتا ئىدى. ئىسكەندەر كەشمىرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلىرىنى كۆردى. بۇلارنى ئەينەن بايان قىلىپ بولۇشنىڭ ئىمكانى يوق ئىدى، شۇ قاتاردا بىر جامنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىگە مەينى بىرلا تولدۇرۇپ قويسا، ئۇ مەي خۇددى دەريانىڭ سۈيىگە ئوخشاش ئىچسە-ئىچسە تۈگىمەيتتى. مەللۇ يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەندە ئۇنىڭ بىر قازناقچىسى ئايرىلىپ قېپقالغانىدى. ئۇ خەزىنىدىن ئېلىپ قالغان بىرنەچچە ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن تۆھپىلەر ئىچىدە ئاشۇ خاسىيەتلىك جاممۇ بار ئىدى. جامنىڭ ئەتراپىغا ئۇنىڭ خاسىيىتىنى تەرىپلەپ، مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «جەمشىد ئالەمنى ئىلكىگە ئالغاندا، بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئالىملارنىڭ ئىلىم-ھېكمىتى بىلەن ئىككى دانە تىلسىملىق جام ياساتقانىدى. ئۇ جامنىڭ بىرىگە ‹جامى جاھاننەما›، يەنە بىرىگە ‹جامى ئىشرەتغەزا› (راھەت-پاراغەتنى ئاشۇرغۇچى جام) دەپ ئات قويىدى. جامى جاھاننەما ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازىنىپ، جامى ئىشرەتغازانىڭ سىرى ئەلدىن يوشۇرۇن قالدى. بۇ جامنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئالىملار ئۇنى لايىھىلىگەندە ساغلام ئەقىل-پاراسەتلىرى بىلەن پىلانلىغان. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



شارابنى ئىچكەن كىشى ھەرقانچە سوھۇر-
سە، شاراب تۈگىمەيدۇ. ئىچكەنسېرى تو-
لۇپ-تېشىپ، لىپمۇلىق بولۇپ تۇرىدۇ،
بىر تامچىمۇ ئازلاپ قالمايدۇ. تېخىمۇ
ئاجايىپراقى شۇكى، يانتۇ بولۇپ كەتسىكەن
تەقدىردىمۇ ئىچىدىكى شاراب ئەسلا تۆكۈ-
لۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا شاراب ئىچكەن
كىشى ئاكى قانمىغىچە ئۇنى لېۋىدىن
ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە مەي تۈگەپ
كەتكەن كۈنى پۈتكۈل ئالەمدىمۇ مەيدىن
ئەسەر قالمايدۇ».

ئىسكەندەر بۇ جامنى قولغا چۈشۈر-
گەندىن كېيىن، بەزمە تۈزۈپ، ئۇنىڭدا
مەي ئىچىشكە باشلىدى. پۈتكۈل ئۆلىما-
لار بىلەن ئىللە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كارا-
مىتىنى تاماشا قىلدى. قولىدىن بىر دەممۇ
چۈشۈرمەي، شۇنداق ئېيش-پاراغەت قىلا-
دىكى، جامى جاھاننەمامۇ ئۇنچىلىك ئىش-

لەنمىگەن بولغاي. ساقىينامە:

كېتۈر، ساقىي، ئول جامى ياقۇت گۈن،
كى ئەل تەبىئىدە ئىشرەت ئەتكەي فۇزۇن.
نېچە يادەدىن ئىچسە كەم بولماغاي،
مۇئاشىرغە ئاندىن ئەلەم بولماغاي.
مۇغەننى، سۇرۇدى چىقار دىلنەۋاز،
بولۇپ ئەھلى كەشمىردەك سېھرىساز.
نەگەر نەغمە بەس قىلماق ئەتسەڭ ھەۋەس،
ھەمۇل جامكىم بولمايىن قىلمە بەس.
نەۋائى ئەگەر تاپساڭ ئول نەۋئى جام،
نېكىم يادەدىن ئۆزگە ئىچسەڭ ھەرام.
خىتاب ئەتكەسەن جامى باقىي ئانى،
ۋەلې تۇتسە گۈلچېھرە ساقىي ئانى.

بۇ سىددىقە ھەم ئۆت ئاننىڭدىن ھەيات،
مەيىكىم مۇدام ئولسە، ئاندىن نەجات.
نەجاتى جىنان بولسە مەدھۇشۇ مەست،
ئەبەد مەسنەي بولسام چۇ مەستى ئەلەست.

ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى. ئۇلار بىرى گويائى قۇياش ئۆزىنىڭ ھەركەتچانە
لىقى بىلەن پەلەك مەملىكىتىگە پادىشاھ بولغاندەك شاھلىق سەلتەنىتىگە
يەتتى. يەنە بىرى خۇددى زېمىن ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقى بىلەن ئالەم
ئەھلىنىڭ تېپىكلىرىگە دۇچار بولغانغا ئوخشاش خارۇ زارلىق
پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتتى. شۇنداقلا ئۇ تاكى چاك-تۈزاندەك ھە-
رىكەتكە كەلمىگىچە، تۇپراقتىن قوپۇپ يۇقىرى
ئورۇنغا يېتەلمىدى.

خۇراسان شەھىرىدە بىر-بىرىگە نا-
ھايىتى مېھرىبان ئىككى دوست بار ئىدى.
ئۇلار جاھاننىڭ ھاۋادىساتلىرىدىن زەربى-
گە ئۇچراپ، تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى تاپالماي
ئاجىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆز يۇر-
تىدا خارلىققا قېلىپ، ئاخىر كىشىلەرنىڭ
ھاقارىتىگە ئۇچرايتتى. شۇنى بىلىش كې-
رەككى، كىشى نامرات ۋە بىچارە بولۇپ

قالغان چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە
ئازراق چېلىققان تۇزۇك. پۇنداق چاغدا
ئادەملەرنىڭ كۆزىگە تولا كۆرۈنۈش خار-
لىق ۋە ھاقارەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى
ئۈنچە-ياقۇتلار كىشىلەرگە ئاز چېلىققانلى-
قى ئۈچۈن ئەزىزلىنىدۇ، ئەتىۋارلىنىدۇ؛
ئېھەك مونچىقى تولا ئۇچرايدىغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇنىڭ باھاسى بىر يارماقىقا

يەتمەيدۇ.

بۇ ئىككى دوستتىن بىرى سەپەرگە
چىقىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ سەۋەبتىن
نادامەتتىن قۇتۇلدى. سەپەر جەريانىدا
ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى كۆردى. نىس-
ۋىسى ئۇنى ئاخىر يۇنان شەھىرىگە ئاپى-
رىپ چۈشۈردى. بۇ خۇددى ئۈلۈك ئادەم
ئابىھاياتقا ئېرىشكەندەك ئىش بولدى.
ئەزەلدە ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمەت ئىگىلەش
قىسمىتى بار ئىدى. شۇڭا بىر نەچچە
مۇددەت ئۇ يەردە تۇرۇپ، ئالىم-ھۆكۈ-
مالار بىلەن سۆھبەتداش بولدى. بۇ تۇ-
پەيلىدىن ھېسابسىز ئىلىم-مەرىپەت ئىگى-
لەپ، ئۇستازلىق دەرىجىسىگە يەتتى. ھەر-
كىمدە نىيىتىگە يېقىن قابىلىيەت پەيدا
بولىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ زېھنى
ئېچىلىپ، ئىلىم-ھېكمەتلىرىدىن خەۋەر-
دار بولدى. ئۇ يەنە مۇشۇ ئىشقا قىلغان
سەپىرى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ،
پەخىرلىنىپ ئولتۇرماستىن، يەنە سەپەر
قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ
سەپىرى ھىندىستان مەملىكىتىگە چۈشتى.
ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھىندىستان
پادىشاھىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. پادىشاھ
ئۇنىڭ دانا ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى
بىلگەندىن كېيىن ئارىدا كىشى قويۇپ:
«كۆزۈمنىڭ نۇرى يېگانە ۋە پاكىزە بىر
قىزىم بار. ئۇنى شۇ دانىشمەنگە نىكاھ-
لاپ قويسام، بۇ ئارقىلىق ئۇنىمۇ ئۆزۈمگە

بالا قىلىۋالسام» دەپ سۆز ئاچتى. ئۇ
دانىشمەن ھېكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن-
لا ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلىقىنى پۈتە-
كۈزدى. پادىشاھ ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ
ئىككى پەرزەنتىنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ
قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ
ئۆمرى ئاخىرلاشتى. پادىشاھلىق ئۇ دانىش-
مەنگە مىراس قالدى. ئۆز دىيارىدا قېپ-
قالغان دوستى بۇ دانىشمەننىڭ پادىشاھ
بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەپەرگە
چىقتى. پەلەكنىڭ زۇلمىدىن جىسمى پاي-
مال بولغان ھالدا بۇ ئەلگە يېتىپ كەلدى.
كۆردىكى، دوستى راستىنلا پادىشاھ بول-
غانىدى. پادىشاھ بۇ دوستىنىڭ كەلگەنلى-
كىدىن مەمنۇن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىلت-
ىپات قىلىپ، ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە
يەتكۈزدى.

ئۆز يۇرتىدا خارۇ-زار بولۇپ، كى-
شىلەر ئالدىدا مېھنەت ۋە مۇشەققەت چەك-
كەن، ھاقارەتلەنگەن بىر ئادەمنىڭ بۇ
يەرگە كېلىپ ۋەزىرلىككە ئېرىشكەنلىكى
سەپەرنىڭ خاسىيىتىدۇر. ئالدىدا سەپەر
قىلغان دوستىنىڭ سەپىرى كامالەتكە يەت-
كەنلىكى ئۈچۈن، سەلتەنەتكە سازاۋەر
بولدى. ھەركىم ئۆز ۋۇجۇدىدا سەيلە
قىلىش يولىنى تۇتسا، تەڭرى ئاخىر ئۇنى
ياخشى ئىشقا سازاۋەر قىلىدۇ. ئەي تەڭرىم
بۇ بىچارە سىدىقىمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا مەنىۋى
جەھەتتىن سەيلە قىلىش يولىنى ئاتا قىلغايسەن.

ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «سەپەر جاپا-مۇشەققەت تارتىشقا سەۋەب بولىدىغان
تۇرسا، ھېكمەت ئەھلىگىرى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن رۇخسەت قىلىدۇ» دېگەن
مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، ئەرەستۇنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى.

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:
— سەپەردە رەنج-مۇشەققەت چېكىدۇ،
كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەرەج تارتىدۇ،
قىينىلىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سە-
ۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— سەپەردە قىيىنچىلىق كۆپ بولىدۇ،
لېكىن دانالار ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىد-
غان، — دېدى ئەرەستۇ تەپەككۇر بىلەن
جاۋاب بېرىپ، — چۈنكى ئۇنىڭ كىشىگە
ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار. ھەربىر مۇ-
شەققەتنىڭ كەينىدىن راھىتى، ھەربىر
مۇشكۇلاتنىڭ ئارقىسىدىن ھالاۋىتى بار.
مەسىلەن، ئاش - تاماق جاننىڭ راھىتى،
تەننىڭ قۇۋۋىتىدۇر، ئەمما شۇنداق ئەزىز
نەرسە ئوتنىڭ جاپاسىنى تارتمىغۇچە خام-
لىقتىن پىشىپ تەييار بولمايدۇ. ئالتۇننى
ھەممە خالايىق ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋار-
لايدۇ. لېكىن ئۇمۇ ئوتتا كىرمىگۈچە تا-
زىلانمايدۇ. سەپەر ئازابى دوزاخ ئازابى-
دىن كەم ئەمەس. بۇنداق ئازابلىق ئوتتا
كۆيۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بىراق يەنە-
لا نۇرغۇن كىشىلەر سەپەرگە چىقىش قا-
رارىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى،
مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن ۋۇجۇدى سەپەر ئوت-
لىرى بىلەن تاۋلىنىپ، ساپ ۋە پاك بو-
لىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى
سىناپ كۆرسە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك-
شۈبھە تاپالمايدۇ. سەپەر قىلىشنىڭ يەنە
بىر سەۋەبى شۇكى، بەدەن شۇ ئارقىلىق
ساغلاملىققا ئېرىشىدۇ. ئاددىيسى بىر ئادەم
بىر ەز مەسىلىدە ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن
ئىختىيارسىز ھالدا بىر نەچچە قەدەم مې-
ڭىپ قويغان تەقدىردىمۇ، شۇ تۈپەيلىدىن
ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇزۇق ماددىلار ۋە زې-
يانلىق خىلىتلار ھەزىم بولۇپ كېتىدۇ.
غىزاغا ئىشتىھا پەيدا بولىدۇ. شۇنچىلىك
سەپەردىنلا ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ساغلاملىق-
ھاسىل بولىدۇ. سەپەر قىلىشتىكى يەنە بىر
سەۋەب، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇشاللىق
بەخش ئېتىدۇ. داۋاملىق بىر خىل ھاۋا،
بىر خىل سۇ، بىر خىل مۇھىتتا تۇردۇپ-
رىشتىنمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئاغرىنىق ۋە
زەئىپلىك يۈزلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا كىشى-
لەرنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە يېڭى نەرسىلەر-
نى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ەز نەرسىنى تەكرار
ئىستېمال قىلىشتىن زېرىكىدۇ. تەبىئىتى
يېپيېڭى ۋە باشقا - باشقا نەرسىلەرگە ما-
يىل بولىدۇ. بۇنىڭغا سەپەر ئارقىلىقلا
ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەپەر تۈپەيلىدىن
سۇ ۋە ھاۋا ئالمىشىدۇ. شۇڭا سەپەردىن
كىشىلەرنىڭ تېنىگە ساغلاملىق، مۇقىملىق
ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. شۇ
ۋەجىدىن سەپەرگە ئالىملار رۇخسەت بېرى-
دۇ، دانالار ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ئېغىر ئالمايدۇ
ئەرەستۇ بۇ جاۋابنى بەرگەندىن كې-
يىن، ئىسكەندەر ئۇنىڭغا قايىل بولدى.
ئاندىن سوئال سوراشتىن توختىدى.

ئىسكەندەرنىڭ كەشمىر شەھرىگە يەتكەندىن كېيىن، مەللۇنىڭ تىلسىم قورغى-
نىغا يېقىنلىشىپ، كەشمىر شەھرىدىن شامال بىلەن ئوتنى ئوغرىلىغانلىقى
ۋە ئۇ ۋىلايەتنى ئۆلۈك جەسەتتەك نەپەستىن يىراق قىلغانلىقى، شەھەردىن
ئوت يوقالغىنىدا، ئەفلاتۇننىڭ ئۇ تىلسىمنى ئاچقانلىقى ۋە يوشۇرغان
شامال بىلەن مەللۇ ھاياتىنى بەرباد قىلىپ، مەخپىي تۇتقان ئوتنىڭ
ئۇچقۇنلىرىنى ئۇنىڭ ئۆمۈر خامىنىغا چاچقانلىقى، ئىسكەندەر-
نىڭ مەللۇ ئورنىدا فىرۇزدىن ئىبارەت يەنە بىر چىراغ بىلەن
كەشمىر دۆلىتىنى يورۇتقانلىقى.

تارىخ ئىلمىنىڭ دانىشمەنلىرى
ئىسكەندەرنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېدى:
ئەلقىسسە، مەللۇ قورغانىغا قېچىپ
بېرىۋالدى. ئۇ تىرىكلىكىنى ھەممىدىن ئەلا

بىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئىسكەندەر كېلىپ، پايتەختنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ تەلەي ۋە ئىقبالىنى قارا قىلدى. ئىسكەندەر يۇرت خەلقىگە ئادالەت ۋە خەير-ئېھسان شادلىق ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى. خالايىقمۇ ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلدى، ئىسكەندەرنىڭ مەرھەمەت ۋە مۇرۇۋۋەتلىرىگە كۆڭۈل باغلىدى. ئىسكەر ئۇلاردىن مەللۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سوئال سورىغاندا، خالايىق مۇنداق ئۇچۇر يەتكۈزدى.

— مەللۇ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ شان شەۋكىتىدىن قورقۇپ قېچىپ، قاراتاغ ئۈستىدىكى قورغان ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. بىز ئۇ قورغاننىڭ يا سېھرىي ياكى تىلسىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

خالايىق بۇ قورغاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، شۇ قەدەر ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەرنى ئايان قىلىشتىكى، دەرھال ئۇنىڭ چارە-تەدبىرىنى قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ئىسكەندەر دانالارنى يىغىپ، ھۆكۈمالارنى چاقىرىپ مەجلىس تۈزدى. ئىسكەندەر دانالاردىن مەسلىھەت سوراپ مۇنداق دېدى:

— كەشمىر شەھىرى گەرچە پاكىزە گۈلزارلىق بولسىمۇ، لېكىن ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق. شۇڭا دائىم جان بېغىشلىغۇچى مەيىن شامال بولمىسا، بۇ يەر دوزاختا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەگەر شامال چىقمايدىغان بولسا، بۇ گۈلشەننىڭ گۈللىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا، سۇنبۇللىرى قاپقارا تۈتۈنگە ئايلىنىدۇ. يەنىمۇ ئاجايىپراق ئىش شۇكى، بۇ شەھەردە ئوت يوقالدى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئەلگە ناھايىتى ئېغىر كۈلپەت ۋە دىشۋارچىلىقلار يۈزلىنىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنداق پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچ ئامالى قالمايدۇ. ئەگەر ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشنى ئوڭشاشنىڭ ئىلاجىنى قىلالايدىغان بولسا، بۇ يەردە تۇرغىنىمىز ياخشى. ئەگەر بۇ مۇشكۈلچىلىكنى يوقىتىشقا ئامالىمىز بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەردىن بالدۇرراق كېتەيلى. بىراق بۇ يەردىكى ئىشلارغا ئاجىز كېلىپ كېتىپ قالساق، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ياخشى ئەھۋالمۇ ئەمەس.

— ئەگەر شاھى ئالەمنىڭ ئارزۇسى شۇنداق بولسا، — دېدى دانىشمەنلەر ئىسكەندەرگە، — تەگرى خالىسا، مەللۇنىڭ بۇ ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئەل بېشىدىكى بۇ دىشۋارچىلىقنى يوقاتقايمىز. شاھىمىز خاتىرجەم بولسۇنكى، بۇ ئىش بىز خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاسان. ئون كۈنگىچە مۆھلەت بەرگەيلا، بۇ ئىشنى يوق قىلىش ئۈچۈن، تەڭرى بىزگە چوقۇم غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

— ئون كۈنگىچە ئىشىمىز توختاپ قالىدىغان بولسا، ئوت ۋە شامال يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ئادەم ۋە ئات ئۆلۈغلار خاراب بولمامدۇ، — دېدى ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن مالال بولغان ھالدا.

ئەفلاتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پادىشاھىي ئالەمنىڭ كۆڭلىگە غەم ۋە ئەندىشە يۈزلەنمىگەي. خۇدا خالىسا ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر تەدبىر بىلەن بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىمەن.

ئىسكەندەر ئەفلاتۇننىڭ بۇ سۆزىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇ ھالەتتە

تۇرغاندا شامال يوقالغانلىقى تۈپەيلىدىن شەھەردە شۇنداق قاتتىق ئىسسىق بولدىكى، جاھان دوزاختەك قىزىپ كەتتى. پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئىچىگە ھارارەت چۈشۈشكە باشلىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ قەدەر ئىسسىقتا، شەھەردە ئوت قالمىدى. ئاشپەز، ناۋايلار بۇ ئىشتىن ئىزئىرابقا چۈشۈپ، كۆيۈپ-پىشقان ھالدا نالە-پىغان قىلىپ، مۇنداق ئەرز قىلىشتى:

— پۈتكۈل جاھاندا ئوتنىڭ ۋۇجۇدى قالماپتۇ. چاقماق تاشلىرىمۇ خۇددى پاك ۋە مېھرىبان كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدەك يۇمشاپ كېتىپتۇ. شۇڭا چاقماقنى ھەرقانچە ئۇرساقمۇ، ئۇنىڭدا ئوت ئورنىدا سۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئاش-تاماق ئىشىدا نۇقسان كۆرۈلسە، بۇنى بىزدىن كۆرمىگەي دەپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئوت بىلەن شامال يوقالغاندىن بېرى، ئىسسىق تىنىقلىرىمىز ئوت سوغۇق ئاھىمىز شامال بولماقتا. كۈندۈزى بۇ جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتسە، كېچىسى چىراغ ياندۇرغىدەك ئوتمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. شامال بولمىغاچقا، بىر تال شامنى ياندۇرۇشقىمۇ ئامال بولمايۋاتىدۇ.

بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە خالايىق شۇ قەدەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىكى، ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىكتىن ھەممىسى ئېڭەكلىرىگە قوللىرىنى قويۇپ، ھەيران ۋە پەرىشان بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئىسكەندەر بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن ئەفلاتۇننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— قىلغان ۋەدەڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. خالايىققا ناھايىتى كۆپ زەخمەت يەتتى. ئەگەر بۈگۈندىن كېيىن زىيادە كۈتسەك، خەلقنىڭ ئارامى بۇزۇلۇپ، ھالاك بولىمىز، — دېدى.

— خالايىق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەرسۇن، بۈگۈنمۇ ۋەدە قىلغان ۋاقىتنىڭ ئىچىدە. خۇدا خالىسا، ئەتە مۇرادىڭ ھاسىل بولغۇسىدۇر، — دېدى ئەفلاتۇن.

ئىسكەندەر ۋە خالايىقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئۈمىدلەندى.

ئەلقىسسە، ئەفلاتۇننىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا قورقماي ۋەدە قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ جاماس ھېكىمنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىكى مۇنداق بايانلارنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلغانىدى: «بىر زامانلار كەلگەندە ئىسكەندەر شاھلار شاھى بولۇپ، جاھان مەملىكەتلىرىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ كەشمىر شەھىرىنىمۇ ئالىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مەللۇ دېگەن كىشى قېچىپ، قاراتاغ قورغىنىغا يوشۇرۇنىدۇ ۋە خالايىقتىن ئوت بىلەن شامالنى تارتىۋالىدۇ. ئۇ قورغان پۈتۈنلەي تىلسىم بىلەن بىنا قىلىنغان، قورغان ئىچىدە تاشتىن ياسالغان بىر ئۆي بار. ھېكمەت ئىگىلىرى بۇ ئۆينىمۇ تىلسىم بىلەن تۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە شامالنى قاماپ قويغان ئىكەن. چۈنكى ئىلگىرىكى زامانلاردا شامال ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ۋە قاتتىق چىققانلىقتىن، خالايىقلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنىكەن. دانىشمەنلەر شامالنى ئۇ ئۆيگە قامىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىن يۇرتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بىر تۈڭلۈك ئېچىپ قويغان. شامال بۇ تۈڭلۈكتىن نورمال ھالەتتە چىققانلىقتىن، كەشمىر ئەھلى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان. ئىسكەندەر شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن بۇ تۈڭلۈك مەللۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدۇ-دە، شەھەردە

شامال پۈتۈنلەي توختايدۇ. قورغان ئىچىدە يەنە تىلسىمدىن بىنا قىلىنغان بىر قۇدۇق بار. بۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزى كىچىك، ئەمما تۈۋى مۇشۇ قورغاننىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدۇ. بۇ قۇدۇقنىڭ تېگىدە بىر ئوتخانا ياسالغان ۋە كەيۇمەرسنىڭ زامانىدىن باشلاپ ئوت قالمىغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ھەيكەل ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كورەك قويۇلغان بۇ ھەيكەلنى ئىلمىي ھېكمەت ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، دائىم كورەك بېسىپ، ئوتنى يالقۇنجىتىپ تۇرىدۇ. كەشمىر شەھىرىدىكى ئوتنىڭ مەنبەسى، ياق بەلكى تىرىكلىك قۇياشىنىڭ تۇغىدىغان جايى ئەنە شۇدۇر. بۇ شەھەردىكى چاقماق تاشلىرىنىڭ ئوتىمۇ ئاشۇ جايغا بەند قىلىنغان. ئۇ ھەيكەل كورەكنى بېسىپ، ئوتخانىنىڭ ئوتلىرىنى يالقۇنجىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق ئاغزىغا ئوتنىڭ شولىلىرى ئۆرلەپ چىقىدۇ. كەشمىر خەلقى مۇشۇ ئوتتىن بەھرىمەن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويسا، ئوت يەر تېگىگە خۇددى قۇياش پاتقاندەك پىنھان بولىدۇ. كەشمىر خەلقى ئوتتىن مەھرۇم بولىدۇ. ئىسكەندەر كەشمىرنى ئالغان چاغدا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا مۇشۇ تەدبىرنى ئىشلىتىپ، تاقابىل تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھېكمەت ئىگىلىرى ئىسكەندەرگە بۇ ئىشنى ھەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشىدۇ. بىراق ئۇلار ئىچىدە ئەفلاتۇن ئەڭ قابىل ئالىمدۇر. بۇ مۇشكۇلات شۇنىڭ قولى بىلەن ئاسان بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەفلاتۇن لەخمىنى ئاچسۇن. ئاندىن ساناپ تۇرۇپ ئون يەتتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، ئىككى تەرەپكە ياخشىراق نەزەر سېلىپ مۇلاھىزە قىلسۇن. ئۇ لەخمىنىڭ ئاغزىنى تېپىپ، شۇ يەردە چېدىر تىكسۇن. ئۇ يەردە ئىككى تەرەپتە كۈمۈشتىن ياسالغان ئىككى لەۋھە بار. ئۇ ئىككى لەۋھەنى ئىككى تەرەپنىڭ تېمىغا چاپلىۋەتسە، ئۇ يەردىن ئىككى يول ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىدىن شامال، يەنە بىرىدىن ئوت ئەلەڭگۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېكىتىلگەن يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دەرھال تاشقىرىغا قايتىپ چىقسۇن. ئېچىلغان يولنىڭ بىرىدىن شامال چىقىپ قورغاندىكىلەرنىڭ بېشىغا شۇنداق قىيامەتلەرنى سالىدۇكى، قورغاننىڭ بارلىق ئالىي ئىمارەتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدۇ. خەلقى ھالاك بولىدۇ. قۇدۇقتىن يالقۇنجاپ چىققان ئوتلار قورغانغا تۇتىشىپ، نە سېپىل، نە راۋاقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەلقلەرمۇ كۆيۈپ، كاۋاپ بولۇپ، ھەتتا كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەفلاتۇن تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا، ئوت بىلەن شامالنىڭ شەھەرگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا، ھېلىقى ئىككى لەۋھەنى تامغا توغرىلاپ، ئازراق تۆشۈك قالدۇرۇپ قالغان جايلارنى مەھكەم ئېتىۋەتسۇن، يېرىق ۋە دەز كەتكەن جايلارنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن ئوت بىلەن شامال پەسىيىپ، مۇۋاپىق ھالەتكە كېلىدۇ.» ئەفلاتۇن بۇ بايانلارنى ئوقۇغان بولغاچقا، ئىسكەندەرگە بۇ ئىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى.

ئۈچ كۈن مۆھلەت توشقاندىن كېيىن ئەفلاتۇن بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، ئۇ لەخمىنىڭ ئاغزىنى تاپتى-دە، شۇ

يەردە چېدىر تىكتى. كەچ كىرگەندە ئىسكەندەرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ:

— بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈرۈپ بولدۇم. ئەمدى پەقەت بىرلا ئىش قالدى. سېنىڭ تەلەي ـ ئىقبالىڭنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۇ ئىككى يول ئېچىلىدۇ. بۇ يولدا سېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ بىلەن ھىممىتىڭ ۋە شىجائىتىڭ لازىمدۇر. سەن مەن بىلەن بىللە كىرىپ، ئىككى لەۋھەنى سۇندۇرغىن. بۇ ئىشنى بىجىرسەڭلا، ئاجىزلارنىڭ ئىشى ئاسايىشلىققا ئايلىنىدۇ.

ئەپلاتۇننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئىسكەندەر بىرنەچچە مەھرەملىرى بىلەن بىرگە ئاتلىنىپ، لەخمە تەرەپكە قاراپ يۈردى. ئەفلاتۇن ئىسكەندەرنى قارا تۈندە لەخمە ئاغزىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار ھەمراھلار بىلەن بىللە لەخمە ئىچىگە كىردى. مۇلاھىزە بىلەن يۈرۈپ، كۈمۈشتىن ياسالغان لەۋھەنى تاپتى. بۇ ئىككى لەۋھە ئوت بىلەن شامالنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قويۇلغانىدى. ئىسكەندەر ئەفلاتۇننىڭ ئەمرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ ئىككى لەۋھەنى كۆرگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ ئەفلاتۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ھەقنى يادىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇ ئىككى لەۋھەنى شۇنداق تەپتىكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياندىكى تامغا چاپلىشىپ قالدى. ئۇلار دەرھال لەخمىدىن قېچىپ چىقتى ـ دە، سىرتتا قورغان تەرەپكە قاراپ تۇردى. بىر نەپەس ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئوت قورغان ئىچىدىن كۆككە ئۆرلەپ چىقتى. بىردەمدىلا شامال پەيدا بولۇپ، قورغاندىكىلەرگە قىيامەت كۈننى كۆرسەتتى. قورغان ئىچىدە قىيا ـ چىيا ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. ئىسكەندەر بىلەن ئەفلاتۇن يەنە لەخمە ئىچىگە كىرىپ، ئېچىلغان ئىككى يولنىڭ ئېغىزىنى تاش ۋە گەج بىلەن پۈختىلاپ ئېتىپ، ئوت بىلەن شامالنىڭ چىقىشىغا ئۆز لايىقىدا يول قالدۇرۇپ قويدى. قالغان جايلارنى مەھكەم باغلىدى. شۇندىن كېيىن ئوت بىلەن شامالنىڭ شىددىتى ئازايدى. ئاندىن بۇ ئىككىيلەن خاتىرجەم بولۇپ، قايتىپ چىقتى. ئۇلار خۇشال ـ خۇرام ھالدا لەشكەرلىرى قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە، ئارقىسىدىن ئاھۇ پىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. قارىسا بىر توپ خالايىق لەخمە ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. قورغانغا ئوت چۈشۈپ ئەۋجىگە چىققان شامال شىددەت بىلەن ھەر تەرەپكە تاشلانغاندا، بۇ ئوتتىن قورغان ئەھلىنىڭ يۈرەكلىرى كاۋاپ بولۇپ، شامالدىن پاراكەندە ۋە سەرسان ـ سەرگەردان بولدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئوتتا كۆيۈپ، قالغانلىرى شامالدا سورۇلۇپ ھالاك بولدى. قالغانلىرى باشلىرىنى ئېگىشكەن ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە مەللۇ ئىسىملىك ھەباك ۋە ئۇنىڭ فىرۇر ناملىق ئوغلى، مېھرىناز ئىسىملىك قىزىمۇ بار ئىدى. بۇ قىز گۈزەللىكتە ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياشنىڭ ئۆزى ئىدى. مەللۇ ئىسكەندەرنى كۆرۈش بىلەنلا بېشىنى يەردە قويدى. ئۇ خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ياش تۆككەن ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، نەزمە:

كى شاھا، قاشىڭدا گۇنەھكارمەن،
جەزا ھەرنە قىلساڭ سەزاۋارمەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەگەر ئەڤۇ جۇرمۇمغە شامىلدۇرۇر،
تىرىلمەك ماڭا ئەسرۇ مۇشكىل ئىرۇر.

مەللۇ ئىسكەندەرگە ئۆزىنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى ئىزھار قىلىپ:

— ئوت ۋە شامال سەۋەبىدىن ھاياتلىقىم بەرباد بولۇش گىردابىغا بېرىپ يەتتى. يەنە سىنىڭ ئالدىڭدا ئۇياتلىق ۋە گۇناھلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھەر ھالدا ئۆلۈمىم جەزملەشتى. تەڭرى سىنى ئامەت ۋە ئىقبالغا ئىگە قىلسۇن ۋە ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن. ئەگەر مېنى ئاخىرقى ئۆمرۈمدە خۇشال قىلاي دېسەڭ، بۇ ئىككى پەرزەنتىمگە كەڭچىلىك قىلىپ، مېنى شاد قىلغىن، — دېدى.

ئىسكەندەر مەللۇنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ۋەھىمە ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى چىقىرىۋەتتى.

— بۇنداق بولۇشنى بىزدىن كۆرمىگىن، — دېدى ئىسكەندەر مەللۇغا، — ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ. ئەمدى يۈزۈڭنى تۇپراققا قويۇپ، ئاجىزلىق بىلەن كەچۈرۈم سوراۋاتىسەن. شۇڭا كەڭچىلىك قىلىپ، گۇناھلىرىڭغا ئەپۇ قەلىمى بىلەن سىزدىم. قىلغان ئىشلىرىڭنى سۈرۈشتۈرمەيمەن. ئەگەر سالامەت بولساڭ، يۇرتۇڭغا باج ـ خىراجەتنى توختىتىپ قويۇپ، ساڭا يەنىلا تەخت ۋە تاجىڭنى ئىنئام قىلىمەن. مەملىكىتىڭنى يەنە ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا سىنى پادىشاھ قىلىمەن. ئاندىن بىز چىقىپ كېتىمىز. سەن ماڭا بەلگىلەنگەن باج ـ خىراجنى ۋاقتىدا ئەۋەتىپ تۇرساڭلا بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئۆمرۈڭ يار بەرمىسە، ئوغلۇڭنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززىتىنى قىلىپ، ئۇنى سىنىڭ ئورنىڭدا يۇرتۇڭغا پادىشاھ قىلىمىز. يەنە قىز پەرزەنتىڭنىمۇ ۋىسال ھەرىمىڭگە خاس قىلىپ، نىكاھىمغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە سىرداش ۋە ھەمراھ قىلىمەن. سەن بىلەن تۇغقان بولىمىز.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مەللۇ خۇشال بولغان ھالدا، جېنىنى ئىسكەندەرگە پىدا ئەيلەپ، ۋاپات بولدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا مېھمان بولغانلىقى ئۈچۈن، مەللۇ بۇ مېھمانىنىڭ يولىغا ئۆزىنىڭ جان جەۋھەرلىرىنى چاچقۇ قىلىش ئارقىلىق كۈتۈۋالدى.

مەللۇ ئۆلگەندىن كېيىن، پۈتكۈل دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرى يىغىلدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا بىر نەچچە كىشىنى تەيىنلەپ ئۆلۈكنى شاھانە تەرتىپ ـ قائىدىلەر بويىچە زىننەتلەپ چىقتى. ئاندىن باشقا شاھلارنى ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈشكە تەيىنلىدى. ئۇلار مەللۇنى ئۇنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادلىرى دەپنە قىلىنغان زاراتكاھلىققا ئېلىپ كېلىشتى. مەللۇ ئۇ يەردە ئۆزىگە ناھايىتى كاتتا يەرلىك تەييارلاپ، پەشتاقلىرىغا قەدەر پۈتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنى ئاشۇ جايغا دەپنە قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە پۈتۈن دۆلەت بويىچە ئۈچ كۈن قاتتىق ماتەم تۇتۇلدى. يىغا ـ زارە قىلىنىشتى. ئاندىن ئىسكەندەر مېھرىبناز بىلەن فىرۇزنىڭ قارىسىنى ئۈشتۈپ، ماتەمدىن تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىر شاھانە زىياپەت تۈزدى. ئۆزى توققۇز پەشتاقلىق تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى. باشقا شاھلار يىراقتىن ئىككى سەپكە تىزىلغان ھالدا ئىككى تەرەپتە ئورۇن ئالدى. باشقا خالايىقلارمۇ ھەربىرى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئورنىدا ئولتۇرۇشتى. ئىسكەندەر ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلەرنى كۆرسىتىپ، دۈشمەنلىرىگە دوستلارچە زىياپەت بەردى، بۇنداق نېمەتلەرنى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. پەلەك داستىخىنىدەك كەڭ داستىخانلاردىن تۈمەن-تۈمەنلەپ سېلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇياشتەك نانلار تىزىلدى. ھېسابسىز ئات-كالا ۋە قويلار سويۇلدى. ئاش ئورنىغا تاۋاق-تاۋاقلاردا كاۋاپلار تىزىلدى. زىياپەت ھەددىدىن تاشقىرى مول بولدى. جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇپ، سۆيۈندى. بۇندىكى ھالاۋەت ۋە پاراغەتلەرنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇئا-تەكبىر قىلىشتى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن دۆلەت ئەركانلىرى كېلىپ، فىرۇزنى زىننەتلىدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئالتۇن تاج كىيدۈرۈپ، زەرباب تون ئۈستىگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ قويدى. يەنە كەشمىرنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىدىن ئۈچ توققۇز كىشىگە تون، ساۋۇتلارنى تەقدىم قىلدى. 200 كىشىنىڭ ئالدىدا دۇبۇلغىلارنى قويدى. يەنە 2 مىڭ كىشىگە يالاڭ تونلارنى سوۋغا قىلدى. ئۇلار سۆيۈنگىنىدىن ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈشتى. ئىسكەندەر يۈكۈنگەنلەر ئىچىدىن فىرۇزنى چاقىرىپ، ئەلگە پادىشاھ بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە چارە يوق. بۇ جاھاندىكى شاھ ۋە گادايلارنىڭ بارىدىغان جايىمىز ئەنە شۇ زەرەتگاھتۇر. مەيلى شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن بۇ ئالەمدىن كەتمەي ئامالى يوق. ئۇنىڭ قانچە ئۆمۈر كۆرگۈسى بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن داۋاملىق ياشاپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئالەمدە ئالىي تەخت ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن بېزەلگەن كىشىمۇ ئاخىر بىر كۈنى تاۋۇت تاختىسىغا موھتاج ۋە ئۆلۈم ئىلكىدە يالىڭاچ بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ جاھاندىن ھېچكىم كەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىمىزنى ھەر دائىم ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ دۇنيا بولسا بىر ئېكىنزاردۇر. ھەممە كىشى بۇ ئالەمدە تېرىغانىنى ئۇ ئالەمدە ئورۇپ، ئۇزۇقلىنىدۇ. ھەربىر كىشىگە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئاخىرەت دەسمايىسى بولىدۇ. بىراق شاھلارنىڭ ئاخىرەتلىك دەسمايىسى بولسا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن يۇرت سوراشتىن ئىبارەت. سېنى بۇ يۇرتقا پادىشاھ، بەلكى بۇ ئەلگە باشپاناھ قىلدىم. خەير-ئېھسان ۋە ياخشىلىقنى ئادەت قىلىپ، ئادالەت يولىنى تۇتقايسەن. پۇقرالارنى باياشات، يۇرتنى ئاۋات قىلغايسەن.

ئىسكەندەر فىرۇزغا يۇقىرىقىدەك ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئىككىلا دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىغا سازاۋەر قىلدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەت يوللىرىدىن تەلىم بېرىپ، ھەققانىيەتنى ئۆگەتتى. فىرۇز شاھمۇ يەر سۆيۈپ، بۇ سۆزلەرنى جان-دىلىدىن قوبۇل قىلدى.

— ئارزۇيۇم شۇكى، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن، دېگىنىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن، — دېدى ئۇ ئىسكەندەرگە تەزىم قىلغان ھالدا، — لېكىن ئۆزرە ئېيتىشقا ئاجىزمەن. ئاتامنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ناھايىتى خىجىل بولغانىدىم. بىراق

ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ساغلام بولمىغاچقا، نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمايتتى. شۇ سە ـ ۋەبتىن ئۇ پادىشاھى ئالەمنىڭ پەرمانىدىن باش تارتتى. مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغانىدىم. بىراق ئۇنىڭ تەلەي ـ ئىقبالى يانغان بولغاچقا، نەسى ـ ھەتنى زادى ئاڭلىمايتتى. ئىنشائاللا، ئەمدى تەڭرىدىن ئۈمىدىم شۇكى، ھەزرى ـ تىڭنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىنئام ـ ئېھسانلىرىڭدىن بەھرىمەن بولغاي ـ مەن. گەرچە ئاتام ئۆزىنىڭ قېرىلىقى تۈپەيلىدىن خاتا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن سېنىڭ كەڭچىلىكىڭگە ئېرىشىپ، ياخشىلىقلىرىڭنى ناھايىتى كۆپ كۆردۈم. شۇڭا مەن ھەرگىز خاتا ئىش قىلمايمەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇر ـ غۇزۇپ، كەشمىر ئېلىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گەرچە مەلىلۇ قېرىلىق بىلەن ئاجىز بولۇپ، بۇ ئالەمدىن كەتكەن بول ـ سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىدا ياش ۋە قاۋۇل ئوغلى ئىز باسار بولۇپ، تەخت ۋە

تاجغا ۋارىسلىق قىلدى. ساقىينامە:

ئاياقچى، ماڭا جامى پىرانە تۇت،
دېمەي خۇسرەۋانە، فەقىرانە تۇت.
ھەمۇل جام بولسۇن ماڭا چارە رەس،
كى باشدىن قىلىپمەن يىگىتلىك ھەۋەس.
مۇغەننىي، ھەزىن نەغمە بۇنياد قىل،
يىگىتلىكنىڭ ئەييامىنى ياد قىل.
كى ئول نەغمەدىن تازە ھۇشى تاپاي،
ساغىنىپ يىگىتلىكنى جۇشى تاپاي.
نەۋائى، بەسى گەنج ئالدىڭ، دەرىغ،
يىگىتلىكنى بەرباد قىلدىڭ، دەرىغ.
يىگىتلىكدە يول ئۇردى نەفسى ھۇسۇد،
نەدامەت قارىلىقدا ئەمدى نە سۇد.
بۇ سىددىقە ھەم تۇت مەيى پىرلىق،
مەيى پىر، لىق تۇت مەيى پىرلىق.
يىگىتلىك ھەباۋۇ ھەدەر كەتتى ئول،
بارى خۇبلىقىدىن گۇزەر ئەتتى ئول.
مەيى تۇتكى، كەتكەي بارى ھۇشلۇق،
كى ئاندىن ماڭا يەتسە بىھۇشلۇق.
چۇنان قالماغاي بارۇ يوقدىن ئەسەر،
ئەسەر دېمەكىم، بەل ئەسەردىن خەبەر.

**ھۇشيار ئۇستاز نەسىھەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئىش ئۈتكەندە قىلغان پۇشايمىنىدىن پايدا تاپالمىغان غاپىل يىگىتنىڭ ھېكايىتى.**

ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى بىر ياش يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىھرىمۇ دىلنى مەپتۇن قىلـ ـغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ تەقەززاسىدىن بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ، قىمىش ـ ياز نەغمە ۋە شاراب بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ تەربىيەت ۋە ئەدەب ئەخلاق يولىدا پىر ئۇستاز دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ھەمسايىسى بار ئىدى، ئۇ يىگىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك

ۋە قوشنا ئىدى. بۇ يىگىتنىڭ ناشايان ئىشلىرى ۋە غەلۋە ـ ماجىرالىرى تۈپەيلى ـ دىن، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ئۇستا كۆپ تەڭلىكتە قالاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا دائىم سىلىق ۋە يېقىملىق لەۋزى بىلەن پەندى ـ نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. لېكىن ئۇ يىگىت نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي:

— ياشلىق دېگەن راھەت ـ پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈدىغان، قېرىلىق بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلدۇر. تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىقنى قېرىغان مەزگىلدە قىلغان ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ دائىم شاراب بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كۈننى ئۆتكۈزەتتى. ياشلىق مەزگىلى ھەش ـ پەش دېگىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىدا مادار، تېنىدە قۇۋۋەت قالمىدى. ئۇ ئەمدى تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتلىنىپ قالغان پاسىقلىق ھەم زەئىپ ـ ناتىۋانلىق تۈپەيلىدىن ئىبادەت قىلالمىدى. قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قىلچىلىك زوق ۋە ھۇزۇر ئالالمىدى. ئۇ يىگىت شۇ ھالەتتە قېرىپ ئۆمرى ئاخىرغا يەتتى. بۇ چاغدا پىر ئۇستاز ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە كىردى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇستاز ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا، بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— قانچە قېتىملاپ پەندى ـ نەسىھەت قىلغانىدىم، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا، — لېكىن سەن قۇلاق سالماي، ئورۇنسىز ئىشلارنى قىلدىڭ. بېشىڭغا مۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟

ئۇ كىشى لىۋىنى ئاران مىدىرلىتىپ:

— ئۇ چاغدا مۇنداق تەجرىبە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتمىگەنىدى. قېرىغان چېغىمدا بۇنداق ناتىۋان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ياش ۋاقتىمدا ھەرگىز يامان ئىشلارغا يولىماس ئىدىم، — دېدى.

— مەن ساڭا نەسىھەت قىلغان چاغلاردا ئاتاڭ نەچچە ياشلاردا بار ئىدى، — دەپ سورىدى ئۇستاز ئۇنىڭدىن.

ئۇ كىشى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— بىر يۈز ئون ئىككى ياشتا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇ چاغدا ئاتاڭمۇ سېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭدەك زەئىپ، ناتىۋان ھالەتتە بولغىيدى، — دېدى ئۇستاز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەجرىبە بولامدۇ؟

ئۇ كىشى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولدى.

كىمگە تەگرى تەرىپىدىن ياخشىلىق يەتسە، ئۇ كىشى چوقۇم باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئالىدۇ.

**ھېكمەت، ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «قېرىلىقتا كىشىنىڭ پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر، جىسمىدىن ھۇزۇر كېتىدۇ. ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ياشلىقتا كىشىنىڭ تەبىئىتى ياخشى ئىشلارغا مايىل بولمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، ئۇ دانىشمەن ھېكىمنىڭ قېرىلارغا خاس چوڭقۇر تەپەككۇرى بۇ بەختلىك ياش پادىشاھقا يول كۆرسەتكەنلىكى.**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— يىگىتلىك مەزگىلدە ھەر قانداق ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزۈش ئاسان. يىگىتلىك دەۋرىدە كىشىنىڭ ھەممە ئىشقا زوق ـ ئىشتىياقى، لەززىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. كىشى قېرىغاندا ئۇنىڭغا ھېچ ئىشقا زوق ـ ھەۋەس، كۈچ ـ قۇۋۋەت قالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ياش ۋاقتلىرىدا يامان ئىشلارغا كۆڭۈل بېرىدۇ،

ياخشى ئىشلاردىن قاچىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرگىن.

ئەرەستۇ بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق سۆز باشلىدى:

— ئادەم كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدا ئەقىل-ئىدراك ئاز، تەبىئىتى بىلىم ۋە پاراسەتلەردىن يىراقراق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ھەمىشە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەقىل-ئىدراكىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن داۋاملىق نەپسىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ، ئادەم بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتۈپ، ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ دىلىنى ئەقىل پاراسەت نۇرلىرى يورۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل كۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەقىل، يەنە بىرى نەپسىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى كۈچلۈك بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا كۆڭلىنى بەرسە، بۇنداق كىشى پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىدۇ. خالايىق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالسا، ئۇ تەبىئىي ھالدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. نەپسى ئۇنى ھەر قانداق ھاۋايى ھەۋەسكە، يامان، چاكىنا ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ رەت قىلىشقا ئىلاجسىز قالىدۇ. ئۇنى شۇ ھامان ئورۇندايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى ھەر قانداق ۋاقىتتا خاتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا مايىلدۇر. ھەر كىم ئۆزىنىڭ روھانىيىتىنى پاك ۋە تازا تۇتسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شامى يورۇتۇپ، مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ. قېرىغاندىمۇ بارغانسېرى پاك ۋە دانىشمەن بولىدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ بېشى ياشلىق دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. كىشى ياشلىقتا قايسى ئىشقا مايىل بولسا، قېرىغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ياققا تارتىدۇ. ياشلىقتا قانداق ئىشقا كۆڭۈل بەرسە، قېرىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئىش نامايان بولىدۇ.

**كۆڭۈل سىپھىرلىك چاچتىن قاپقارا خالغا مايىل بولۇپ قالغانىدەك، ئىسكەندەرنىڭ كەشمىردىن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقى، رايى ھىندىنىڭ دۆلەت كاتىپلىرى ۋە ھېكمەت ئەھلىنى ئارىغا سالغانلىقى، ئۇلار ئىسكەندەر ئالدىدا قول پادىشاھتىن ئۆز گۇناھىنى تىلىگەنىدەك ئۆزرە ئېيتىپ، كەچۈرۈمگە ئېرىشكەنلىكى، رايىنىڭ ئىسكەندەرنى ھىندىستان تەرەپكە باشلاپ، گۈزەل باغ-بوستانلاردا قىشلاشقا تەكلىپ قىلغانلىقى، ئۇ بوستانلارنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ چەك-چېگرىسىغا يەتكىلى بولمايدىغان تەرىپى، بەلكى بۇنداق يەرنىڭ پۈتكۈل روي زېمىندا تېپىلمايدىغانلىقى.**

تارىخ ئەھلى بۇ داستانغا مۇنداق ھەرپلەرنى يازدى:

ئەلقىسسە: ئىسكەندەر فىرۇز شاھقا كەشمىرنى بېرىپ، ئۇنى تەخت ۋە تاج بىلەن ئۇلۇغۋارلىقتا ئېرىشتۈردى. تاپشۇرىدىغان باج خىراجىتىنى بەلگىلەپ، ئۆز ئىلىكىگە پادىشاھ قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە يول خىراجىتىنى ھەل قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بەردى ۋە فىرۇز شاھقا:
— سەن ھازىردىن باشلاپ ھېچ
ئىشقا مايىل بولماي، جەڭدىي تەييارلىق
قىلىپ، ئارقىمىزدىن پات يۇرسەت ئىچىدە
ھىندىستانغا يېتىپ بارغىن، — دېدى.
ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ھىندىس-
تان تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىدى.
ئۇنىڭ لەشكەرلەر دەرياسىغا شاۋقۇن - سۈ-
رەت چۈشتى. يول يۈرگەنىدە ئۇلارنىڭ
چاڭ تۇزاڭلىرى پەلەككە يېتەتتى. ئۇلار
مەنزىلمۇ مەنزىل يۈتكىلىپ، ماڭغان يوللى-
رىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، بەلگە سېلىپ
ماڭاتتى. قەدىمى ھەر بىر دىيالارغا يەتسە
شۇ دىيارنى ئېلىپ، ئۆزىگە تەۋە قىلاتتى.
يۇرتىنى يامانلاردىن يارىتىۋېلىپ، ياخشى-
لارغا بېرەتتى. باشتۇكلۇق قىلغانلارنىڭ
بېشىنى پەس قىلىپ، ناتىۋان ھالغا كەل-
تۈرەتتى. ھىندىستانغا بارغۇچە ئادالەت
ۋە ئېھساندىن چۆللەرنى ئاۋات قىلىپ
باغۇ - بوستانغا ئايلاندۇردى. بۇ خەۋەر
ھىندىستان پادىشاھى رايى ھىندىغىمۇ
ئاڭلاندى. راي ئىسكەندەرنىڭ كەشمىرگە
كەلگەندە شۇ قەدەر كۈچلۈك سېھىرگەر-
لەرنى ئاجىز قىلىپ، چارە - تەدبىرلەر بىد-
لەن تىلسىملارنى ئېچىپ، ئاخىر كەش-
مىرنى قولغا ئالغانلىقىنى تولۇق ئاڭلىغان-
دى. شۇڭا ئۇ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قى-
لىپ، ئەڭ كېيىلشىنىڭ زادى مۇمكىن ئەمەس-
لىكىنى شەك - شۈبھىسىز جەزملەشتۈردى.
ئىسكەندەرنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن، ھەددى-
ھېسابسىز پېشكەشلەرنى تەييارلىدى.
ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، ئېسىل ما-
تالاردىن توققۇز توققۇزنى چىگىپ تەي-
يارلىدى. ھەرخىل ئېسىل ۋە ھەيۋەتلىك
پىللاردىنمۇ توققۇز توققۇزنى، يەنە بىر
رىۋايەتتە ئوتتۇز توققۇزنى تەييارلىدى.
ئۇ پىللارنىڭ ھەر بىرىدىن زېمىن ۋە
زامان تىترەيتتى. ھەربىر پىلنىڭ جىس-
مى تاغدەك بار ئىدى. كۈچ - قۇۋۋىتى
بولسا، تاغلارنى تالقان، بەلكى چاڭ تو-
زانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىدە ئىدى.
ئۇلارنىڭ جىسمى تاغقا ئوخشىسا، مېڭىش-
لىرى بىر زور كېمىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ
بېشى تاغنىڭ ئۈچىدىكى غايەت زور بىر
قورام تاشقا ئوخشايتتى. قۇلاقلىرى كېمە
بېشىغا ئورنىتىلغان ئىككى يەلكەنگە ئوخ-
شايتتى. بۇ پىللارنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى
كېمە ئەمەس بەلكى بۈيۈك ئاسماندەك،
ھەربىرىنىڭ خارتومى گويياكى بىر سامان
يولىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خارتوم ئەمەس،
بەلكى ئىنتايىن چوڭ كاناي، يىاق، سۆ-
لەت - سالاپەتتە ھەيۋەتلىك ئەجدىھانىڭ
ئۆزى ئىدى. ئۇ پىللار خارتومى بىلەن
چىرماپ تارتىدىغان بولسا، ئۇزۇن يىل
ئۆمۈر كۆرۈپ، پەلەك بىلەن بوي تالاش-
قان ھەيۋەتلىك چىنارلارنى غولىدىنلا
ئۈزۈپ تاشلايتتى؛ بىر تۇرتۇش بىلەنلا
سىدرە دەرىخىدەك يۈكسەك ۋە مۇستەھ-
كەم مۇنارلارنى ئۆرۈۋېتەتتى. مۇشۇنداق
ھەيۋەتلىك پىللارنىڭ ھەر بىرىگە يەتتە
قىسما يوپۇقلارنى يېپىپ، ئۇلارنى ئالتۇن
ۋە لەلى - جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلىگە-
نىدى. ھەربىر پىلغا بىر خۇش قامەت
پىل باققۇچىنى ئولتۇرۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ھۆسنى جامالدا تەڭداشسىز
ئىدى. ھەربىر پىلنىڭ ئۈستىدە بىردىن
تەخت قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ
ئىچىدە توققۇز نەپەردىن ھىندى غۇلام-
لىرىنى جايلاشتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر-
بىرى نگۈزەللىك ۋە خۇش خۇيلۇقتا

كۆز قارىچۇقىدەك ئەزىز ۋە شوخ ئىدى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېرىق ۋە قىزىل
لىباسلارنى كىيگەن ھالدا، مىڭىپ كېتە-
ۋاتقان پىللارنىڭ ئۈستىدە بەخىراھان
ئولتۇراتتى. يەنە ھەرخىل ئېسىل ئاتلار-
دىن يەتتە توققۇزنى تەييارلىدى. بۇ
ئاتلارنىڭ ھەربىرى پىلدەك كۆرۈنەتتى.
ئۇلارنىڭ ھەر بىر توققۇزى بىر خىل
رەڭدە بولۇپ، گۈزەللىكتە باشقا رەڭلەر
بىلەن ھۆسن تالىشىپ تۇراتتى. قارىماققا
بۇ ئاتلارنىڭ ھەر بىرى بىر پەرىدەك،
ئەمما چوڭلۇقتا دىۋىدەك كۆرۈنەتتى. ئات-
لارنىڭ ھەممىسى تاڭ شامىلىدەك چاپقۇر
ۋە يۈگرۈك ئىدى. ئاتلارنىڭ ھەربىر
تۇتقۇزىغا بىر خىل رەڭدە قىممەتلىك ۋە
ئۆزگىچە يوپۇقلارنى ياپتى. ھەممىسىگە
ئالتۇن قۇشقۇراقلارنى باغلىدى. ھەربىر
ئاتقا بىردىن كېلىشكەن ۋە گۈزەل ھىن-
دى چاكىرىنى مىندۈردى. ئۇلار ھەممىسى
زەرباپ كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن
كەمەرلەرنى باغلىغانىدى. ئۇ چاب-
كارلار شۇ قەدەر شوخ ۋە چاققان ئىدىكى،
ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، نەيزىسى-
نىڭ ئۇچى بىلەنلا يەردىكى ساۋۇت ۋە
قالقانلىرىنى ئالاتتى؛ ئۇلار قولاقلىرىغا
ئالتۇندىن ياسالغان قۇللۇق ھالقىلىرىنى
تاقىغانىدى. يەنە توققۇز توققۇز ئۇلاغدا
نەپىس رەختلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار شۇ
قەدەر ئەۋرىشىم ۋە نىپىز ئىدىكى، ئۇنىڭدىن
ئون قات كىيىم كىيگەن تەقدىردىمۇ يەنە بە-
دەن شۇنچە روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كىيىم
كىيگەن ياكى كىيمىگەنلىكىنى بىلىش قى-
يىن ئىدى. يەنە قۇياشتەك شولا چېچىپ
تۇرىدىغان ئالتۇن ئىدىش ۋە جاملاردىن
توققۇز توققۇزنى تەييار قىلدى. گۈل

يۈزلۈك غۇلاملار بىر قولىدا ئىدىشنى،
يەنە بىر قولىدا جامنى تۇتقان ھالدا
تەق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. يەنە شېكەر
تىللىق، شېرىن سۆزلۈك تۇتىلاردىن توق-
قۇز توققۇزنى تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ
بەدەنلىرى زۇمرەتتەك ياپيېشىل، تۇمى-
شۇقلىرى ياقۇتتەك قىپقىزىل رەڭدە تاۋ-
لىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياقۇت ئېغىزلىرى
سۆزلىگەندە گۆھەرلەرنى چاچاتتى. يەنە
چىرايلىق تورلاردىن توققۇز توققۇزنى
تەييارلىدى. بۇلار گۈزەللىكتە جەننەت
تورلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار خۇددى
زىبا سەنەملەردەك ئادەمنىڭ ئەقلى-ھو-
شىنى ھەيران ۋە سەرگەردان قىلاتتى،
ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى تىترەپ تۇرغان
تاجلىرى گۈزەل جانانلارنىڭ باشلىرىغا
قىستۇرۇۋالغان ئوتىغاتلىرىغا ئوخشاش كى-
شىلەرنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئوۋلايتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەچچە-نەچچە
ئۇلاغلاردا ئۇد، ئەنبەر، كاپۇر، ئىپار ۋە
سەندەللەرنى تەقلىدى. بۇ سوۋغا-سالام-
لارنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران،
ھوشى سەرسان بولاتتى! يەنە ھىندىستانى-
نىڭ بارلىق ئاكابىرلىرى؛ مۆتىۋەرلىرى،
ئالىم-ئۆلىما، ھېكىم-ھۆكۈمرانلىرىنى
يىغدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم-ھېك-
مەتتە ئەفلاتۇن ۋە ئەرەستۇدەك چېچەن،
تەقۋادارلىقتا ۋە پاكلىقتا قۇياشتەك نۇ-
رانە، سۆز ۋە نۇتۇقتا ئەيسا پەيغەمبەر-
دەك ئىسسىق نەپەسلىك ئىدى. ئۇلارنى
يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سوۋغا-سالام
ۋە پىشكەشلەر بىلەن قوشۇپ، ئىسكەندەر-
نىڭ ئالدىغا چىقارتتى. ئۇلارنى ماڭدۇرۇش-
شتىن ئىلگىرى رايى ھىندى ئۆزىنىڭ
ئۆزرەخاھلىقى ۋە بىچارىلىكىنى ئىزھار

قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن شاھلار شاھى ئىسكەندەرنىڭ كەمتەر چاكىرى، بېشىم ئۇنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىنىڭ تۇپرىقىغا مايىل. شاھىي ئالەم بىلەن جەڭ قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم. ئۇنداق خىيال قىلىشقا ھەددىممۇ ئەمەس. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ھىندى نەسلىدىن بولغان كەمتەر بەندىسى دەپ بىلىمەن. خوش، شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭ پەرمانىنى ئۇتۇشتا قانداقمۇ بويۇنتاۋلىق قىلىمەن؟ شاھنىڭ يارلىقى يەتكەندە ئاجىزلىقىم تۇپەيلىدىن بارالمىدىم. ئەمما ئورنىمدىن تۇرۇپ، ئەلچىدىن يارلىقنى ئالدىم. ئۇنى سۆيۈپ، ئاندىن بېشىم ئۈستىگە قويدۇم. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ شاھقا بولغان كەمتەرلەرچە سەممىي ھۆرمىتىمنى ئىزھار قىلغانىدىم. شۇ چاغدا شاھنىڭ خىزمەتلىرىگە بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن بېرىشقا شارائىت يار بەرمىدى. شاھنىڭ پەرمانىغا بويۇن تولغاپ، باشتۇگلۇق قىلمىغانىدىم، بەلكى ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى جان ـ دىلىمدىن قوبۇل قىلغانىدىم. بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى ئەلچىمۇ بايان قىلغان بولغىيدى. ئۇ چاغدا مەن مەجرۇھ بولۇپ، ئاغرىق ئازابىدا قالغانىدىم. بۇ ھەقتىكى ئۆزرىخاھلىقىمنى ئەلچىلەرگىمۇ ئىزھار قىلغانىدىم. پادىشاھىم ئەمدى ئۆزرىمنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ۋەيرانە ئېلىمگە چۈشۈپ، شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىرى بىلەن مېنى خالايىق ئىچىدە ئەزىز ۋە شادىمان قىلسا، بېشىم كۆككە يېتىدۇ. جېنىمنىڭ بارىچە ئۇنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۈرىمەن. ئەگەر مېنى پادىشاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە دۇچار قىلمىغاي، ئۇنىڭدىن كۆرە بىر جام زەھەر ئىچىۋالغىنىم ياخشىراق. ئەگەر مېنى گۇناھكار بىلىپ، قۇللۇقۇمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغىمۇ ئىلاجىم يوق. شاھىمىنىڭ خاھىشىنى قوبۇل قىلماسلىققا ھەددىم ئەمەس. سىلەر شاھىي ئالەمنىڭ ئالدىدا مېنىڭ بۇ ئۆزرىخاھلىقىمنى يەتكۈزۈپ، كەچۈرۈم سوراڭلار. سىلەر شەپقەت قىلىپ ئارىغا چۈشسەڭلەر، شاھىم مەرھەمەت قىلىپ گۇناھىمدىن ئۆتەر.

رايى ھىندى بۇ قەدەر شېرىن سۆزلەر بىلەن دانىشمەن ـ ئۆلىمالارنى ئاياغقا تۇرغۇزۇپ، بارلىق سوۋغا ـ سالام ۋە پېشكەشلەرنى تاپشۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۇلار سوۋغاتلارنى ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ھېكمەت ئىگىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، رايى ھىندىنىڭ سالام ۋە ئېھتىراملىرىنى يەتكۈزدى. ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالىلىرىمۇ بۇ كەلگەنلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلدى ۋە ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى. تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ، كەلگەن مېھمانلارنى چاقىرىشقا پەرمان قىلدى. ئۇ رايى ھىندىگە بولغان غەزەپتىن ياندى. بۇ دانىشمەن ئۆلىمالارنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. شاھنىڭ كۆزىگە بۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار بىر يارماقچىلىكمۇ كۆرۈنمىدى. ئەمما بۇ ئالىملارغا شۇ قەدەر ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر بۈيۈك شاھتەك كۆرۈپ ئەزىزلىدى. ئۇلارنى شاھانە ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار پەرمان بويىچە جايلاشتۇرۇلدى. ئىسكەن-

يەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھلى سالاھ،
ئالىم ۋە ھۆكۈما كىشىلەر ئىكەنلىكىنى
كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشكەن ھۇجرى-
لىرىدىغا شەخسەن ئۆزى يوقلاپ باردى.
ئۆزىنى ئۇلاردىن تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەرى-
لىك بىلەن ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام بىلدۈر-
دى. مەجلىس ۋە زىياپەتلەرنى تۈزگەندە،
بۇ ئالىملارنى، ھەقىقەت ۋە مەرىپەت
ئىگىلىرىنى ئۆزىدىن يۇقىرى بىلگەنلىك-
تىن، تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇشنى راۋا
كۆرمەي، تەكەللۇپسىز ھالدا شۇلار ئارى-
سىغا كىرىپ، ئادەتتىكى ئورۇنلاردا ئول-
تۇردى. ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىناۋىتىنى
ئەلا بىلىپ، ھەممىسىنى ئۆزىگە لايىق
ھالدا يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى. ھە
دېگەندەك ئۇزرەخاھلىقتا تىل ئېچىپ،
ئۇلاردىن ھاردۇق سورىدى. «ئۇزۇن يول
يۈرۈپ، كۆپ جاپا چەكتىڭلار» دەپ ناھا-
يىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. كەل-
گەن ئالىم ۋە ئۆلىمالار ئىسكەندەرگە
دۇئا ۋە مەدھىيىلەرنى ئادا قىلغاندىن
كېيىن، پادىشاھ رايى ھىندىنىڭ بارلىق
ئۆزرىخاھلىقىنى تولۇق يەتكۈزدى. ئىس-
كەندەر بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ
خىجىل بولدى. پۈتكۈل سالىھلار ۋە ئالىم-
لارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن مۇنداق دېدى.
— سىلەر نېمىنى ئىلتىماس قىلساڭ-
لار، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ، سىلەرنىڭ
كۆڭلۈڭلارنى ئېلىش ۋە خاتىرجەم قىلىش
بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. پادىشاھىڭىزلار-
دىن گەرچە ئاز - تولا سەۋەنلىك ئۆتكۈل-
گەن بولسىمۇ، لېكىن ئەپۇ قىلىشقا تامامەن
بولىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ گۇناھى ناھايىتى
ئېغىر بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئاجىزانە
ھالىتىنى كۆرگىنىمدە چوقۇم رەھىم - شەپ-
قەت قىلىپ، ئۇنى كەچۈرگەن بولاتتىم.
خۇسۇسەن، سىزلەردەك مۆھتەرەم كىشىلەر
كېلىپ ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ۋەكالەتەن
ئەپۇ سوراۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، مەن
ئۇنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلماي تۇرالايمەن؟
گەرچە ئۇ ئاز - تولا سىياسەت بىلەن بىر
تەرەپ قىلىشقا لايىق بولسىمۇ، لېكىن
مەن سىلەرنىڭ يۈز - خاتىرىڭلارنى قىلىپ،
ئۇنىڭ ھەممە سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈپ،
ئاداۋەتتىن قول يىغدىم. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ
شەپقەت ۋە ئىنايىتىمىزنى ئۆزىگە مۇقەررەر
دەپ بىلىپ، قىلچە ئەنسىرىمەستىن بارگا-
ھىمىزغا كەلسۇن. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ياخ-
شىلىققا بۇراپ، بېشىغا تاج كىيدۈرەي،
تەختىنى زىننەتلەپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ
بېزىكىگە ئايلاندۇراي، ئۇنىڭ شان - شەۋ-
كىتى ۋە مەرتىۋىسىنى پەلەككە يەتكۈزەي.
چۈنكى مەن سىلەرنىڭ مۇبارەك جامالىڭ-
لارنى كۆرۈپ، بىللە ئولتۇرۇپ ھەمسۆھ-
بەت بولۇپ، كۆڭلۈم ناھايىتى شادلاندى.
يول ئازابى تارتىپ بۇياققا كېلىپ، مېنى
ئېچىمۇ كۆپ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن قىل-
دىڭلار. يول بويى تارتقان رەنج - مۇشەق-
قەتلەر ئۈچۈن، سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن
ۋە ناھايىتى كۆپ مىننەتدارمەن. قەدىمت-
دىن بېرى شۇنداق بىر رەسمىي قائىدە
باركى، بىر پادىشاھ كېلىپ بىر شەھەرنى
ئالسا، ھۆكمىگە ئۆتكەن شەھەرنىڭ شاھ-
ھىدىن بىرمۇنچە مال - دۇنيا تەلەپ قى-
لىدۇ. بىراق بىز سىلەرنىڭ خەلقىڭلارنىڭ،
ۋە شاھىڭلارنىڭ بۇ مال - مۈلكىنى يې-
غىشتا ناھايىتى كۆپ قىينىلىدىغانلىقىنى
كۆزدە تۇتۇپ، بۇنداق رەسمىيەتنى ئال-
مايمىز. ھېچقانداق ئالۋان - سېلىق سال-
مايمىز. يەنە شاھلار كېلىپ ھۆكمىمىزنى

www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىلسا، تەبىئىيكى، ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا باج ـ خىراج تاپشۇرۇش بۇيرۇلىدۇ. بىراق خەلقىڭلارنىڭ بۇنى بېرىشتە ناھايىتى كۆپ قىينىلىدىغانلىقىنى ۋە دىشۋارچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سىلەردىن ئىككى يىللىقچە باج ـ خىراج ئالمايمىز. خەلقىنىڭ زىممىسىدىنمۇ ئىككى يىللىق ئالۋان ـ سېلىق، باج ـ خىراجەتنى كۆتۈرۈۋېتىمىز ۋە سىلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئىنئام ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. بۇ كىشىلەر ئىسكەندەرنىڭ كەڭچىلىك ۋە مەرھەمەتلىرىدىن شۇ قەدەر سۆيۈندىكى، ئۇنىڭ يولىدا توپا ـ تۇپراق بولۇپ كەتكۇدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇ قەدەر چەك ـ چېگىرىسىز ياخشىلىق ۋە ئىنئاملارنى كۆرگەن ئىلىم ئەھلىنىڭ تەشەككۇر ئېيتىشقا تىلى كەلمەي، دۇئا قىلىشقا ماجالى يەتمەي قالدى. بىراقلا يۈزلەنگەن بۇنداق خۇشاللىقلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ جېنى چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاماللارنى قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە سۆزلىرىنى مۇنداق تىلەكلەر بىلەن باشلىدى:

— ئەگەر پەلەك چۆرگىلىپ، قۇياش پەلەك ئۈستىدە ئۆزگىلىپ تۇرسىلا، سىزنىڭ تەخت ۋە سەلتەنىتىڭ كۆك ئەۋجىدە بەرقارار بولسۇن، قۇياش سىزنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇقۇڭ، تەكيەگاھىڭ بولسۇن، بەخت ـ تەلەي قۇياشى يۈزۈڭگە نۇر بەرسۇن، كۆڭلۈڭنى جاھانىنەما ئەينىكىدەك روشەن قىلسۇن، بىز جانابىڭنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە قورقۇنچ تۈپەيلىدىن شۇ قەدەر يامان ئەھۋالدا ئىدۇقكى، سۆزلەشكىمۇ تىلىمىز كەلمەي قالغانىدى. چۈنكى سىزنى بىز باشقا پادىشاھلارغا ئوخشاش دەپ پەرەز قىلغانىدۇق. لېكىن تەڭرى باشقا پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنى قارا تۇپراقتەك، سىزنى بولسا نۇرلۇق چىراغدەك قىلىپ ياراتقانىكەن، باشقا شاھلارنى تەڭرى خەلق ئىچىدە شاھ قىلغان بولسا، سىزنى شاھلار ئىچىدىكى شاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. سىزنىڭ بۇنداق ئېسىل خۇي ـ مىجەزىڭ ۋە ياخشى پەزىلەتلىرىڭنى كۆرۈپ، كۆڭلىمىزدە قورقۇنچ، ۋەھىمە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. جانابىڭدا بۇنداق ياخشى خۇلق ۋە پەزىلەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. ئىشلىرىڭدىن ۋە سۆزلىرىڭدىن بىلىنىپ تۇرغان چوڭقۇر بىلىم ۋە ئەقلىي تەپەككۇردىن ھەيرانلىقىمىز ئۈستىگە ھەيرانلىق قوشۇلدى. سەندە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ قەدەر ئالىي سۈپەتلەرنى ھېچقانداق ئىنساندىن تاپقىلى بولمايدۇ. تەڭرى سىزنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى پەرىشتىدەك قىلىپ ئاپىرىدە قىپتۇ. بۇ جاھان سىزنىڭدىن بىر نەپەسمۇ خالىي بولمىسۇن. رايى ھىندى ئەگەر سىزنىڭ بۇ قەدەر ئالىيجاناپلىقىڭنى بىلگەن بولسا ئىدى، پۈتكۈل ھىندىستانغا پەرۋا قىلماستىن، دەرھال ھۇزۇرۇڭغا كېلىپ، دەرگاھىڭنى تاۋاب قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئىجازەت بولسا، بىز تېززەك قايتىپ، سىزنىڭ قىلغان كەڭچىلىك ۋە ياخشىلىقلىرىڭنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ غەمكىن كۆڭلىنى خۇشال قىلايلى. ئۇنى باشلاپ كېلىپ، قۇللۇقۇڭغا يېقىن قىلايلى، ئايىغىڭ تۇپرىقىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يورۇتايلى!

— سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلاردىن ئۆز-

گىسى ماڭا ھارام بولسۇن، — دېدى ئىس-
كەندەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن.

بۇ ئالىم ۋە ئۆلىمالار جامائىتى
ئىسكەندەر بىلەن يەر سۆيۈپ خوشلىشىپ،
يولىغا راۋان بولدى. خۇشال - خۇرام ھال-
دا رايى ھىندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەممە
ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇنى چەك-
سىز خۇرسەن قىلدى، ئىسكەندەر دەرگا-
ھىغا يېرىشقا دەۋەت قىلدى. رايى ھىن-
دى بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، گوياكى
ئۆلۈك ئابىھايات تاپقاندەك، پۈتكۈل غەم-
غۇسسىلىرىدىن نىجات تاپتى، بۇ ئۆلىما
ۋە ئالىملار جامائىتىنى ئالدىغا سېلىپ،
دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ئاستانىسىگە قاراپ
راۋان بولدى. ئىلگىرىكى پېشكەشلەردىن
نەچچە ھەسسە زىيادە سوۋغا - سالامنى
بىرگە ئېلىپ ماڭدى. بۇلارنى تەسۋىرلەش-
كە سان، سۆز ۋە سىياھ يېتىشمەيدۇ.

رايى ھىندى بۇ ئەھلى سالاھ كىشى-
لەرنى ئۆزىگە يول باشچى قىلىپ، توغرا
يولغا كىردى. ئۇلار مۇ رايىنى ياخشى تەرەپ-
كە يېتەكلەپ، ئىسكەندەرنىڭ قۇياشتەك
چەكسىز ئىنئام ۋە ئېھسانلىرىنى يول بو-
يى ھارماستىن بايان قىلىپ، ئۇنى زەررى-
چىلەردەك ئۈمىدۋار قىلدى. ئۇلار شۇ
تەرىقىدە ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ
كەلدى. رايى ھىندىنىڭ ئۆلىمالار بىلەن
بىللە يېتىپ كەلگەنلىكى شۇ ھامان ئىس-
كەندەرگە خەۋەر قىلىندى. ئىسكەندەر
دەرھال ئۇلۇغلار ۋە دانالار مەجلىسى تۈ-
زۈشكە پەرمان چۈشۈردى. مەجلىس راس-
لىنىش بىلەنلا رايى ھىندىنى ھەمراھلىرى
بىلەن بىللە باشلاپ كىردى. رايى ھىندى
قىلىچىنى بوينىغا ئاسقان، بىر قولىدا كې-
پەن، يەنە بىر قولىدا باشقا ئۆلۈم جابدۇق-
لىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.
ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ:



— دەرھال بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن
ئېلىۋېتىڭلار! ئۇ مېنىڭ دەرگاھىمغا بۇن-
داق ھالەتتە كېلىدىغان دەرىجىدە چوڭ
گۇناھ قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئالىملار ۋە
باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىرگە
كەلگىنىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى، — دەپ
پەرمان قىلدى.
شۇندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قىلىچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋە كېپەنلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، ئېھتىرام بىلەن ئىسكەندەر قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ھالدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. رايى ھىندىمۇ ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈپ، يۈزىنى يەرگە قويدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا چەكسىز ئىززەت - ئىكراملارنى قىلىپ، ئۇنى يۇقىرىغىراق تارتىپ، قايتىدىن يەنە بىر نۆۋەت قۇچاقلىدى. رايى ھىندى ئاھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتى. بۇ قۇچاقلىشىشتىن ئۇنىڭ كۆڭۈللىرى ھېسابسىز شادلىققا تولدى؛ ئۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملارنى ئىسكەندەرگە تەقدىم قىلدى؛ ئىسكەندەرمۇ بۇلارنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن رايىغا شاھانە قائىدە بويىچە يۇقىرى ئورۇن كۆرسەتتى. ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭلىنى بارلىق ۋەھىمىلەردىن ئازاد قىلدى. ئۇنىڭ خاتىرىدىن ھەممە غەم - ئەندىشىلەرنى تازىلىدى. ئىسكەندەر يەنە رايى ھىندى بىلەن بىرگە كەلگەن ئۆلىما، ھۆكۇما ۋە باشقا پەزىلەت ئىگىلىرىگىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ھېسابسىز ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلدى. مۇلايىم ۋە يېقىملىق سۆزلەر بىلەن پۈتكۈل ھىندى ئەھلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئوۋلاپ، ئۇلارنى ۋاپا ۋە مېھرى - شەپقەت سىرتماقلىرى بىلەن باغلاپ، ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئىسكەندەر يۇمشاقلىق ۋە خۇش چاقچاقلىق بىلەن بەزمىنى قىزىتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپتە تارتىنىش ۋە ياتسىراشلار تۈگەپ، قىزغىن ۋە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلەرنى بايان قىلىشتى.

رايى ھىندى ئىسكەندەرنىڭ بۇ چەكسىز ئىلتىپاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، تەسىرلىنىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، مۇنداق دەپ ئىلتىماس قىلدى:

— ئەي ئالەمنىڭ باش پاناھى، ھىندىستان مەملىكىتىدە بىرنەچچە ئاي توختاپ، بۇ ئەلگە جامالىڭ بىلەن زىننەت بەرگىن، پەزىلەتلىرىڭ بىلەن بۇ تۇپراقنى نۇرلاندۇرغىن. بۇ ئەلدە تاماشا قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر بار. بۇ يەرنىڭ جاڭگال ۋە ئورمانلىرى، گۈلزار ۋە باغۇ بوستانلىرىدا ئاجايىپ قۇشلار، ۋەھشىي ھايۋانلار، بۇغامارالار ۋە باشقا تۈرلۈك جانىۋارلار، نازۇنېمەتلەر تولۇپ - تېشىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرلەردە بىرنەچچە مۇددەت سەيلە - تاماشا قىلىش كىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن خۇشاللىق ئىشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش پەسلى يېقىنلاپ قالدى. قىش ۋاقتى دېگەندە شاراب ئىچىپ، راھەت - پاراغەت سۈرۈشتىن باشقا ئىشمۇ قالمايدۇ. خۇسۇسەن ھىندىستاننىڭ قىش ۋاقتى ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە باھار ۋاقتىنى ئەسلىتىدۇ. بۇلۇتلاردىن يامغۇر يېغىپ، دەرەخلەردە گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ھاۋا ساپ ۋە يېڭى بولىدۇ. ئىسسىق - سوغۇق، بوران - چاپقۇن ۋە چاڭ - توزان بولمايدۇ. بۇ مەزگىلدە ھىندىستاندا تۇرۇپ ئارام ئېلىش ئەڭ ياخشى چارە. قۇياش ھەمەل بۇرجىغا يۈزلىنىپ، باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلسا، قىلغىلى بولىدۇ. لەشكەر تارتىشنىڭ ئەپچىل ۋاقتىمۇ دەل ئاشۇ مەزگىل ھېسابلىنىدۇ؛ ھەرقانداق كىشى ئەنە شۇ چاغدا بىر ياققا ماڭىمەن دېسە، ئۇنىڭغا يول بولسۇن دېسەكمۇ بولىدۇ.

بۇ سۆزلەر ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە خۇددى ئۇسساپ قالغان كىشىگە سۇ بەرگەندەك خۇش ياقتى. شۇڭا رايىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ:

— سەن قاياققا باشلىساڭ، بىز قوشۇنىمىزنى شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ، بۇ قىشنى شۇ جايدا ئۆتكۈزىمىز، — دېدى.

— دېھلى شەھىرى ھىندىستانىنىڭ پايتەختىدۇر، — دېدى رايى ھىندى مەسلىھەت بېرىپ، — جانابىڭىزنىڭ شۇ يەرگە، ئوردا ئىچىگە چۈشكىنىڭ مۇۋاپىق.

ئىسكەندەر بۇنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— لەشكەر ۋە سىپاھلار شەھەر ئىچىگە سىغمايدۇ. شۇڭا ئۇلار دالا ياكى ئورمانزارلاردا ئارام ئالغىنى تۈزۈك. سىغقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىشتىن پۇقرالارغا ھەرەج ۋە مالاللىق يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر كىشى بىزنىڭ ئالدىمىزدىراق بېرىپ، شەھەرنىڭ تاشقىرىسىدا بىر ئورۇننى كۆرۈپ قويسۇن. شەھەرگە يىراقراق بولۇپ قالسىمۇ ھېچقىسى يوق. شەھەر خەلقى تەشۋىشكە قالمىسىلا بولغىنى. قوشۇنلىرىم شەھەرگە ئورۇنلاشمىغانلىقىغا ئانچە غەم قىلىپ كەتمەيدۇ.

— ئەگەر شاھى ئالەم ئىجازەت بەرسە، — دېدى رايى ھىندى ئىلتىماس قىلىپ، — ئۆزۈم ئالدىن بېرىپ، قۇلچىلاپ خىزمەت قىلىپ، پادىشاھىمنىڭ لەشكەرلىرىگە ئارامگاھ بولالىغۇدەك بىر ئورۇننى تاپاي ۋە ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇراي. شۇنداق قىلمىغۇچە كۆڭلۈم خاتىرجەم بولمايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، رايىغا يېڭىدىن تاج، تون ۋە كەمەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاڭ شامىلىدەك تېز چاپىدىغان بىر ئارغىماقنى ئىگەر، يۈگەن ۋە ئۈزەڭگىلىرى بىلەن زىننەتلەپ، ئۇنىڭغا رايىنى مىندۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇنى ھىندىستان تەرەپكە ئۇزاتتى. ئىسكەندەرمۇ تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

پادىشاھ رايى ھىندى ئۆز ئىلىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەملىكەت خەلقىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. يۇرت خەلقى دۈشمەندىن ئامانلىق تاپقانلىقىنى بىلىپ، خۇشال بولدى. ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستان خەلقىگە ئىلتىپات ۋە ئېھسانلارنى قىلغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى سۆيۈندى. ئىسكەندەرنىڭ ھەققىگە ئاتاپ دۇئا قىلىشتى. رايى ھىندى ئەلنى بۇئىش بىلەن خۇشال قىلغاندىن كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كىرىشتى. ئارامگاھنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ناھايىتى جىددىي ئىشلىدى.

ئەلقىسسە، دېھلى شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر چەكسىز ئورمانزار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «نىگار ئورمانزارى» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە قۇشلىرى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. بۇ ئورمانلىق ئەمەس، بەلكى جەننەت بېغىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى تىلى ھەيرانلىقتىن كېكەچ بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەردىن ئەتىر پۇراقلىرىنى تارىتىپ تۇرغان مەيىن شاماللار بۇ قارا تۇپراقنى ئەنبەر ھىدلىرىغا چۆمدۈرگە-

www.uyghurkitap.com



ندى. سەندەل ۋە قارا ياغاچ دەرەخلىرىنىڭ ھىدلىرى دىماغلارنى خۇش پۇراققا تولدۇراتتى. پۈتۈن ئورمانزاردىن خۇش بۇي ھىدلار تارقىلىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ بېشى كۆككە يەتكەن، قۇياش ئۇنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. يەرگە سايە ئارىلاش يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئەمما كۈننى كۆرگىلى بولمايتتى. چىنارلارنىڭ پەنجىلىرى ئاسمان يۈزىگە يېيىلغان بولۇپ ئۇنىڭ ھەربىر ياپراقلىرى خۇددى قۇياش پەنجىسىدەك يالتىراپ تۇراتتى. جەۋزىبۇيا① دەرەخلىرى كۆك يۈزىنى قاپلىغانىدى، بۇ دەرەخلەر خۇددى ئاسمانغا ئېسىلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەرقانداق دەرەخ جەۋزىبۇيا دەرىخى تەرەپكە ئېگىلگەن بولسا، ئۇنىڭ شاخلىرىدا دارچىن② ھاسىل بولاتتى. زەيتۇن دەرەخلىرى كۆككە تۇتاشقان بولۇپ، پەلەك زەيتۇنىنىمۇ بۇلاردىن خىجىل بولاتتى. قايسى دەرەخنىڭ شېخى پەلەككە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۈزۈم تەكلىرىمۇ چىقىپ ياماشقانىدى. بۇ تەكلەرنىڭ ئۈزۈملىرى خۇددى پەلەك بارىگىدىكى ھۆكەر يۇلتۇزدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەكلەر دەرەخلەرگە خۇددى ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ، دەرەختىن دەرەخكە، شاختىن ـ شاخقا ياماشقان، ھەتتا سىدە دەرەخلىرىنىڭ بويۇنلىرىغىمۇ سىرتماقلارنى سالغانىدى. بۇ ئۈزۈم تەكلىرى ئاشۇ ھەيۋەتلىك دەرەخلەرگە يامىشىپ، قىيىن كۆرمەستىن ئاسمانغا چىقىشنى خىيال قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ غايەت زور تەك بارىگىدا كۆز كېلىپ، يوپۇرماقلار سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىسا، خۇددى پەلەك بارىگىدا يۈزمىڭلىغان يۇلتۇزلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كۆچۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ ئورمانلارنىڭ ئۈستىدە خىلمۇخىل قۇشلار ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار پەلەك سەييارىلىرىدەك ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ھەر بىر قۇش بىر ھەمراھ سەييارىدەك ئاسماندا سەيلە قىلاتتى. تۇتىلار بىر تۈرلۈك يېقىملىق ئاۋازلاردا سايرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار قايسى دەرەخكە بېرىپ قونسا، ئۇ دەرەختە يېشىل كىيىملىك خىزىر پەيغەمبەر ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ رەڭگى سەنەۋبەر دەرىخىنىڭ ياپراقسىز نوتىسىغا، بۇ سۈزۈك ئاسمانغا، ياق، ئاسماننىمۇ ئەمەس، گۈل خىپچىلىسىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئېنىدىكى قىزغۇچ گۈللەر ئوتقاشتەك، تۇمشۇقلىرى بولسا ئوت يالقۇنىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ جىسمى گويا رەڭلىك موملاردىن ياسالغاندەك، قىزىل ۋە يېشىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. شارەك قۇشلىرى تەرەپ ـ تەرەپتە ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھىندى تىلىدا شېرىن سۆزلەرنى قىلاتتى. بۇ قۇشلار گوياكى ھىندى قىزىقچىلىرىغا ئوخشاش سېرىق رەڭدە كىيىنگەنىدى. ئۇلار گوياكى مىس لەۋھەلەر بىلەن زىننەتلەنگەندەك قىلاتتى. ياق، بۇ مىس لەۋھە ئەمەس، بەلكى ئالتۇندا سىرلانغان لەۋھە ئىدى. ئۇلار بۇ ئالتۇن ۋاراقچىلەردىن زىبۇ ـ زىننەت تاقىغانىدى. بۇ قۇشلار قاياققا ماڭسا، شۇ يەرگە ماسلىشاتتى، كۆرگەن كىشى

① جەۋزىبۇيا ـ ھىندىستاندا ئۆستۈرۈلىدىغان بىر خىل دەرەخ، ھىندى دەرىخى.

② دارچىن ـ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ پوستى. تېبابەتتە ئۇنىڭدىن دورا ئورنىدا پايدىلىنىدۇ.

مەپتۇن بولۇپ كۆزىنى ئۈزەلمەي قالاتتى.
ئۇلار ئارپا گۈللۈك ئەتلەسلەردىن لىباس
كىيگەندەك، بېشىغا بۆك ئورنىدا ئالتۇن
جامنى كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. يېنىك
چامداپ، ئۇياق ـ بۇياقتا يۈرۈۋاتقان چىراي ـ
لىق توزلار پەرىشتىلەرنى ئەسكە سالاتتى.
نازاكەت ۋە مەستانىلەرچە ھەرىكەتلەر
بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ماڭاتتى. مەس ـ
تانە يۈرۈشلىرى بىلەن بىرگە يەنە بويۇن ـ
لىرىنى مەي شىشىسىدەك سوزۇشلىرىمۇ بار
ئىدى. ئۇلارنىڭ بويىنى بەئەينى ئالتۇن
ھەل بىلەن يۈيۈلغان كۆك شىشىدەك جۇ ـ
لالىنىپ تۇراتتى. قىرغاۋۇل ۋە كەكلىك ـ
لەرنىڭ يۈرۈشلىرى كىشىنى ئەقىل ـ ھو ـ
شىدىن ئازدۇراتتى. سەرۋى دەرىخىگە قو ـ
نۇۋالغان قىرغاۋۇللار ئالتۇن گۈلدەستى ـ
لەردەك كۆرۈنەتتى. ئېگىز شاخلاردا ئول ـ
تۇرغان گۈزەل توزلار سىدرە دەرىخىنىڭ
شېخىدا ئولتۇرغان پەرىشتە جىبرىئىلنى
ئەسكە سالاتتى. بۇ ئورمانزارنىڭ شىمال
تەرىپىدە سىندى دەرياسى بار ئىدى. جە ـ
نۇب تەرىپىگە ھىندىستاننىڭ پايتەخت
شەھىرى جايلاشقانىدى. سىندى دەرياسىدا
ئۇياق ـ بۇياقلارغا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمى ـ
لەر پەلەك دەرياسىدىكى يېڭى ئايدەك
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ شەرق تە ـ
رىپىدە بىر پايانسىز كەتكەن شېكەر قو ـ
مۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇنى تەرىپلەشتە تىل
ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ قومۇشزارلىقنىڭ
سۈيى شېرىن ـ شەرۋەتلەرگە ئايلىنىپ كەت ـ
كەن، سۇ تېگىدە لاي ـ لاتقا ۋە پاتقاقلار
ئورنىغا قەنت ـ ناۋات ۋە شېكەرلەر ھاسىل
بولغانىدى. غەرب تەرىپىدە ناھايىتى ئېگىز
بىر تاغ بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە
يازپەسلىدىكىدەك ياپيېشىل تۇراتتى. بۇ تاغ ـ
دا گۈل ۋە رەيھانلار قىش ـ ياز ئوخ ـ
شاشلا ئېچىلىپ، پۈتكۈل ئەتراپ چىمەن ـ
زارلىققا پۈركىنىپ تۇراتتى. ھەسەل ھە ـ
رىلىرى بۇ يەردە گۈل شىرنىلىرىنى يىغىپ،
تاغ ئىچىنى ھەسەلگە توشقۇزغانىدى. ھەر
بىر تاشنىڭ تېگىدىن ھەسەل ئېقىنلىرى
خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ئاقاتتى. ئۇ تاغ ـ
دا يەنە يۈزمىڭلىغان ۋەھشىي ھايۋانلار،
بۇغا ـ ماراللار، قۇلۇن، كىيىكلەر بار ئىدى.
ئۇلار ھەسەل ۋە شېكەرلەرگە دەسسىگەن ـ
لىكتىن يەرگە چاپلىنىشىپ قالغان ئاياغلى ـ
رىنى ناھايىتى تەستە يۆتكەيتتى. ئۇنىڭ ـ
دىن باشقا يەنە سان ـ ساناقسىز ئۇۋھاي ـ
ۋانلىرى ۋە ھەددۇ ھېسابسىز يىرتقۇچ
ھايۋانلار بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھەربىر
ئېقىنلىرىدا پەلەك ھۇتى① نى ئاجىز قىلى ـ
دىغان ھەيۋەتلىك كۈمۈش رەڭ بېلىقلار
ياشايتتى. ئۇلارنى تەرىپلەشكە سان ئاز ـ
لىق، تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ ئورمان ـ
زارنىڭ ئەتراپلىرىلا تەرىپلەپ ئۆتتۇلدى.
ئورمانزار ئىچىدە يەنە چەكسىز كەتكەن
ئوچۇقچىلىق ۋە تۈزلەڭلىك جايلارمۇ بار
ئىدى. بۇنداق جايلار گۈل ۋە ئوت ـ
چۆپلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ
ئورمانزارغا تۇتىشىپ تۇرغان شەھەر شۇ
قەدەر گۈزەل ۋە ئاۋات ئىدىكى، ئۇنى
تەرىپلەشتە قەلەم تېخى كېكەچلەپ
قالاتتى.

رايى ھىندى ئىسكەندەرنى باشلاپ

①ھۇت ـ 1) كاتتا بېلىق؛ 2) كونا ئاسترونومىيىدىكى ئون ئىككى بۇرج ئىچىدىكى
ئون ئىككىنچىسىنىڭ نامى؛ شەمسىيە يىل ھېسابىدىكى بىر ئاينىڭ نامى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى
ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



كېلىپ، ئاشۇ ئورمان ئىچىدىكى چىمەنزار-
لارغا چۈشۈردى. ئىسكەندەرنىڭ پۈتكۈل
لەشكەر ۋە سىپاھلىرى بۇ يەرگە ئورۇن-
لاشتى. بۇ جايغا ئاسمان گۈمبىزىدەك
بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىك چېدىر - بارگاھلار
تىكىلدى. پادشاھ ئىسكەندەر بۇ ئەتراپلار-
نى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولدى. ھەر
تەرەپلەرنى ئايلىنىپ، ئىنچىكە ۋە ئىھتى-
يات بىلەن كۆزەتتى. ئۇ ھەربىر جايغا
نەزەر سالغاندا، ئۇ يەرنىڭ ھەددىدىن
تاشقىرى گۈزەل ۋە ئەلۋەك ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ ھەيران قالاتتى. بۇ مەنزىرىلەر
ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ خى-
رەلەشتۈرۈۋەتتى. رايى ھىندى ئىسكەندەر-
گە خىزمەتكارلىقىنى شۇ قەدەر ئەلا دە-
رىجىدە بەجا كەلتۈردىكى، ئۇنى شەرھ-
لەشكە سۆز يېتىشمەيتتى. ئىسكەندەر

ئاخىر ھەممە ئىشلىرىنى توختىتىپ، قىشنى
مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزمەكچى بولدى. راھەت
بەزمىلىرىنى تۈزۈپ، پاراغەت جاملىرىدا
شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ساقىينامە:

كەتۈر، ساقى، ئول ساغەرى زەرنىگار،
كى مەي لەئلىدىن بولدى گەۋھەر نىگار،
چۇ دەشتى نىگار ئىچرە قىلدىم مەقام،
كېرەكدۇر ماڭا زەرنىگار ئەمدى جام.
مۇغەننىي، تۈزەت نەغمەئى رىختە،
ئانى قىل ئۆزۈڭ بىرلە ئامىختە.
كى بىر سەبزى شىرىن يانا ھىند ئارا،
مېنىڭ روزگارىمنى قىلدى قارا.
نەۋائى، نېلەر قىلدى خامەك يانا،
كى بىر مۇلكى ھىندى ئولدى نامەڭ يانا.
نەچە كۆرسە مۇلكىدە ھىندۇ سەۋاد،
ئونۇتقاي، كۆرۈنگەن زەمان بۇ سەۋاد.

**بىر سودىگەرنىڭ ھېكايىتى. پايدا تېپىش سەۋداسى بىلەن تىنماي چېپىپ يۈرۈۋاتقان**
**بۇ سودىگەرنىڭ بېشىغا كاتتا بىر زىيان كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ جى-**
**گەر پارىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، جىگەر قانلىرىنى كۆزلىرىدىن**
**ئاققۇزۇپ، يۈزلىرىنى قانغا بويىدى. ئۇ بېلىگە تۈگۈۋالغان بار دەس-**
**مايىسىنى بىر ئۆلۈكنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن بېرىپ، «قاتىل»**
**دەپ تۇتۇۋېلىنغان بىر يىگىتنى قۇتقۇزدى. ئۇنىڭ قۇتۇل-**
**دۇرغىنى دەل ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى، بەلكى كۆڭۈل**
**دەسمايىسى ئىدى.**

ئەدەن مەملىكىتىدە بىر سودىگەر
بار ئىدى. سودا - تىجارەت ئىشلىرىدا نا-
ھايىتى ماھىر ۋە دانا ئىدى. ئۇنىڭ
پۈتكۈل جاھاندا تەڭداشسىز بىر پەرزەن-
تى بار ئىدى. ئۇ ھەر ئون كۈندە بىر
شەھەرگە يۆتكىلىپ توختىماستىن تىجا-
رەت قىلاتتى. يۇك - تاق ۋە كاجۋىلى-
رى تۆگە ئۇستىدىلا تۇراتتى. دائىم سە-

پەر قىلىپ، بىر دەم تىنىم تاپمايتتى.
شۇ ئادىتى بويىچە بىر كۈنى يەنە يولغا
چىقتى. ئۇ كېچىسى بىر باياۋاندا ئوغلى ۋە
خىزمەتكارلىرى بىلەن سودا - تىجارەتنىڭ
تەدبىرلىرى ۋە تاغ - دەريا، دەشت - سەھ-
رالارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھەققىدە ئاغزى-
ئاغزىغا تەگمەي پاراڭ سېلىشىپ كېتى-
ۋاتقىنىدا، تۇساتتىن قاراقچىلار ياستۇ-

روۇپ كەلدى. سودىگەرلەر جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچ نېمىگە قارىماستىن، تەرەپ-تەرەپكە قېچىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپكە قاراپ قېچىپ، ھەر بىرى بىردىن ئەلگە بېرىپ توختىدى. سودىگەر توختاپ، ھوشىنى تېپىپ قارىسا، ئوغلى يوق تۇرغۇدەك. ئوغلىدىن ئايرىلغان بۇ سودىگەر جىگەر قانلىرىنى ئاققۇزۇپ زار-زار يىغلىدى. يېنىنى ئاختۇرغانىدى. بېلىگە تۇگۇۋالغان مىڭ تىللا ئالتۇنى قېپقاپتۇ. ئۇ مۇشۇ دەسمايە بىلەن ھەرەم تەرەپلەرگە بېرىپ ئوغلىنى ئىزدەش ۋە تەڭرىگە تىۋىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ جىگەر قانلىرىنى يۇتۇپ، نالە-زار قىلغان ھالدا بىر مەملىكەتكە يېتىپ كەلدى. سودىگەر شەھەر ئىچىگە كىرىش بىلەنلا بىر توپ جامائەتنىڭ بىر ئادەمنى باغلاپ، ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاللات ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

—بۇ بىر ئاجىز بىچارىنى ئۆلتۈردى. شەرىئەت بويىچە بۇ قاتىلغا ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن مىڭ تىللا ئالتۇن تاپشۇرۇش بۇيرۇلدى. ئەگەر ئالتۇننى تاپشۇرالمىسا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قېنى ئاراڭلاردا مىڭ تىللا تاپشۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان كىشى بارمۇ؟!— دەپ جار سېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا چىلىشىپ كەتكەن، يۈزلىرى جىگەر رەڭگىدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى. سودىگەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ، بېلىگە تۇگۇۋالغان مىڭ تىللانى جاللاتقا بەردى. جاللات بۇ يىگىتنى سودىگەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. سودىگەر ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇردى. يۈز-كۆزلىرى ۋە پۈتكۈل بەدىنىدە قېتىپ قالغان جىگەر رەڭ قانلارنى تازىلىدى. قارىسا قۇتقۇزۇۋالغىنى دەل ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى ئىدى. بۇ ئىش بىلەن سودىگەرنىڭ جىگەر يارىسى ساقايدى. بۇ ئاتا-بالا كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى ئاققۇزۇپ كۆرۈشتى.

—ئەي جىگىرىمنىڭ پارىسى، كۆزلىرىمنىڭ قارىسى، — دېدى سودىگەر ئوغلىغا، — جۇدالىقتا ئۆتكەن ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن.

يىگىت:

— ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كېچىسى مەن قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى. لېكىن يەنە بۇنىيىتىدىن يېنىپ، قېنىمدىن كەچتى، «بۇنى ئۆلتۈرگەندىن كۆرە، ئۆزىمىزگە ياردەمچى قىلىۋالايلى» دەپ مەسلىھەتلەشتى. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇلارغا تەۋە مالايغا ئايلىنىپ قالدىم. بۈگۈن ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ، بۇ جامائەت بىلەن ئۇرۇشتى ۋە بىر بىچارىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قېچىپ كەتتى. مەن تۇتۇلۇپ قالدىم. جامائەت مېنى ئۆلگەن كىشىنىڭ بەدىلىگە ئەسىر قىلىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى ھاكىمغا مەلۇم قىلىپ، مېنى ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تاپشۇردى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۆمرۈم قۇياشى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە، سەن كېلىپ، مېنى تونۇمىغان بولساڭمۇ ساخاۋەتلىك قولۇڭنى سۇنۇپ، ئالتۇن بېرىپ جېنىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سېتىۋالدىڭ، — دەپ پوتكول ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتتى:

بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەن خالايىق ئۇنى مۇشۇ يۇرتنىڭ شاھىغا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سودىگەرنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ دەسمايە بەردى، يىگىتكىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەت يامغۇرى ياغقانلا يەردىن ئاقىۋەت مۇشۇنداق گۈللەر ئېچىلىدۇ.

ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «نېمە ئۈچۈن دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى بولىدۇ. كىشى نېمىشقا قايسى خىلدىكى ئىش ۋە ئەمەل ئۇرۇقىنى تىكسە، شۇنداق مېۋىگە ئېرىشىدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ۋە ئەرەستۇنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلغانلىقى

ئىسكەندەر يەنە ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانا ئۇستاز، ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر خۇسۇسىيىتى بار. كىمىكى يامان ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا يامان ئاقىۋەتتىن ئامانلىق يوقتۇر، ئەگەر ياخشىلىق قىلسا، شۇنىڭغا يارىشا ياخشى ئىقبال ۋە كېلەچەككە ئېرىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ماڭا بايان قىلىپ بەرسەڭ.

— بۇ جاھانغا يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بولىدۇ، — دېدى ئەرەستۇ جاۋاب بېرىپ، — بۇنداق خاسىيەتلەر ياكى ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە ئۆزىگە لايىق ھەقىقەت بار. ئەگەر بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىسە، ئۇنداق ئىشنىڭ يۈزەكى چىقىپ قېلىشى بىر ئەيىبتۇر. بىلىمسىز نادان كىشىلەر بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن كۆز ئالدىدىلا نەپ ئېلىشنى ئىستەيدۇ. پايدا كەلتۈرمەيدىغان ئىشلارنى زادى قىلمايدۇ. ئۆزىگە پايدا يەتمىگەن ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى كىچىك بالا، ساراڭ، ئەقىلسىز دەپ قارايدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى بىرەر ئىشنى قىلىشتا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدۇ. يىراقنى كۆزلەيدۇ. ياخشى ئويلىماي تۇرۇپ، ئىش باشلىمايدۇ. شۇڭا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا تەگرى ياخشى ئاقىۋەت ۋە مەنپەئەتلەرنى بەرسە، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئىشلار ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئىش ياكى شەيئىنى ئۇشۇقچە ياكى كېرەكسىز دەپ قالماسلىق كېرەك، بىرەر زەررىچىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىمۇ سەۋەبسىز ياكى بىكارچىلىقتىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرەر ئىشقا مەشغۇل. ئۇلارنىڭ مەسئۇل بولغان ئىشىدا چوقۇم بىرەر خاسىيەت ياكى ئالاھىدىلىك بار. بۇ خاسىيەتلەر ئىچىدە جەزمەن بىرەر ھەقىقەت بار. تەگرى شەيئىلەرنىڭ ئىش ۋە ئەپئا-

لىنى يۇزەگە چىقارغاندا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى
كۆپىنچە خالايىق كۆزىدىن پىنھان تۇتىدۇ.
ئەمما، ئۇنى يەنە ھامان ئاشكارا كۆرسە-
تىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇقتىن قارىماق-
قا ھېچقانداق ھەقىقەتنى چۈشەنگىلى بول-
مىسىمۇ، لېكىن دېھقان ئېكىنزارغا ئارپاتې-
رىپ قويغان بولسا، بۇغداي ئۇرالمايدۇ.
ئەگەر بۇغداي ئۇرۇقىنى چاچقان بولسا،
ئارپا ئورىمايدۇ. قىزىلمۇچ ئۇرۇقىنى تېرى-
غان كىشى ئاچچىق مېۋىگە ئېرىشىدۇ. شېكەر
قومۇشى يېتىشتۇرگەن كىشى چوقۇم شې-
كەر ئالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئىشنىڭمۇ
ياخشى - يامىنى بولىدۇ. ئەگەر ياخشى
ئىش قىلغان بولسا، ياخشىلىقتىن بەھرىمەن
بولىدۇ. يامانلىق قىلسا، يامانلىق كۆرىدۇ.
بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا،
ئىشلار ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدىن
چىقىپ كېتىدۇ.

ئەرەستۇ بۇ جاۋابنى بەرگەندىن
كېيىن، ئىسكەندەر ئۇنى توغرا تېپىپ،
قايىل بولدى.

قۇياشنىڭ ئۇن زۇلمىتى زەڭگىباردىن چىقىپ، كۈندۈز زىياسىنىڭ نىمروزىغا كىرگىز-
گىنىگە ئوخشاش، ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستان ئېلىدىن چىقىپ، چىن مەملىكىتىگە كىرگەنلىكى،
ئۇنىڭ قۇياشتەك چاپسانلىق بىلەن جاھانگىرلىك تىغىنى ئويىنىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن
خاقانى چىننىڭ زەررىچىلەردەك تولا لەشكەر يىغىپ، ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلانغانلىقى،
يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكەندەر بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەت-
كەنلىكى، ئەلچىنىڭ نامۇۋاپىق جاۋاب ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن،
زەررىچىلەردەك بىھېساب چىن لەشكىرىنىڭ خۇددى زەررىچىلەر
گۇرۇھىدەك قوزغالغانلىقى، ئاخىر خاقاننىڭ ئۆزى بۇ
ئىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ھەتتا بىرەر زەررىچىنىمۇ نە-
زەردىن ساقىت قىلماستىن تۈزۈپ چىققانلىقى.

تەقىل ھېكمەتلىرىنى يىغىشتا كۆپ
مېھنەتلەرنى چەككەن نەقىلچىلەر بۇ ھەق-
تە مۇنداق دېدى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر ئاجايىپ ئور-
مانزاردا ئارام ئېلىش بىلەن قىش كۈن-
لىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ھىندى
شاھى راي ئۇنىڭ بەزمە - مەجلىسلىرىدە
دائىم بىللە ئىدى. ئىسكەندەر گاھى شە-
ھەرگە كىرىپ راي بىلەن قەسىر ئىچىدە
شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولاتتى. يەنە
بەزىدە ئورمانزارغا كېلىپ، ئوۋ - شى-
كار قىلىپ، دالا بەزمىسى تۈزەتتى. گاھ
يولۋاسلارنى ئۆلتۈرسە، گاھى پىل ۋە كەر-
كىدانلارنى ئوۋلايتتى. گاھى دەريا بەز-
مىسى تۈزۈپ، كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ، تور
تاشلاپ، كۈمۈش رەڭلىك بېلىقلارنى تۇ-
تۇپ، كۈمۈش قەدەھلەردە شاراب ئىچەتتى.
بەزىدە شېكەر قومۇشلۇققا كىرىپ،
شىردەك ھەيۋەت بىلەن بۇغا - ماراللار-
نى تۇتۇپ، ياۋا ئات - ئېشەكلەرنى قوغ-
لايتتى، مەي ئىچكەندە شېكەر قومۇشلى-
رىنى قەنت - گېزەك قىلاتتى. يەنە بەزىدە
قۇياشتەك ئۆرلەپ، ھەسەل تېغىغا چى-
قاتتى - دە، شاراب ۋە ھەسەل بىلەن
كۆڭلىنى خۇشال قىلاتتى. يەنە بەزىدە
بولسا، شاھىنشاھلارچە رەسىم - قائىدە

بىلەن بارگاھ ئىچىدە بەزمە تۈزۈپ، نەغمە - ناۋا قىلىپ، پەلەك بارگاھىغا ھەيۋەت - ھەشەمەت بەخش ئېتەتتى. سەھرا پەردىلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلاتتى. بەزى چاغلاردا دانىشمەنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ھەرخىل ئىلىمگە ئائىت كىتابلارنى كەلتۈرۈپ بەس - مۇنازىرە قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق مەسىلىنىڭ نازۇك ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىپ، مۇجمەل مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. ئىسكەندەر كېچە ۋە كۈندۈزلەرنى ئاشۇ تەقلىدتە ئۆتكۈزدى.

باھار پەسلى يېتىپ كەلدى. قۇياش شەرەپ بۇرجىغا كىرىپ، ئالەمنى تېخىمۇ روشەن قىلدى. ئىسكەندەر نۇرلىنىپ تۇرغان قۇياشتەك، ياق، بەلكى بۈيۈك پادىشاھ جەمشىدتەك جاھان مەملىكىتىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇ ئىشرەت بەزمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خىتا بىلەن چىن مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ لەشكەر دەرياسى يەنە دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار «چىن ئېلىگە قاراپ يولغا چىقىمىز!» دەپ جار سېلىپ، سەپەر ناغرىلىرىنى چېلىپ، پۈتكۈل قوشۇننى، ھەتتا ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ بۈيۈك - پۈشقاق، توپا - تۇپراقلىرىنىمۇ قالدۇرماستىن، بۇ يۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئاندىن تۇغ - ئەلەملەرنى تارتىشىپ، ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن چىن شەھەرلىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئىسكەندەر چىن مەملىكىتىگە يۈرۈش باشلاپ يولغا چىققاندىن كېيىن، يول بويىدىكى ۋە ئەتراپلاردىكى دۆلەت ۋە دى-

يارلارنىڭ ئۇلۇغ شاھلىرى ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن بەيئەت قىلدى. ئۇلارغا لەشكەر ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شاھلار ئۆزلىرى نامە ۋە پىشكەشلەرنى ئېلىپ كېلىپ، يالۋۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىنىڭ بوسۇغىسىنى يۆلەنچۈك ۋە تەكيە قىلىپ يېتىشماقتا ئىدى. ئىسكەندەرمۇ بۇ شاھلارغا لايىقىدا ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەرنى قىلىپ، توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلىدى. يول بويى مەملىكەتلەرنى سەيلە - ساياھەت قىلغاچ ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى چىن دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا يېقىن كەلدى.

چىن خاقانىمۇ ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستاندىن چىن ئېلىگە قاراپ، سەلتەنەت باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەددى-ھېسابسىز قوشۇن، قىياس ۋە مۆلچەردىن زىيادە قورال - ياراغلارنى تەييار قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ دەسلەپتە تەكەببۇرلۇق قىلىپ، دۈشمەنلىكىنى خالىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دانا ۋەزىر ئەمىرلىرىگە مۇنداق پەرمان بەردى:

— بىز لەشكەر ۋە قورال - ياراغلارنى تەقلەپ، ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرايلى. لېكىن ئالدى بىلەن دۈشمەنلىشىشنى باشلىماي، ئەلچى ئەۋەتىپ، سىلىق ۋە يۇمشاق سۆزلەپ، يارىشىش ۋە سۈلھ قىلىش مۇددىئايىمىزنى ئارىغا سالايلى. سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارنى دوستلۇق قائىدىلىرى بويىچە مېھمان قىلىپ، ئۇزىتىپ قويايلى. ئەگەر بۇ ئىشىمىزنى لايىق تاپمىسا، دوستانىلىق ۋە سىلىق - سىپايىلىق، شەرەپ - ھايا قىلىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بىزنىڭ ئىسسىق نەپەسىمىزدىن سوغۇق تۆمۈر يۇمشىمايدۇ.

شۇڭا بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىمىز-
نى خار قىلماي، لەشكەر تارتىپ قەتئىي
جەڭ قىلىشىمىز كېرەك.

خاقان يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىپ،
ئۆز يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتنى پى-
شۇرغاندىن كېيىن، ئەلچىلىك ئىلمىدە
پىشقان بىر دانىشمەن- كىشىنى ئىسكەنـ-
دەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا بىر تا-
لاي سۆزلەرنى جېكىلىدى. ئەلچى شامال-
دەك تېز يۈرۈپ، ئىسكەندەر بارگاھىغا
يېتىپ كەلدى. ئەلچى بۇ يەردىكى ھەي-
ۋەت - ھەشەمەتلەرنى كۆردى. لەشكەر-
لەرگە نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ سانىنى
يۈز يىل قىياس قىلغان بىلەنمۇ مۆلچەر-
لەشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
شاھنىڭ بارگاھىغا كۆز سالغىنىدا، يۈك-
سەكلىكتە پەلەك بارگاھىمۇ بۇنىڭغا يەت-
مەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن لەشكە-
ردىي ئەسلىھەلەرنى كۆرۈپ، ئەقلى ھەيران
بولدى. ئاندىن ئىسكەندەر دەرگاھىغا كې-
لىپ، يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى. بۇ دەر-
گاھ خادىملىرى ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە
مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا
بىنائەن، ئەلچى باشلاپ كىرىلدى. بىر
تال خازان دەرياغا كىرگەندەك بولدى.
بۇ دانىشمەن ئەلچى دەرھال يەرگە باش
قويۇپ، ئىسكەندەرگە تەزىم بەجا كەلتۈر-
دى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا تەخت ئالدىدىن
ئورۇن بەردى. ئەلچى دېمىنى ئېلىپ، كۆڭ-
لى تەسكىن تاپقىچە كۈتۈپ تۇردى ۋە
باشقا گەپلەرنى سوراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى
تىندۇردى. ئاندىن ئەلچىگە:

— ئەمدى ئۆز مۇددىئايىڭنى بايان
قىلغىن، — دەپ ئەمر قىلدى.

ئەلچى ئىسكەندەرگە كۆپ دۇئا ۋە
سالاملارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، خا-
قانىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى مۇنداق با-
يان قىلدى:

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، سەن خۇد-
دى قۇياش كۆك ئاسماندا سەپەر قىل-
غاندەك بۇ تەرەپكە قاراپ يۈرۈش باشلى-
دىڭ. جاھان كەزگۈچى ئارغىمىقىڭ بى-
لەن كېلىپ چاڭ - توزانلىرىڭ بىلەن
بۇ ئەلنى يورۇتتۇڭ. بۇ ئىشىڭنىڭ سەۋەبى
نېمە؟ بۇ تەرەپكە كېلىشتىكى مۇددىئا
ۋە خىيالىڭ نېمە؟ سەن ئەگەر بىزگە
دوست بولماقچى بولساڭ، بۇ قىلغىنىڭ
دوستانىلىق ئەمەس. سەندەك ئۇلۇغ بىر
پادىشاھ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، بىزنىڭ
مەملىكىتىمىزنى بېسىۋالماقچى بولۇۋاتى-
سەن. ھېچكىم بۇنداق ئىشنى دوستلۇق
دەپ بىلمەيدۇ. ئەگەر دۈشمەنلىك غە-
رىزى بىلەن كەلگەن بولساڭ، بۇنىڭدىكى
سەۋەب نېمە؟ بىزدىن قايسى دۈشمەنلىك-
نى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن
بولدۇڭ؟ ئەۋەتكەن ئەلچىڭ قاتتىق - يې-
رىك سۆزلەرنى قىلىپ كېلىۋىدى، بىزمۇ
شۇنىڭغا لايىق كېپىمىزنى قىلىپ، ئۇنى
تىرىك ۋە ساق - سالامەت پېتىچە ئۇزى-
تىپ قويدۇق. سەن ماڭا: «دارا ئۆلۈپ
ئۇنىڭ تەخت ۋە تاجى ماڭا قالدى. شۇ-
ڭا چىن مەملىكىتىنىڭ باج خىراجىتىنى
ئېلىپ ئالدىمغا كەلسۇن» دەپتىكەنسەن.
مەنمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن: «گەرچە دارا بۇ
مەككار دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ
سەن ئۇنىڭ ئورنىدا بەر قارار بولۇپ،
بۇ ئالەمدىن ۋاپا كۆرگىن. لېكىن دارا
بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا سۇلھى - سا-
لاھ، سالام - سائەت ۋە مۇرەسسە - مادا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



را مۇناسىۋىتىلا بار ئىدى. ئۇ ھېچقىچان
مېنىڭ ئۈستۈمدىن غالىب كېلىپ، مەن-
دىن باج - خىراج تەلەپ قىلىدىغان
ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. ئەگەر سەنمۇ شۇ
بويىچە يول تۇتساڭ، سېنىڭ بىلەنمۇ
مۇرەسسە - مادارا قىلىپ، جەڭگى- جې-
دەل ۋە دۈشمەنلىك قىلىشماي ئۆتىمىز.
بۇنىڭغا رازى بولمىساڭ، تەقدىردە نېمە
بولسا، شۇنى كۆرىمەن» دېگەنىدىم. ھا-
زىرمۇ كېيىم شۇ. سەن ئېيتىپ باقە، بۇ
يامان گەپمۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نې-
مە دېسەم بولاتتى؟ مەن بۇندىن كېيىن-
مۇ بۇ سۆزۈمدىن يانمايمەن ۋە ئۇنىڭدىن
باشقا سۆزمۇ قىلمايمەن. ئەگەر سەن سۇل-
ھى قىلاي دېسەڭ بۇنىڭغا ھازىرمۇ تەي-
يارمەن. مۇرەسسە - مادارا بىلەن ئىشنى
بولدى قىلىمىز. ئەگەر ئۇرۇش قىلىمەن
دېسەڭ، بۇ ئىشتا مېنىڭ سەندىن ھېچ-
قانداق كەمچىل تەرىپىم يوق. لەشكىرىم
شۇ قەدەر كۆپكى، ئۇنىڭ سانى يوق. قو-
رال - ياراغ - ھەربىي ئەسلىھەلىرىم
شۇ قەدەر تولۇقكى، بۇ تەرەپتىن قۇسۇر
تېپىشنىڭ ئىمكانى يوق. مېنىڭ خەلقىم
مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، قېرى
ياكى ياش بولسۇن، ئۇلارنىڭ تېنىدە جان-
لا بولىدىكەن، ۋەتەن ئۈچۈن، ئەۋلادلى-
رى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىمكانىيەتىنىڭ بارى-
چە جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ. ھېچكىم بۇ
ئىشتا بوشاشمايدۇ. بىراق ئىككى پادى-
شاھ بىر - بىرىگە قارشى لەشكەر تار-
تىپ جەڭ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قايسى مەغ-
لۇپ بولۇپ، قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلى-
دىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش تەس،
بۇ خىل ئاقىۋەت ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە
يېزىپ قويۇلغانمۇ ئەمەس. شۇڭا شاھلار

جەڭ ۋە ماجىرالاردىن قانچە يىراق بولسا،
شۇنچە ياخشى. ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىلا
تەرەپكە پايدىسى يوق.

بۇ سۆزمەن ئەلچى چىن خاقانىنىڭ
ئامانەت سۆزلىرىنى شۇ تەرىقىدە بايان
قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىسكەندەر-
نىڭ جاۋابىغا كۆز تىكىپ، يەرگە قاراپ
جىم تۇردى. ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا
مۇنداق دېدى:

— چىن خاقانى مېنى مەيلى شاھ-
لىق شان - شەۋكىتىدە بولسۇن، ياكى
جاھاندارلىق قائىدە، يوسۇنلىرى جەھەت-
تە بولسۇن دارا بىلەن ئوخشاش دەپ بىل-
سە، روشەنكى، ئۇ خاتا قىلغان بولىدۇ.
ھوشيار ۋە چېچەن كىشىلەر ھەرقايسى
مەملىكەتلەرنىڭ ئەسلى ئەھۋالىدىن خە-
ۋەردار بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىپ تۇرىدۇ.
ئەگەر پادىشاھنىڭ ئىززەت - ئېتىبارى
ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەملىكىتى بىلەن
ئۆلچىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھازىر مې-
نىڭ مەملىكىتىم ئىككى دارانىڭ مەملى-
كىتىگە تەڭ كېلىدۇ. ئەگەر جەسۇرلۇق
ۋە شىجائەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا،
خاقانى چىننىڭ مەن بىلەن دارا ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئۇرۇشتىن خەۋىرى بولسا كې-
رەك. مەن دارا بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈر-
ئەت قىلغان ۋاقتىمدا شان - شەۋكىتىم
ۋە كۈچ قۇدرىتىم ئۇنىڭدىن ناھايىتى
تۆۋەن ئىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئوندىن بى-
رىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى. شۇنداق تۇرۇق-
لۇق يەنە ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باق-
مىغان دەرىجىدە ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈ-
رۈپ قويدۇم. شەك - شۈبھىسىزكى، مەن
غالىب ئىدىم. تەڭرى ماڭا غەلىبە ۋە

نۇسرەت ئاتا قىلغانىدى. ئەگەر خاقان
بۇ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولـ
سا، نالايىق سۆزلەرنى قويۇپ، بۇيرۇقۇمـ
غا ئىتائەت قىلسۇن، ئالدىمغا كېلىپ تۆ-
ۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرىخاھلىقنى ئىزھار
قىلسۇن. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ
بارىچە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغۋار-
لىقتا سازاۋەر قىلاي. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنـ
مىسە، ئۇنىڭ كۆزىگە جەڭ كۈنلىرىنى
كۆرسىتىمەن. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ
ھەممىسى راست گەپ. مېنىڭ ئادىتىم
راست سۆزلەشتىن ئىبارەت. سۆزۈم تۈگىـ
دى. ئەمدى سەن قايتىپ، سۆزلىرىمنى
خاقانغا يەتكۈزگىن. سېنىڭ ئارقاڭدىن
بىزمۇ يولغا چىقىمىز. ئاستا ـ ئاستا مې-
ڭىپ تۇرىمىز. ئەگەر بالدۇرراق ياخشى
خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، بىزمۇ ئۇنىڭغا
ياخشى جاۋاب قايتۇرىمىز. ئەگەر خاقان
پەرمانىمغا بويۇن تولغىسا، بۇ پەلەكنىڭ
قانداق ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقىنى بىر
كۆرۈپ باقايلى.

ئەلچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي،
پەرىشان ھالدا قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆز
شاھىنىڭ دەرگاھىغا يۈز قويدى. شاھانە
مەجلىس ئىچىدە ئىسكەندەرنىڭ خاقانـ
نىڭ خىتابلىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىنى
باشتىن ئاخىرىغىچە تولۇق بايان قىلدى.
خاقان ئىسكەندەرنىڭ غەيرەت ـ شىجا-
ئەتتە ئۆزى قىياس قىلغانىدىنمۇ زىيادىـ
رەك ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى، ئەمدى
ئەلچى ئەۋەتكەنىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى،
بارغان بىلەنمۇ يەنە ئوخشاش جاۋاب ئې-
لىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەر-
دانىلىق بىلەن جەڭگە بەل باغلىدى.
ئىسكەندەرنىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتىـ
نى پىلانلاپ، ئاتا مۈلكى بولغان چىن
ۋە خىتادىن لەشكەر توپلىدى. يەتتە
ئەمەس، يەتمىش پۈشتىنىڭ ماكانلىرىـ
دىنمۇ ئەسكەر ئالدى. ئۇنىڭ يىغقان
ئەسكەرلىرى ئاسمان يۇلتۇزلىرىدىن، ياق،
بەلكى باياۋان قۇملىرىدىنمۇ تولا ئىدى.
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوقيا ۋە قىلىچ ما-
ھىرلىرىنىڭ ئۆزىلا توققۇز يۈز مىڭ ئىـ
دى. ئوقياچىلار دۈشمەنلىرىنى بىر دەمـ
دىلا ئوق يامغۇرلىرىغا غەرق قىلىۋەتتى،
قىلىچۋازلارنىڭ تىغلىرىمۇ ياۋ بېشىدا
چاقماقتەك چېقىلاتتى. قالغان لەشكەرلەر-
نىڭ سانى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ ھەمـ
مىسى مەرگەن ۋە ماھىر چەۋەندازلاردىن
ئىدى. ھەممىسى تۈركلەرچە ساۋۇتلارنى
كىيگەن، ساۋۇتلىرىغا ئالتۇن ھەل بىلەن
باشتىن ئاياغقىچە گۈل چېكىلگەنىدى.
ئاتلارغا بولسا چىنچە زەرباب يوپۇقلارنى
ياپقانىدى. ھەر بىر ئاتلىق خۇددى كۆ-
ڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنغان ۋە بېزەلـ
گەن بىر تۈپ كۆچەتكە ئوخشايتتى. قا-
رىماقـقا خۇددي كۈمۈش رەڭلىك بېلىقـ
تەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار باشتىن ـ ئاياغ
دۇبۇلغا ساۋۇتلارنى كىيگەن بولۇپ، ھەمـ
مىسى تۆمۈر بەدەنلىك رويىنتەن①نىڭ
دەل ئۆزى ئىدى. چىن خاقانى بۇ قەدەر
كۆپ ۋە جەسۇر لەشكەرلەرنى قوزغاپ،
ياق، لەشكەر ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر
يۈزىگە قوزغىلاڭ ۋە ھاياجان سېلىپ،
چىن شەھىرىدىن چىقتى ۋە ئىسكەندەر-
نىڭ قارشى تەرىپىدە توختىدى. ئۇلار
ھېچبىر قورقماستىنلا ئىسكەندەر قوشۇنىـ

① رويىنتەن — «شاھنامە» داستانىدىكى قەھرىمان ئىسپەندىيارنىڭ لەقىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غا قارشى سەپ تۈزۈپ، لەشكىرىي تەرتىپلەرنى ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى مۇستەھكەملىدى. لەشكەرلەر تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ ئەتراپىغا ئۇزۇنلۇقى 15 ياغاچ كېلىدىغان چوڭقۇر خەندەكلەرنى قازدى. ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە مۇستەھكەم سېپىل سوقتى. سېپىلنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ھارۋىلارنى ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ياتقۇزۇپ، ھارۋىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ مىخلاپ تەييار قىلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئوقيا ۋە مىلتىقچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. خەندەك ئەتراپىغا يەنە شېكەر قومۇشىدەك قېلىن قوزۇقلارنى قېقىپ، توساق ھاسىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، چىن خاقانى بۇ قورغاننى ئەجەلمۇ كېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە پۇختا قىلىپ ياسىدى. چىن قوشۇنلىرى بۇ قورغان ئىچىگە ئورۇنلاشتى. قورغان ئەتراپىغا توپلانغان لەشكەرلەرمۇ غايەت زور ۋە مۇستەھكەم سېپىل ھاسىل قىلغانىدى. چىن خاقانى پەلەك قورغىنىدەك بۈيۈك ۋە مۇستەھكەم قورغاننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، جەڭ ئىشلىرىنىڭ باشقا ئەسۋابلىرىنىمۇ تەق قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر چىن تەرىپىگە يۈرۈش قىلغان پەيتى، خاقانىنىڭ لەشكەرگاھىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. ئۇ خاقانىنىڭ بارگاھىنى يىراقتىن كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز لەشكەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، سەپكە تىزدى. ئۇ لەشكەرلەر شۇنداق رەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك تىزىلغانىدىكى، ئۇنى تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ تولىلىقى قانچىلىك دېسە، شۇنچىلىك بار ئىدى.

ئىسكەندەر بارلىق لەشكەرلەرگە ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق قىلىپ، مال - مۈلۈكلەرنى ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلدى. لەشكەرلەر مۇستەھكەم سەپ تۈزگەندىن كېيىن، شۇنداق سۈرەن سالدىكى، ئۇلارنىڭ ساداسىدىن پەلەك گۈمبىزى تىترەپ كەتتى. بۇ سۈرەن سالغان ئاۋازدىن ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن چىن خاقانى خاۋاتىرلەنگەن ھالدا، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە نەزەر سالدى. ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ دەرۋەقە ئىنتايىن شىجائەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى. كەچ بولۇپ كەتكەچكە ھەر ئىككى تەرەپ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۆز جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئارام ئېلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھالەتلىرىنى نامايان قىلىشتى، ئىككىلا تەرەپتىن ھىماتچى ۋە جىسەكچى قوشۇنلار چىقىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كۆزەت قىلىپ، ئىنتايىن ھوشيار ھالەتتە تۇرۇشتى. ئىسكەندەر ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا سەپ تۈزۈپ، جەڭ ۋە ماجىرالارنى باشلاپ، قىيامەت كۈنىنى ئاشكارا قىلىشنى پىلانلىدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇ پىلانىنى ئاڭلىغان ھېكمەت ئىگىلىرى ئۇنى بۇ ئىشتىن توستى.

— تاڭلا - ئۈگۈنلۈككە قەدەر تەخىر قىلماق كېرەك، — دېيىشتى ئۇلار مەسلىھەت كۆرسىتىشىپ، — چۈنكى جەڭ ئىشلىرىدىكى نەس يۇلتۇزلار تۇغدى. ئۇلار ئۈچ كۈنگىچە بىز تەرەپكە تىكىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا نەس يۇلتۇزلار ئۆتۈپ كەتكىچە ساقلاش كېرەك. ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھى ئالەمنىڭ ئىقبال يۇلتۇزى پارلايدۇ. شۇندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قولايلىق ۋاقتى ۋە ئەپلىك پۇر-

سىنى يېتىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنى دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ باشلىساق، ئۇلارنى يېڭىپ، خاقاننىڭ شەۋكىتىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توختاپ، پەيت كۈتۈشكە باشلىدى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرگەن خاقاننىڭ قوشۇنلىرى سەل ئەنسىرەشكە باشلىدى. خاقان گەرچە ئۇلارغا قانچە كۈچ ۋە مەدەد بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتەلمىدى. ئۇلار جەڭ قىلىشتىن ئەمەس، ھەر خىل زىددىيەتلىك پەرەزلەردىن سۆز ئېچىشقا باشلىدى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇشقان ھالدا مۇنداق پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى: «ئىسكەندەر باتۇرلۇقتا ۋايىغا يەتكەن، قورقۇمسىزلىقتا بىر ئەركەك شىرنىڭ ئۆزى ئىكەن. جاھانگىرلىكنى ھەۋەس قىلىپ، دېگەن ئىشىنى قولغا كەلتۈرمەي قويمايدىكەن. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر تەرەپ-تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، نېمىنى ئىختىيار قىلسا، شۇنىڭغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ قايسى مەملىكەتكە يۈرۈش قىلسا، شۇ مەملىكەتنى قولغا ئالدى. قايسى شاھنى ئۆزىگە بېقىندۇرغۇسى كەلسە، شۇنىڭ بوينىغا سىرتماق سالدى. ئۇ دارا بىلەن سوقۇشقانىدى، تەدبىرلەر بىلەن ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە بەرھەم بېرىپ دارا ئېلىنى ئۆز سەلتەنىتىگە قوشۇۋالدى. لېكىن بىزنىڭ كۈچ قۇدرىتىمىز دارادىن ئارتۇق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئونىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسكەندەر نەۋقىران پەھلىۋاندۇر. بۇنداق كىشى بىلەن دۈشمەنلىشىش ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە ئارىغا ئۇلۇغ زاتلارنى كىشى قويۇپ، ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلسا ياخشى بولاتتى. چۈنكى خاقان ياشىنىپ قالدى. ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ تەڭدىشى دېگىلى بولمايدۇ. كىمكى ئىسكەندەر بىلەن ئۇرۇش دەۋاسىدا بولسا، ئۇنىڭ قىلىچىدىن ئامان قالمايدۇ. ئەقىللىق كىشى ئۆزىنى ئۆزى قەستلەيدىغان ئىشنى زادى قىلماسلىقى كېرەك. خاقانىمىزنىڭ ئىسكەندەرگە خىراج بېرىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا بەيئەت قىلغىنى ئەۋزەل ئىدى. مەللۇ ئىسكەندەرگە قارشى نى-نى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر جازالاندى. ئوغلى فىرۇزشاھ بولسا ئىتائەت قىلغانلىقتىن تەختۇ تاجغا ئىگە بولۇپ، ھۆرمەت-ئېتىبارغا ئېرىشتى. رايى ھىندىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئېلىنىڭ باشپاناھى بولۇپ قېلىۋەردى. ئەگەر خاقانمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزرەخاھلىقنى بايان قىلىپ، خىزمەتكارلىقنى قىلغان بولسا، ئىسكەندەر خاقاننى يەنە ئۆز مەملىكىتىدە بەرقارار قىلىپ قويماسمىدى، يۇرت ئىشى يەنە خاقاننىڭ ئىلكىدە بولماسمىدى؟! ئەمدى بۇ ئىشتىن باشقىچە ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ...».

ئەلقىسسە، خاقاننىڭ يېقىن بىر مەھرىمى بار ئىدى. ئۇ يۇقىرىقى سۆز-چۆچەكلەردىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، خاقاننى پىنھان جايغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ، زار-زار يىغلىغان ھالدا:

— خالايىققا ئاجايىپ بىر ھالەت يۈزلىنىپتۇكى، ھېچكىم بۇ غەمدىن خالىي ئەمەس، — دەپ، كىشىلەردىن ئاڭلىغان گەپ-سۆزلەرنى قالدۇرماي بايان قىلدى. ئاندىن يەنە، — ئەي پادىشاھىم، ماڭا مە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لۇم بولغان ئەھۋاللارنى ساڭا ئەيىەن مە-
لۇم قىلدىم. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭ
تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بىر ئامالىنى قىلغاي-
سەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.
خاقان بىر پەس خىيالغا چۆكتى.
بۇ مەھرەمنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ راست
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆز ئەھۋالىنى
مۇلاھىزە قىلىپ: «چىنىنىڭ جانان چىنىسى
بىلەن رۇمنىڭ قورام تېشىنى بىر-بىرىگە ئۇرسا،
چىنە قانداقمۇ تاشقا تەڭ تۇرالىسۇن؟»
دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەگەر ئىسكەندەر
بىلەن جەڭ باشلىسا، بىر مۇنچە تالاپەتلەر-
گە يولۇقىدىغانلىقىنى پەملىدى. بۇ ئىشتا
خاقاننى ناھايىتى مۇرەككەپ خىياللار
چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ-
سى كەلمىدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا بىر
مەسلىھەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر نىقابىنى
تاپتى. ئاندىن ھېلىقى مەھرىمنى چاقىرىپ
مۇنداق جېكىلىدى:
— بۈگۈن مېنىڭ بارگاھىمدىكى
كىشىلەرنى بىرىڭى قويماي چىقىرۋېتىپ،
سەھرا پەردىلەردىن ئۆتۈپ، مېنىڭ ھوج-
رامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئولتۇرغىن. كى-
شىلەرگە «بۈگۈن خاقان ھېچكىمنى قوبۇل
قىلمايدۇ» دەپ ئادەم كىرگۈزمىگىن. بۈگۈن
ئاخشامغىچە ئىشىكىمنى ئاشۇنداق ساقىلا.
ھېچكىمگە بۇ سىرىمنى ئاشكارىلىما، ھېچ
كىشى مەندىن ئەندىشە قىلمىسۇن. ئەگەر
تاڭلا كېچىسى مۇشۇ مەھەلدە قايتىپ
كېلەلىسەم، بارلىق مۇشكۇللىرىم ئاسان
بولۇپ، مۇرادىم ھاسىل بولغان بولىدۇ.
مۇبادا كېلەلمىسەم، ھەممىڭلار ئۆز غېمىڭ-
لارنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار. ئالدىڭلارغا نېمە
ئىش كەلسە، شۇنى كۆرۈڭلار. مەنمۇ
بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن. لېكىن سەن
مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، سىرىمنى ساقلا.
بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى مەندىن
سوراپمۇ ئولتۇرما.
مەھرەم خاقاننىڭ سۆزىنى قوبۇل
كۆرۈپ، ئۇ يەردە ئىشىك بېقىپ ئولتۇر-
دى. خاقان شاھانە لىباسلىرىنى سېلىپ
تاشلاپ، ئەلچىلەر كىيىمىنى كىيىپ ياساندى.

**ئايدىن ئىبارەت بۇ چاققان سەييارە بىلەن قۇياشنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقىنىغا ئوخشاش، خاقاننىڭ ئەلچىلىككە كېلىپ، ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشكەن-لىكى، بۇ ئۇچرىشىشتىن خاقاننىڭ ئايدەك پاك نۇرغا چۆمۈلگەنلىكى**

تارىخ ئىلمىنىڭ دانىشمەنلىرى
مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:
خاقان ھېلىقى مەھرىمىگە پەرمان
قىلىپ:
— بارگاھنىڭ ئالدىغا بىر ئات ئې-
لىپ كەلگىن، — دېدى.
ئۇ مەھرەم بىر ئۇچقۇر ئاتنى تەيى-
يار قىلىپ، خاقاننىڭ بارگاھى ئالدىغا
كەلتۈردى. خاقان ھېلىقى مەھرەمنى
بارگاھ ئىشىكىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ،
ئۆزى ئاتقا مىندى، قاراڭغۇ تۈندە ئۆز
لەشكەرلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، قورغان
دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازى-
ۋەنلەرگە بىر دەستەكنى بېرىپ:
— خاقان مېنى ئىشقا بۇيرۇدى، مېنى
دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇڭلار، —

دېدى.

دەرۋازىۋەنلەر دەستەكىنى كۆرۈپ، ئۇنى قورغاندىن چىقىرىپ قويدى. خاقان قورغان سىرتىغا چىققاندىن كېيىن، ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرغىنىچە يولغا راۋان بولدى. ئۇ يول بويى كۆڭلىگە يېزىلغان خىياللارنى كەلتۈرۈپ ماڭدى. ئەلچى سۈرىتىدە ياسانغان بۇ خاقان شۇ ماڭغىنىچە تاڭ سۈزۈلگەن مەزگىلدە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەر گاھىغا يېتىپ كەلدى. مۇلازىملار بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلىپ:

— بىر نۇرانە چىراي ئەلچى يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ باشتىن ئاياغىچە پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئەقىل-پاراسەتتىن پۈتكەندەك قىلىدۇ. ئۇ بەئەينى غايىبتىن كەلگەن ئەلچىگە ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كېلىپ، تەختىم ئالدىدا ھازىر قىلىڭلار، — دېدى ئىسكەندەر مۇلازىملارغا، — بۇ كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ تەبىرى مۇشۇ بولسا كېرەك. چۈشۈمدە: ئۆزۈم قوياشقا ئوخشاپ قالغانمىشمەن، نۇرلىرىممۇ قوياشتەك پارلاق ئىمىش. شۇ پەيتتە يەنە بىر قوياش پەيدا بولۇپ كېلىپ ئايىغىمدا باش قويارمىش. بۇنداق ئىككى قوياشنى ھېچكىم چۈشىدە كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھلى ھېكەتلەرمۇ ئاسمان سەييارىلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق «بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە غارايىپ ئىشلار يۈزەگە چىقىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشقانىدى. بۇمۇ ئاشۇ خىل ئىشلاردىن بولسا كېرەك. كەلگەن ئەلچىنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىڭلار.

مۇلازىملار ئەلچىنى باشلاپ كىردى.

ئەلچىمۇ يىراقتىن ئوچۇق چىراي بىلەن، شېرىن تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەلچىلەر رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى. ئىسكەندەر بۇ ئەلچىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى كۆرۈپ، سۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەلچىگە بەخت-تەلەي يار بولدى. ئىسكەندەر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەلچى ئولتۇرۇپ ئارامىنى ئالغاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئۇنىڭغا:

— ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا، تولۇق بايان قىلىپ، بىزنى ئۆزۈڭگە سىرداش قىلغايسەن، — دېدى.

— ئەي ئالەمنىڭ باش پاناھى، — دېدى ئەلچى ئىسكەندەرگە، — بىز سىزنىڭ قانداق ھۆكۈمىڭىز بولسا قوبۇل قىلىپ، ھازىرانە ۋە غايىبانە ھەممىمىزنىڭ ھۇزۇرۇڭغا قاراشلىق بولۇپ تۇرماقتىمىز. بىراق چىن خاقانى ئۆز تەدبىرى بىلەن ماڭا بىر نەچچە تۈرلۈك شەرەپلىك سۆزلەرنى دېگەنىدى. بۇنى ئاڭلاشقا بىر ئۆزۈڭدىن باشقا كىشى مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ مەجلىس تارقاپ، شاھى ئالەمنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى قالمىغاندا ئاندىن مەن ھەرقانداق سوئال بولسا جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى خاقان ماڭا: «ئاشۇ خىل خىلۋەت سۆھبەتكە مۇيەسسەر بولالىساڭ، سۆھبىتىڭدە ئىسكەندەردىن باشقا ھېچ كىشى بولمىسا، ئاندىن مېنىڭ بارلىق ئىلتىماسلىرىمنى ئىزھار قىلغىن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، تەخىرسىز قوپۇپ يېنىپ كەلگەيسەن. ئەگەردە سېنى ئەسىر قىلىۋالغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئېغىز ئاچمىغىن. پىتنە-پاساتچىلار ساڭا ئىشەنمەي، گۇمانلانسا، ئۇلار سېنىڭ پۇت قوللىرىڭنى باغلاپ قويۇشسۇن. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قىلمىچىنى

قويۇپ قويسۇن. ئاندىن سەندىن سوئال سورىسۇن. سەن مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمنى راستى بىلەن بايان قىلغىن» دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىگەنىدى. ئەگەر مېنى شاھنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالدۇرۇشقا ئەندىشە قىلساڭلار مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار.

ئەلچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار، بۇنى باغلاپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھۆپۈپ شۇڭقارغا تەستەك ئۇرىدىغان ئىش نەدە بار؟ — دېدى.

ئەھلى ھېكمەتلەر بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. خۇسۇسەن ئەرەستۇ ھېكىمنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئەلچىنىڭ قول - پۇتلىرى باغلاندى. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قىلىچىنى ئەكىلىپ قويۇشتى. ئۇلار شۇندىن كېيىن بىر - بىرلەپ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشتى. بۇ يەر غەيرىدىن خالىي بولغاندىن كېيىن ئىسكەندەر مەخپىي سىرلارنى بايان قىلىشنى ئېيتتى.

ئەلچى ئىسكەندەرگە:

—ئەي پاك نىيەتلىك پادىشاھ، سەن مېنى ئەلچى دەپ ئويلاپ قالما، چىن خاقانى دەرگاھىڭغا كېلىپ، بوسۇغۇڭ تۇپرىقىنى كۆزىگە تۇتىيا قىلدى. ئۆزى دەرگاھىڭغا كېلىشنى قوبۇل قىلدى. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، قولۇمدا قىلىچ يوق، كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق. ئۆزۈمنىڭ قول - ئاياغلىرىمنى ئۆزۈم باغلىتىپ، ئالدىڭدا ئۆزۈمنى ئاجىز ۋە بىچارە ھالەتكە چۈشۈردۈم. بۇ ھالەتتە ھۇزۇرۇڭغا كېلىشىمنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ كېلىشى بۇ ئىشتا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

ئىسكەندەر ھەيران بولغان ھالدا:

— سەن چىن ۋەختا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تۇرساڭ، پادىشاھ بولغان كىشى قانداقلارچە بۇنداق خاتا ئىشنى قىلىدۇ. قانداقلارچە ئۆزىنى ئۆز دۈشمىنىگە ئەسىر قىلىپ بېرىدۇ؟ ساڭا مۇشۇ تاپتا ھېچكىممۇ ياردەم بېرەلمەيدۇغۇ؟ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىپ ئەسىرگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە ئەركىن، ئازادە سۆزلەۋاتىسەن. باشقا سۆزلەرنى قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئالدى بىلەن مېنىڭ مۇشۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن، — دېدى.

— ئەي جاھان مەملىكىتىنىڭ تەخت ئىگىسى،— دېدى خاقان جاۋابەن،— مېنىڭ بېشىمغا ناھايىتى مۇشكۇل ئىش چۈشكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈم ئالدىڭغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا ئىشەنچىم بار ئىدى. چۈنكى سەن كۆڭلى - كۆكسىڭ يورۇق، ئەقىللىق، مەردانە ۋە ھىممەت ئىگىسى بولۇشتەك سۈپەتلەرگە ئىگىسەن. ئاجىز بولۇپ كەلگەنلەرنى ئۆلتۈرۈش سەن ئۈچۈن نومۇس. بىراۋلار ساڭا قارشى لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئەپۇ سورىسا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى يەنە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە قىلىسەن. مەندىن تېخىمۇ ئۇنداق ۋەقە سادىر بولغىنى يوق. بۇنداق قىلىشتىن ئۇيىلمەن، تارتىنىمەن. سېنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىڭنى بىلىپ، ئۇلۇغ ئىشلىرىڭغا ئىشەنچ باغلىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى خارۇ - زارلار كەبى ئاجىز قىلىپ، تەختىڭ ئالدىغا كەلدىم. ساڭا ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلىپ، ئالدىڭدا ئەسىرلەردەك تۆۋەنچىلىك سۆزلەيمەن. ساڭا ھېچقاچان ئاداۋەت قىلىش ئويۇم يوق. سەندىن ئۈمىدىم شۇكى، مەرھەمەت

قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئايىنىغايسەن، يۈز خاترەمنى قىلغايسەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى ناھايىتى ساۋيۇندى.

— ئەي بەختىيار پادىشاھ، — دېدى ئۇ خاقانغا، — بۇ كەلگىنىڭ ناھايىتى توغرا بوپتۇ. ئەمدى قانداق ئىسۆزلىرىڭ بولسا، چاققانىراق ئىزھار قىلىپ، ئۇنى يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئىچىدىن تىزرەك ئاشكارىلىغىن. چۈنكى سېنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ئولتۇرۇۋېرىشنى ۋە بۇ خىل تەقلىدتە تۇرغۇزۇپ سوئال سوراشنى راۋا كۆرمەيمەن.

خاقان ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي جاھاندار، مېنىڭ بۇ كېلىشىمدىكى مەقسەت شۇكى، سەن بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ، سۆزلىرىمنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتماقچىمەن. مېنىڭ سۆزۈم شۇكى، ئۆز ۋاقتىدا جانابىڭدىن ئەلچى كېلىپ، مېنىڭ ساڭا خىراج تاپشۇرۇشۇمنى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئالدىڭغا بېرىشىمنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنى قوبۇل قىلمىغانىدىم. گەرچە جاۋابىمدىن ئەلچى ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى پەرىشان بولغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدىم. نالايىق سۆزلەرنى دېگەن بولسام، گۇناھكار بولۇپ، جازاغا تارتىلارمەن. ئۆزۈمنىڭ گۇناھىنى بىلىپ، ئالدىڭغا كەلدىم. ئەگەر بېشىمغا قىلىچ سۇرسەڭ قېنىم ساڭا پىدا بولسۇن، ئەگەر ئەپۇ قىلىپ، مېنى خۇشال قىلساڭ، سېنىڭ ياخشى خۇلقۇڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس.

— ئەي سائادەتمەن پادىشاھ، — دېدى ئىسكەندەر تەسىرلەنگەن ھالدا، — سېنىڭ شۇ چاغدا ئەلچىدىن ئەۋەتكەن جاۋابلىرىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ۋە دوستانە ئىدى. سۆزلىرىڭ مەيلى يات، مەيلى يېقىنلارنىڭ ھەممىسىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ھەققانىي ۋە سەممىي ئىدى. بىراق مەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، جاھانگىرلىكنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. جاھان مەملىكەتلىرىنى قولغا ئېلىشنى كۆزلەپ، سېنىڭ دىيارىڭغا قەدەم باسماقچى بولدۇم. شۇڭا سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن قۇسۇر تاپتىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىگە غالىب بولسا، بۇنداق باھانىلەرنى تولا كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا سېنىڭ تەرىپىڭدىن ئۆكتە قوپقىدەك سۆزلەر كەلمىگەنىدى. ھەرقانداق خاتالىق ئۆتتۈلدى دېيىلسە، ئۇ جەزمەن بىز تەرەپتىن ئۆتتۈلگەنىدى. ئۇ چاغدا مەن ساڭا خىلاپ سۆزلەرنى قىلغان بولسامۇ، لېكىن مانا ئەمدى ساڭا نىسبەتەن كۆڭلۈم ساپ بولدى. ئىككىمىز ياخشىلىشىپ قالدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن خاقان ئىسكەندەرگە دۇئا قىلىپ، ئۆز سۆزىنى مەقسەت تەرەپكە بۇرىدى:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ، پۈتكۈل ئالەم ساڭا تەۋە بولسۇن، جاھانگىرلىك ساڭا مەنسۇپ بولسۇن. سەن ھەرقانداق بىر مەملىكەتنى ئېلىش ئۈچۈن بەل باغلىغىنىڭدا، ئۇ ئەل ساڭا ھامان ئۇرۇشسىز نېسىپ بولمىدى. ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، مەللۇدىن ئىبارەت ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئانچىكى سېھرى - جادۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ساڭا خېلى سەركەشلىك ۋە بويۇنتاۋلىقلارنى قىلدى. ساڭا دۈشمەنلەرچە قارشى تۇردى. سەن بىرمۇنچە تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇرتىنى ئالدىڭ. ئەسلىدە ئۇنى ئاداۋەت تىغىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئاداۋەت ساقلىماي، ئۇنىڭ ئوغلىغا رەھىم - شەپقەت قىلىپ، تاج - تەختىنى بېرىپ،

ئۇنى ئاتا مەملىكىتىدە پادىشاھ قىلدىڭ. سەن مېنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن خىيال قىلاتتىڭ. لېكىن مەن ئۆزۈمنى ساڭا پىدا قىلىپ، ئالدىڭغا كەلدىم، خىيالىڭغا مۇشۇنداق ئوي كېلىپ، ساڭا مۇشۇ تەقلىتتە ئىتائەت قىلدىمكى، جاھاندا ھېچكىم بۇنداق قىلمىغان بولغىيدى. تەڭرى سېنىڭ مەرتىۋەڭنى شۇ قەدەر يۈكسەك قىلدىكى، مەندەك بۈيۈك سەلتەنەتلىك شاھلارمۇ ئالدىڭغا كېلىپ، خارلىق ۋە كەمتەرلىكنى ئىختىيار قىلدى. ئەمدى مېنىڭ مۇرادىم شۇكى، سەندىن مەرھەمەت بىلەن بىر تىلەكنى تىلەيمەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بارلىق مۈشكۈللىرىم ئاسان بولغۇسى.

خاقاننىڭ بۇنداق شىكەستىلىكنى كۆرگەن ئىسكەندەر ھاياجانلانغان ھالدا دېدى:

— ئەي مويسېپىت پادىشاھ، سەن خاتىرجەم بولغىنكى، ئىككىلا ئالەمدە سەن ئاتام، مەن ئوغلۇڭمەن. مەن سېنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، خىزمەتلىرىڭنى نۇقسانسىز ئورۇندايمەن. پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن ئورۇنداپ، دائىم ئايىغىڭنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلىمەن. ماڭا ھازىر گوياكى فەيلەقۇس ئاتام تىرىلىپ كەلگەندەك بولدى. سېنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، قول ئاستىڭدا سىپاھ بولىمەن. مەن قىلىچلىرىڭنى چېپىپ، دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ، شەۋكىتىڭنى قوغدايمەن. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭ، كۆڭلۈڭ نېمە ئىش بىلەن خۇشال بولىدىغان بولسا، شۇنى بايان قىلىپ، مېنى خەۋەردار قىلغىن. مەن بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن تىرىشىپ، تىلەكلىرىڭنى ئادا قىلىمەن.

خاقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولدى. ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ئاپىرىنلار ئېيتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى توختىتالمىغان ھالدا تەشەككۈر تۇپرىقىغا باش قويۇپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي ئالەم تەختىنىڭ سۇلتانى، سېنىڭ تەختىڭگە بۇ ئاسمان يۈكسەكلىكىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. سېنىڭ شاھلىقىڭ پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئۈستىدە كەم بولمىسۇن. پالۋانلىقىڭ جاھان ئەھلى ئارىسىدا بىر قارار بولسۇن. مەندە خان ۋە خاقانلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئالدىڭدا بەندە پەرمان بولسۇن. تەڭرى ساڭا مۇنداق پاك تەبىئەت ۋە ئالىي ھىممەتنى ئاتا قىپتۇ. ياخشى خۇلقۇڭ ۋە شان-شەۋكىتىڭ ئالدىدا، ساڭا بۇ جاھان مۈلكىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ساڭا ئىككى ئالەم شاھلىقى لايىقتۇر دېيەلمەيمەن، چۈنكى ئۇنىڭدىن يەنە ئون ھەسسە ئارتۇق بولسىمۇ كەملىك قىلىدۇ. سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشقا ئاجىزمەن. گۆھەردەك قىممەتلىك سۆزلىرىڭنى ئاڭلاشقىمۇ ماجالىم يوق. بىراق سەن مېھرى-مۇھەببەتلىك سۆزلىرىڭ بىلەن ئارىمىزدا ئاتا ۋە ئوغۇللۇق ئىپادىسىنى بىلدۈردۈڭ. سېنى ماڭا بۇنداق ئالىي ھۆرمەت ۋە مەرتىۋىنى بەخش ئېتەر دەپ خىيال قىلمىغانىدىم. مەندەك ناتىۋان سەندەك ساھىبقىرانغا ئاتا بولۇشقا لايىق بولمىسامۇ، لېكىن ماڭا لاياقەتسىزمەن دېيىشمۇ ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى شاراپەتلىك گۆھەرنىڭ ئاتىسى سەدەپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شان-شەۋكىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. گەرچە مەن بۇنداق ئىلتىپاتقا لايىق بولمىسامۇ، لېكىن بۇ مۇناسىۋەتنى سەدەپ بىلەن گۆھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. شۇڭا ماڭا دېگەن بارلىق سۆزلە-

رىڭنى خەلق ئالدىدا ئاشكارا بايان قىلىغىن. ئەمما مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ۋە بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنمىغىن. ماڭا ئەلچىگە قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ساقلىغىن، ئادەملىرىڭگە: «بۇ ئەلچى خاقان بىلەن مېنى ياراشتۇرىدىغان گەپلەرنى دېدي، مەنمۇ قوبۇل قىلدىم» دېگىن. ئاخشاملىقتا ئەل ئويقۇغا كەتكەندە، مېنى ئۇزىتىپ قويغىن. تاڭ ئاتقاندا بىر ئەلچىنى قېشىمغا ئەۋەتكىن. ئۇ بېرىپ بېشىمغا شەرەپلىك سايىسىنى سالسۇن. ئۇ ئەلچى ئارقىلىق مېنى ئۆز دەرگاھىڭغا چاقىرغىن. مەنمۇ پەرمانىڭنى تۇتۇپ ئالدىڭغا كېلىمەن. ئىككىمىز كۆرۈشكەندە ئەل ئالدىدا مېنىڭ ھۆرمىتىمنى ساقلىغىن، پۈتكۈل خالايىق ئېنىق كۆرگۈدەك دەرىجىدە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، مېنى قىزغىن قارشى ئالغىن. بۇنىڭدىن ئىككى پادىشاھنىڭ پىر-بىرىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ئېنىق نامايەن بولسۇن. مەن سېنىڭ بۇ قىلغان ھۆرمىتىڭنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايمەن. چۈنكى مەن بۇ مەملىكەتكە ئاتا-بوۋىلىرىمدىن تارتىپ پادىشاھ بولۇپ كېلىۋاتىمەن. تاكى بۇ چىن مەملىكىتى بەرپا بولغاندىن بېرى بۇ دىيار ئاتىدىن بالىغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغان. پۈتكۈل ئەجدادىم بۇ مەملىكەتكە خان ۋە خاقان بولۇپ ئۆتكەن. سەن بۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ غۇرۇر ۋە نومۇسىنى ساقلىغىن. ماڭا ئالدىڭدا يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىشنى شەرت قىلمىغىن. بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ خاقانلىق شەۋكىتىم سۇنمىسۇن. شاھلار شاھى بولغان سۆلەت ۋە سالاپىتىم بۇزۇلمىسۇن. خالايىق ئالدىدا مېنى ئەزىزلەپ «ئاتام» دېگىن. مېنى بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئەل ئالدىدا ئالىي ھۆرمەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە قىلغىن. ئىلگىرى ئەۋەتكەن مەكتۇبىڭدا ماڭا «باج-خىراج بەرسۇن» دەپ يازغانىدىڭ، بۇ قېتىم بۇنداق تەلەپنى قىلمىغىن. بەلكى بۇنداق سۆزلەرنى كۆزۈڭگىمۇ ئىلمىغىن، سېنىڭ خىراج تەلەپ قىلىشتىكى مەقسىتىڭ مال-دۇنيا بولىدىغان بولسا، بۇنداق نەرسىلەر مېنىڭ خەزىنىلىرىمدە چەكسىز ۋە ھەددى-ھېسابسىزدۇر. ماڭا سەندەك ئوغۇل مۇيەسسەر بولغان يەردە، مېنىڭ خەزىنىلەرنى ئاياپ ئولتۇرۇشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن. مەن سېنىڭ ۋە لەشكەرلىرىڭ ئالدىغا قىممەت باھالىق مال-دۇنيانى شۇ قەدەر كۆپ تۆكۈۋېتىمەنكى، پۈتكۈل قوشۇنىڭ ئۇنى يىغىپ يۆتكەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت، لەلى-ياقۇت ۋە ئېسىل ماتالارغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئىككىمىز ئەنە شۇنداق قۇتلۇق ئۇچرىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەرھەمەت قىلساڭ، شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ باغ ۋە قەسرىمگە بېرىپ مېھمان بولغىن. ساڭا شاھانە زىياپەتلەرنى تۈزۈپ، مەجلىسلەرنى بېزەپ، شەرىپىڭگە سەلتەنەتلىك مۇراسىم ۋە مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزىمەن. سەن بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرۇشنى خالىساڭ تۇرۇپ مېھمان بولغىن. قايتىدىغان ۋاقتىڭ بولغاندا قائىدە-يوسۇن بويىچە ئۇزىتىپ قوياي، خىزمىتىڭنى قىلىپ، قەيەرگىچە دېسەڭ، شۇ يەرگىچىمۇ بىللە بېرىپ خوشلىشاي. لېكىن مېنىڭ ئەلچى بولۇپ ئالدىڭغا كەلگەنلىكىمنى زىنھار ئاشكارىلىمىغىن.

— مەن ئاشكارا قىلمايمەن، — دېدى ئىسكەندەر، — بىراق، بۇ ئىش سەن تەرەپتىن ئاشكارا بولۇپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

— مەن تەرەپتىن بۇ ئىش ھەرگىز ئاشكارا بولمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ بۇياقتا

كېلىدىغانلىقىمنى مەن تەرەپتىن ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى خاقان.

ئىسكەندەر بۇ تەكلىپنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلدى. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا بېلىنى مەھكەم باغلىدى. ئاندىن ئوردا ئەھلىنى چاقىرتقۇزۇپ، ھەممەيلەننى ھازىر قىلدى-دە، ئۇلارغا ھايالسىزلا پەرمان چۈشۈرۈپ:

— ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن بۇ ئەلچىنىڭ پۇت-قوللىرىنى يوشتۇۋېتىڭلار. ئۇ ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى ئېلىپ كېلىپ، خاقان بىلەن مېنى سۆلھىگە كەلتۈردى. ئارىدىكى زىددىيەتنى تۈگەتتى. بۇ ئەلچىلىكتە ناھايىتى كامىل كىشى ئىكەن، — دېدى.

ئىسكەندەرنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن، «ئەلچى» نىڭ پۇت-قوللىرى يېشىلدى. ئۇنىڭغا قىممەتلىك لىباسلار كىيدۈرۈلدى. بىرمۇنچە ئېسىل سوۋغا-سالاملار ھەدىيە قىلىندى. ئاندىن ئۇنى ئىسكەندەر قېشىغا ئولتۇرغۇزدى. ئىسكەندەر «ئەلچى» گە:

— بۈگۈن ئاخشامغىچە بۇ يەردە تىنچ-ئامان، خۇشال-خۇرام دەم ئالغايسەن. كەچ بولغاندا سېنى ئۇزىتىپ قويىمىز، — دېدى.

«ئەلچى» ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردە تاكى ئاخشامغىچە خۇشال ھالدا ئارام ئالدى. ئەمما يۈزىدىن نىقابىنى زادىلا ئاچمىدى. كەچ بولۇپ، ئاي پەلەك يۈزىگە چىقتى. «ئەلچى» مۇ ئېتىغا مىنىپ، خۇددى پەلەك يۈزىدىكى ئايدەك سەيلە قىلغان ھالدا، ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى. شاھانە چېدىر ئىشىكىدە ھېلىقى مەھرەم خاقاننىڭ جامالىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇراتتى. خاقان ئۇنىڭغا ئېتىنى تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ، خاتىرجەم ھالدا ئولتۇردى. خاقاننىڭ قىلغان بۇ ئىشىنى ھېچقانداق پادىشاھ قىلىپ باقمىغان بولغىيتتى.

تاڭ ئاتتى. قۇياش پەلەك تەختىگە چىقتى، ئىسكەندەرمۇ تەخت ئۈستىدە ئورۇنلىشىپ، پۈتكۈل ۋەزىرلەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى ئوردىغا چاقىرتتى. پۈتكۈل دۆلەت كاتتىلىرى ئىسكەندەر ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى. ئىسكەندەر بۇلار ئارىسىدىن بىر دانىشمەن ئەلچىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەرنى جېكىلىدى:

— سەن خاقان قېشىغا بېرىپ، مەندىن دۇئايى سالام دېگەچ، مۇنۇ سۆزۈمنى يەتكۈزگىن: ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئەسۋابلىرىنى تاشلاپ، سۆلھى ۋە مۇھەببەت ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، بىز تەرەپكە كەلسۇن. بىز ئۆچ-ئاداۋەتتىن كۆڭلىمىزنى مۇتلەق پاك تۇتىمىز. پەقەت ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمىز. بىز خاھى ياخشى خاھى يامان بولايلى، بۈگۈن ئۇنىڭ يۇرتىغا مېھمان بولۇپ كەلدۇق. شۇڭا خاقان ھەر ھالدا بىزدەك مۇھتاجلارنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، بىز تەرەپكە كەلسۇن.

ئۇ سۆزمەن ئەلچى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ خاقاننىڭ بارگاھىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خاقاننىڭ لەشكەرگاھىغا يېقىن كېلىپ، ئۆزىنىڭ سۆز ئۇنچىلىرىنى چاچقىنىدا، لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئەلچى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. خاقان ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىغا چاقىرتتى. ئەلچى كىرىپ، تەخت يېنىدا ئولتۇردى. خاقان بارلىق ۋەزىر، ئەمىر ۋە سەركەردىلەرنى بارگاھقا يىغدى. ئاندىن ئەلچىدىن:

— بۇياققا كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ گەپدان ئەلچى ئىسكەندەردىن
ئاڭلىغانلىرىنى خاقانىنىڭ ھۇزۇرىدا تولۇق
بايان قىلدى. خاقان ئىسكەندەرنىڭ
تەكلىپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بو-
لۇپ، ئەلچى بىلەن قايتىدىن دوستانە
كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق
دېدى:

— ئىسكەندەر بىزگە ئىلگىرى ئادا-
ۋەتلىك سۆزلەرنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇ
بىزگە دۈشمەنلىك قىلغاچقا، بىزنىڭ
لەشكەر تارتىپ قارشى تۇرۇشىمىز زۆرۈر
بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ يۇمشاق
سۆزلەرنى ئېيتىپ، سېنى ئەۋەتىپتۇ.
بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىزگە سادىقلىق بىلەن
دوست بولۇشنى ئىختىيار قىلغانلىقى مەلۇم
بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ
ئارىمىزدا گىنە - ئاداۋەت قالمىدى. ئەگەر
سۆزۈڭ راست بولسىلا، بىز سەن بىلەن
بىللە ئىسكەندەر مەنزىلىگە قاراپ راۋان
بولىمىز.

— مېنىڭ سۆزۈم ئىسكەندەر ئېيتقان
سۆزلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر، — دېدى ئەلچى
تەكىتلەپ، — ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزلەر-
نى دېيىشكە نېمە ھەددىم بولسۇن؟

خاقان ئەلچىنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل
سىرىگەن ھالدا، ئىسكەندەر تەرەپكە
بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. خاقان
ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا ئاتلانغاندىن كېيىن،
پۈتكۈل چىن ئەھلى ئۇرۇش ۋەھىمىسى-
دىن قۇتۇلۇپ، شادلىققا چۆمدى. ئۇلار
گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ خاقانىنىڭ ئارقىسى-
دىن ئاتلاندى. خالايىقنىڭ تولىلىقىدىن،
ئۇلارغا يەر يۈزى تار كەلدى. يولغا
سىغىشمىدى. شۇڭا خاقان ئۇلارغا پەرمان
قىلىپ ئارقىسىغا ياندۇردى. ھەممىسى ئۆز
جايىغا قايتىپ كۈتۈپ تۇردى. خاقان
چىن گۈلىيۈزلۈكلىرىدىن يۈز كىشىنى ۋە
خىتاي يىگىتلىرىدىن مىڭ كىشىنى ئۆزىگە
ھەمراھ قىلىپ، يولغا راۋان بولدى.
ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرگاھىغا
يەتكەندە، ئىسكەندەر تەرەپتىن شاھلار،
ۋەزىر ۋۇزرالار شاھانە زىبۇ - زىنەتلەر
بىلەن خاقانى چىننىڭ ئالدىغا چىقتى.
ئۇلار شۇ زاماننىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە
ئارقىمۇ ئارقا چىقىپ، خاقان بىلەن
كۆرۈشتى. ئۇلار خۇددى دەريا دولقۇنى-
دەك ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، كەلگەنلەر
بىلەن سالام - سائەت قىلىشتى. ئىسكەن-
دەرنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلگەندە،
خاقان ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى.
شاھنىڭ ئارقىسىدىن پۈتكۈل خالايىق
يۈگۈرۈشكەن ھالدا، ئىسكەندەر چېدىرى-
نىڭ تاناپلىرى يېنىغا كەلدى. ئىسكەندەر-
مۇ ئاق ئۆي ئىچىدىن دەرھال چىقىپ
كەلدى. ئىككى پادىشاھ ئىككى تەرەپتىن
قوللىرىنى ئاچقان ھالدا بىر - بىرىگە
يېقىنلاشتى. ئۇلار خۇددى ئاي بىلەن
كۈن بىر ۋاقىتتا ئۇچراشقاندەك كۆرۈش-
تى. ئاتا بىلەن ئوغۇلدەك قۇچاقلاشتى.
بۇنداق ئىككى بۈيۈك شاھنىڭ ئۇچرىشى-
شىنى بۇ قېرى پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغان
بولغىيدى. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن،
ئىسكەندەر خاقانىنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ،
ئۆز تەختىگە قاراپ ماڭدى. خاقان خىجا-
لەت بولۇپ، ئۆزىنى ئارقىغا تارتقان
بولسىمۇ، لېكىن ئىسكەندەر خاقانىنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماستىن، ئۇنى تارتىپ،
يۇقىرىغا چىقاردى ۋە خاقانىنىڭ ئاياغلىرى
تاكى تەخت ئۈستىگە يەتمىگۈچە توختىمى-
دى. ئىسكەندەر ئاۋۋال خاقانىنى ئولتۇر-
غۇزغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزى ئولتۇردى.
ئۇ قىلغان ۋەدىلىرىگە تولۇق ئەمەل
قىلدى. يەنە بۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ
قالماستىن، مۇلايىم ۋە يۇمشاق سۆزلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلەن خاقاننىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈردى.
مېھرىبانلارچە مۇئامىلە بىلەن ئاتا ۋە
ئوغۇللۇق سۆزلىرىنى ئارىغا سالدى.
خاقاننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، بۇرۇن قىلـ
غان ۋەدىلەرنى قىلچە نۇقسانسىز ۋە
ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. كۆرۈشۈش ۋە ئۆز
ئارا سۆھبەت رەسمىيەتلىرى تولۇق
ئەمەلىيلەشتى. ئاندىن باقاۋۇل داستىخانـ
لارنى سېلىپ، خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتـ
لەرنى يايدى. بۇ تائاملارنى كىشىنىڭ
يېگەنسېرى يېگۈسى كېلەتتى. بۇ يەرگە
هازىر قىلىنغان تائاملارنى تەييارلاشقا
ئالەمدە ھېچ كىشىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتـ
تى. زىياپەتتىن كېيىن ئىسكەندەر خاقانـ
نىڭ ئۆز بارگاھىغا قايتىپ، بۇ دوستانە
ئۇچرىشىشنى چىن خەلقىگە تېزرەك يەتـ
كۈزۈشنى ئۆتۈندى. خاقان بۇ سۆزدىن
ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن
تۇردى ـ دە، ئىسكەندەرگە تەشەككۈر

بىلدۈرۈپ، خوشلاشتى. ئىسكەندەر خاقاننى
چىن لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقان قورغانغان
ئۇزىتىپ قويدى. ئۆزى گۈل رەڭ قەدەھلەر
دە گۈلگۈن شارابلارنى ئىچىشكە باشلىدى.

ساقىينامە

ئاياقچى، تولا ئەيلە چىنني ئاياق،
ئېرۇر بىزگە سۆزنىڭ چىنى ئىشتىياق.
لەبا لەب تۇت ئانىكى مەن سىپقاراي،
داغى لەھزە ـ لەھزە ئۆزۈمدىن باراي.
مۇغەننىي كەلۇ سەۋتى تۇركانە ساز،
مەقامى نەۋا، يوقسە تۇركىي ھىجاز.
نەۋائىنىڭ ئەشئارىدىن نەچچە بەيت،
مېنىڭ ھەسبى ھالىم تاپىپ تۇركى ئايت.
نەۋائى، تۇتۇپ فال دىۋاننى ئاچ،
ئوقۇردا دۇرۇ لەئل ئالەمغە ساچ.
مۇغەننىيغە ھەم ئەيلە تەئلىم ئانى،
كى قىلسۇن سۇرۇد ئىچرە تەقسىم ئانى.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(بېشى 98 ـ بەتتە)

زېيدىكەنكى، ئون مىڭلىغان ئادەم يىغلىـ
دىكەن. توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىـ
دىكەن، ھەر خىل ئويۇن ـ تاماشىلار قايـ
نايدىكەن. ئۇلار بازارنىڭ ئەڭ قىزىغان
يېرىگە كەلگەندە قىلىچ بۇغراخان مىنگەن
ئات ئۈركۈپ كېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپ
چۈشۈپ جان ئۈزۈپتۇ. شاھىي ئېھرام ئىنـ
تايىن پەرىشان بوپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر دەرـ
ھال قەشقەردىكى چوڭ ئوردىغا يېتىپتۇ.
بۇغراخان باشلىق ئوردا ھازىردارلىرى
يېتىپ كەپتۇ. بۇغراخانمۇ تەقدىرگە تەن

بېرىپ قىلىچ بۇغراخاننى يىقىلغان يېرـ
گە دەپنە قىپتۇ. نەزىر ـ چىراغنى چوڭ
قىلىپ، قەبرىسىنى مۇھتەشەم قاتۇرۇپتۇ.
شاھىي ئېھرام بۇ ۋەقە تۈپەيلى خىجالەتتىن
پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە بۇ بازارنى «ئايىتـ
غى ياراشمىدى» دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،
هازىرقى بازارنى ئوپال بازىرى قىلىپ بېـ
كىتىپتۇ. سودىگەر، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەر
ئۇستىلار پەرمانىدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن قەدىمكى بازار مازارغا ئايلىنىپ،
«قىلىچ بۇغرام مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ

سۆزلەپ بەرگۈچى ئوپال يېزىسىدىن: مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت. رەتلىگۈچى: ئابدىكېرىم ئەخمىدى

# موھەببەتنامە

مولla يۇنۇس

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى

قۇدۇق باشىغە كارۋانى يېتىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تارتىپ ۋە جەمالى ئافتابىنىڭ نۇرى ئالەمگە رەۋشەنلىق سالغانى.

زىھى فەرخۇندە تالىئ كارۋانى،
سۇ ئىستەپ چۈن ئىبەردى ناگەھانى.
قۇدۇققە سالدى ئول ۋادى بەناگاھ،
تولۇغ ئەتكەي بۇ بۇرجى دەلۋدىن ماھ.
چۈ ئۈچ كۈن ئىكتى يەر ئاستىدا خىرگاھ،
كى تۆرتىنچى كۈن ئىردى چىقتى ئول شاھ.
بۇ ئەسنا ئىردى مەدىيەن كارۋانى،
كى ئەزمى مىسر ئۈچۈن ئىردى رەۋانى.
ئازىپ يولدىن بەناگاھ ئاندا يەتتى،
كېلىپ ئول يەردە ھەرذەم مەنزىل ئەتتى.
خۇش ئول گۈمرەھكى تاپقاي ياخشى جايى،
كى يۇسۇفدەك تاپىلغاي رەھنەمايى.
قۇدۇق ئەترافى مەنزىلگاھ قىلدى،
سۇ ئۈمىدىدە قەسدى چاھ قىلدى.
بۇرۇنراق كەلدى بىر فەرخۇندە ئەختەر،
كى ئەھلى كارۋانغە ئىردى رەھبەر.
سۇ زەۋقى - شەۋقىدىن تاشلاپ كېلىپ رەخت،
قۇدۇققە سالدى دەلۋى ئول جەۋان بەخت.
دېدى يۇسۇفغە جىبرىل ئول نىكۇ ھال:
«قىلىپ چۇست ئەمدى ئۆزنى دەلۋغە سال.
بۇ بۇرجى دەلۋ ئارا كۈندەك دەرەخشان،
بولۇپ مەشرىقغە مەغرىبدىن خىرامان.
ئۇفۇق قىل چەھنىڭ ئەترافىنى بۇ دەم،
ئۇفۇقنى ئەيلە نۇر، ئانى تانۇق ھەم.
يۈزۈڭ نۇرىدە ئالەمنى يارۇتغىل،
ياغى باشىدىكى ئالەمنى، يار، ئۆتغىل.»
قوپۇپ ئولتۇردى يۇسۇف ئارەمىدە،
زىلالى چەشم يەڭلىغ دەلۋ ئىچىدە.
كۆچ ئەيلەپ تارتتى بىر مەردى تەۋانا،
سۇ بىرلە دەلۋنىڭ ۋەزنىغە دانا.
دېدى: «بۇ كۈن بۇ دەلۋ ئولمىش گىران بار،
كى سۇدىن ئۆزگە نەرسە بار، ئوخشار.»
بەناگاھ چىقتى ئول ماھى دەرەخشان،
بۇ جانىدىن چەكتى «يا، بەشرى!» دەپ ئەفغان،
بىشارەتكىم، بۇ يەڭلىغ تىيرە چاھى،
كى ئاندىن چىقتى بىر رەخشەندە ماھى.
بىشارەتكىم، بۇ رەڭ شورۇ زەھەرناك
زىلالى چىقتىكىم شۇرابەدىن پاك،
گۈلى تاپتى بۇ چۆلدە سەبزە خەندان،
ۋە لېكىن ئۆزگەلەردىن تۇتتى پىنھان.
ئۇتاغىغە ئالىپ باردى نىھانى،
نىھان ئۆز خەلقىغە تاپشۇردى ئانى.

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەلى چۈن نىلىك بەختى تاپسە بۇ گەنج،
ئەگەر پاش ئەتسە كۆرگەي كۆپ غەمۇ رەنج.
ياۋۇقىدا ئىردى ھاسىدلار خەبەردار،
خەبەر گىرىيان ئىدىلەر ئانىدا ھەر يار.
ھەمىشە تارتىپ ئانىدا ئىنتىزارى،
نى ھال ئولغاي ئانىڭ ئەنجامۇ كارى.
خەبەر تاپتىلار ئاخىر كارۋاندىن،
قۇدۇق ئەترافىغە كەلدىلەر ئاندىن.
قىلىپ ئاھىستە يۇسۇفنى نىدايى،
قۇدۇقدىن چىقمادى ئول خەيرخايى.
شىتاب ئەيلەپ رەۋان بولدىلار ئاندىن،
كى تا يۇسۇف تاپىلغاي كارۋاندىن.
گىرىفتار ئەيلەدىلەر «بەندەمىز» دەپ،
«بىيۈن قايتارغۇچى شەرمەندەمىز» دەپ.
«بۇ قۇلدۇر ۋەقتى خىزمەت ئاجىزۇ سۇست،
قاچىپ چۈن يولغە كىردى چابۇكۇ چۇست.
ۋەفاۋۇ مىھردىن فارىغ نىھاد ئول،
ساتادىمىز ئانى گەر خانەداد ئول.»
«يامان قۇل قىلسە ناگاھ بەندەلىك پىش،
يامانلىقدىن بۆلەك ھىچ ئەتمەگەي ئىش.
مۇناسىب ئۇلكى ساتغىل ئانى فىلھال،
يامانىنىڭ ۋەھمىدىن بول فارىغۇل-بال.»
ساتارلار ئەھلى خۇسران جەۋھەرى جان،
بۇ يەكلىغ جەۋھەرىنى مۇنداغ ئەرزان.
بىلۇر بۇ نەرخىنى يەئقۇبى شەيدا،
بەھاغە ئەرزىتۇر يۈز جان زىلەيخا.
بىرىپ گەنجى فەراۋان تا خىرەدمەند،
نىچە تاجىر قەدەر ئالماقغە خۇرسەند.
بىرىپ گەنجى سەئادەت بىتەمىزلەر،
خىسارەت دىرھەمىنى ئالدىكىزلەر.
بۇ قۇل ئىسلاھىغە سەئيى ئەتكۈمىزدۇر،
كى ھەر قىيمەتكە ئالسە ساتقۇمىزدۇر.»
قۇدۇقدىن تارتىپ [ئالدى] ئالىي ھىممەت،
بىرىپ ئالدى بۇلاردىن سەھلى قىيمەت.
ئاتى مالىك دەپ ئىردى ئانى مەشھۇر،
نە ئەرزان ئالدى مۇنداغ دۇررى مەستۇر.
كۆچۈپ بۇ كارۋانلار بۇردى يانە،
كى ئەزمى مىسر ئۈچۈن بولدى رەۋانە.

**ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى مالىك مىسر ھەددىغە يەتكۈزگەنى ۋە پادشاھى مىسر خەبەر تاپىپ، ئەزىز مىسرىنى ئىستىقبالىغە ئىبەرگەنى.**

بۇ سەۋدادىن تاپىپ گەنجى فەراۋان،
بەغايەت ئىردى مالىك شادۇ خەندان.
قىلۇر ئىردى بۇ يول قەتئى چۇنان تەي،
ئاياغى شادلىقدىن يەرگە تەگمەي.
ئالىپ يۇسۇف يۈزىدىن جانغە راھەت،
ئىكى مەنزىل بىر ئەيلەپ قىلدى سۇرئەت.
كېلىپ تۇشتى ھۇدۇدى مىسر ئىچىندە،
بۇ قىسسە تاپتى شۇھرەت مىسر ئىچىندە.
يانا كەلدى سەفەردىن مالىك ئانىڭ،
..............................
ئالىپ كەلمىش غۇلام ئەنبەرى پەشەنىك،
كى ھۇسن ئەۋجىدە رەخشەندە ماھى،
دىلئارا دىلبەرى خەنجەر نىگاھى.
ھەزاران دىدە بىرلە كۆرمەي ئەفلاك،
بۇ يەكلىغ نەقش يازماي ئەرسەئى خاك.
ئىشىتتى ئۇلكى مىسرى شەھرىيارى،
بەسى تولغاندى غەيرىدىن چۇ مارى:
«دىيارى مىسر بوستانى ئىرەمدۇر،
بۇ بوستان گۈللارى مىسلى ئەدەمدۇر.
گۈللكىم، گۈلبۈنى فىردەۋس باغى،
بۇ گۈللار شەرمىدىن جانىدا داغى»
ئەزىزى مىسرغە ئايدى: «رەۋان بول،
بۇ كەلگەن كارۋانغە ھەمزەبان بول.
كۆزۈڭ بىرلە كۆرۈپ ئول دىلرەبانى،
مېنىڭ دەرگاھىمە كەلتۈرگىل ئانى.»
ئەزىزى مىسر باردى كارۋانغە،

نەزەر قىلدى ئۇشۇل ئارامى جانغە.
كۆرۈپ دىيدارىن، ئانداغ بىخۇدانە،
سۇجۇد ئەيلەرگە خەم بولدى رەۋانە.
ۋەلې يۇسۇف كۆتەردى باشىنى زۇد،
سۇجۇدى نارەۋانى قىلدى مەردۇد.
«ئانىڭدىن تاشقە باش ئۇرماق قەباھەت،
كى قويمىش باشدىن ئۇل بوينۇڭغە مىننەت»
ئەزىز ئۇل دەم ئاڭا بولدى تەلەبكار،
كى تا كۆرگەي [ئانى] شاھى جەھاندار.
دېدى: «ياخشى كېلىپسەن، بارەكەللاھ،
بىزىڭ مەقسۇدىمىز ھەم خىزمەتى شاھ.
ۋەلې لۇتف ئىلە بىزگە مەرھەمەت قىل،
كەرەم بىرلە قەبۇلى مەئزىرەت قىل.
كى بۇ نەۋبەت تۇتۇپ بىزلەرنى مەنزۇر،
قويۇپ بارساڭ كۆڭۈل بىسيار مەسرۇر.
ئىككۆچ كۈن ئىنچىگەيمىز تا بۇ يەردە،
يېتىپ كۆپ رەنجۇ مىھنەت بۇ سەفەردە.
بولۇپ ئاسۇدە تا يول گەردىنى يۇپ،
ئۇلۇغلارغە تەنى پاك ئۇچراغان خۇب.
ئەزىزى مىسر ئىشتىتى چۇن بۇ سۆزنى،
يەتىپ شەھ خىزمەتىغە ئالدى ئۆزنى.
كېلىپ يۇسۇفدىن سەن نې ئاگاھ،

بەناگاھ ئۆرلەپ ئانداغ غەيرەتى شاھ.
بۇيۇردى ماھۋەشلەردىن بارىغە،
تەمامى ھۇسن مۇلكى شەھلەرىغە.
ئۇرۇپ باشىغە تاج ئۇل دىلرەبالار،
كىيىپ ئىگنىگە چۇن زەركەش قەبالار.
بېلىگە باغلابان زەررىن كەمەربەند،
ھەمە شىرىن زەبانۇ لەب شەكەر خەند.
بۇ رەڭ ئارايىش ئەيلەپ بارچە رەئنا،
بۇ نەۋئ ئەيلەپ ئۆزنى زيبۇ زيبا.
چۇ يۇسۇف كەلسە ناگاھ رويى بازار،
تەلەبكار ئولسە ھەريانىن خەريدار.
بۇلارنىڭ بولغاي ئۇل كۈن جىلۋەگاھى،
بۇ سۇرەتلەر بىلە ئافەت نىگاھى.
تۇرۇپ سەف بۇ سىفەت شەكلۇ شەمايىل،
ئانىڭ دەئۋىسىغە بولغاي مۇقابىل.
گۈلى گۈلزار ھۇسن ئەتكەي تەمەننا،
بۇ گۈلشەن گۈللەرىن قىلغاي تەماشا.
بۇ گۈل رۇخلاردىن ئۇل كۈندۈر قىيامەت،
ئاڭا بولغاي بەسى شەرمۇ خىجالەت.
ئەگەرچە مېھرى ئالەم سوز بولسۇن،
كۇشاد بولغاي ئانىڭ بازارى بولسۇن.

**ھەززەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى نىل دەرياسىغە سەفالار غۇباردىن پاكىز تېنىنى پاك قىلغانى ۋە پادىشاھى مىسر بارگاھى ئەزىمىدە ھەۋدەجغە ئولتۇرغانى**

چۇ تۆرتىنچى كۈن ئېردى يۇسۇفى مېھر،
فەلەكنىڭ نىلىدىن كۆرگۈزدى ئۇل چېھر.
دېدى يۇسۇفغە مالىك: «ئەي دىلئاراي،
بۇ كۈن سەن ھەم كەنارى نىل قىل جاي.
تېنىڭدىن يول غۇبارىن شۇستۇشۇ قىل،
غۇبارىڭ بىرلە نىلغە ئابرۇ قىل.»
ئىشىتتى ئېرسە مالىكدىن بۇ ئەقۋال،
رەۋان ئۇل نىل سارى بولدىيۇ فىلھال.
باشىدىن ئالدى تاجى زەر فىشانىنى،
كۇلاھى زەرفىشان، گەۋھەر نىشانىنى.

چۇ زەررىن بەيزە تۇتتى زاغى مۇشكىن،
بۇ دەمكىم قۇيدى ئېرسە تۇخمى زەررىن.
ئىلىك پىراھەن ئاستىغە ئۇزاتتى،
گۈل ئۇزرە فەردەئى نىلۇفەر ئەتتى.
كى بولدى تارتىپ ئۇل كۆڭلەكنى تا فەرق،
ياقاسى غەربى ماھۇ دامەنى شەرق.
بىرەۋ دۇش ئولدى دامەندىن چۇ بىرۇن،
چۇ سۇبھى رەۋشەنى چۇن دۇردى گەردۇن.
ئىزارى بىرلە ئەيلەپ چۇستۇ تەئجىل،
چۇ سيمىن سەرۋىدەك كەلدى لەبى نىل.

بۇ چەرخى ئىلگۈندىن چىقتى پەرياد:
«كى بۇ ئىل سەرۋى قەددىن بولدى ئاباد.
دەرىغ، ئۇل ئىل مەن بولسام نە ئېردى،
ئاياغىن بۇ سىفەت ئۆپسەم نە ئېردى؟!»
گۈل ئۇل غەيرەتتە كىم تاشلاپ ئۆزىنى،
تەمام ئۇل سۇغا قويغاي چەشمەسىنى.
بۇ يەڭلىغ چەشمەسىن بىلمەي سەزاۋار،
يۇغاي ئېلكىن تىغەيلى ئىل بەيەكبار.
كىرىپ دەرياغە چۈن تەرك ئەتتى ساھىل،
سۇ يۈزىجە ئېچرە ئايدەك قىلدى مەنزىل.
زىھى خۇش تەلئەتى ئېردى جەھان تاب،
غۇرۇب ئەتتى سۇغە ئۇل مېھر ناياب.
ئىلكى چۈن سۇغە ئۇل دەم كىردى ئۆريان،
سۇنىڭ جىسمىغە كىردى ئۇل زەمان جان.
مۇسەلسەل گىيسۇلارىنى ئاچتى بىر-بىر،
ئاقار سۇنىڭ يۈزىگە سالدى زەنجىر.
شىكار ئەتمەك ئۈچۈن قىلدى مۇھەييا،
مۇئەنبەر دامى مەھدىن ماھىيغە تا.
ئالىپ سۇۋدىن ئېلىككە باشىغە سانچىپ،
بىرىپ بۇ يەردىن ئايغە زىۋەرۇ زىيب.
بىرىپ گاھى كەفىدىن مالىشى گۈل،
تاراپ گەھ پەنجەسىدىن شاخى سۇنبۇل.
بۇ يەڭلىغ شۇستۇشۇ كەلتۈردى بەرجا،
كەنارى نىلىدىن سەرۇ ئۇندى گويا.
ئېگىن كەلتۈردى مالىك جامەدارى،
نېكىم بار ئېردى ئانىڭ ئىختىيارى.
كىيىپ ئەۋۋەل ھەرىرى پىرەھەنىنى،
ياشۇردى پەردە ئېچرە ياسۇمەننى.
ئالىپ ئاندىن كىيىپ دىباي زەركەش،
كى تۈرلۈك نەقشلەر بىرلە مۇلەققەس.
كەمەر بەندى مۇرەسسەئ باغلاپ ئاندىن،
باشىغە كىيدى ئاندىن تاجى زەررىن.
سالىندۇردى چۇ زۇلفى ئەتر ئەنگىز،

ھەۋايى مىسىر بولدى ئەتىر ئامىز.
كېلىپ ھەۋدەجدە چۈن ئولتۇردى ئۇل ماھ،
يۈرۈتتى مەركەبىنى دەرگەھى شاھ.
كۆرۈندى قەئردىن تاش تەختگاھى،
جۇلۇس ئەيلەر ئىدى شاھ ئاندا گاھى.
تەمامى خۇبلار ھەر خىل تۈزۈپ سەف،
ھەمە شەھ ئىلتىفاتىغە مۇشەررەف.
شەھۇ خەيلۇ بۇ مەھۋەشلەر تەمامى،
بولۇپ دىدارى يۈسۈف بارچە كامى.
تۇتۇپ كۆز ئىنتىزار ئېردىلە ناگاھ،
يېتىپ كەلدى بۇ يەرگە ھەۋدەجى ماھ.
ئالىپ تەخت ئالىدا ھەۋدەجنى قويدى،
خەلايىقنىڭ كۆزى ھەۋدەجدە بولدى.
قەزارا ئېردىكى ئۇل كۈن ئەبر پەيدا،
نىھان ئۇل ئافتابى ئالەم ئارا.
دېدى يۈسۈفغە مالىك: «ئەي دىلئارايى،
چىقىپ قويغىل بۇ ھەۋدەجدىن بىرۇن پاي.
يۈزۈڭ مېھرىدىن ئەتكىل پەردەنى دۇر،
يارۇت مېھرىڭدىن ئالەمنى سالىپ نۇر.»
بۇ ھەۋدەج بۇرجىن ئەتتى خالىي ئۇل ماھ،
جەھانغە سالدى پەرتەۋ چىقتى ناگاھ.
كى بولدى ئافتاب ئەلنىڭ گۇمانى،
زۇھۇر ئەتتى بولۇتدىن ناگەھانى.
ھەۋاغە باقتى ھازىرلار بەيەكبار،
ئەمەس كۈن تابىشى، بۇ پەرتەۋى يار.
كۆرۈپ ھەيرەتتىن ئۇل ئەھلى نەزارە،
قىلىپ پەرياد ھەريان ئاشكارە:
«كى يا رەب، بۇ نېچۈك پەرخۇندە ئەختەر،
ئېرۇر شەرمەندە ئاندىن مېھرى ئەنۋەر.
قويى ئالدى باشىنى بارچە مەھۋەش،
ئۆزى ھالىنى كۆرگۈزدى مۇشەۋۋەش.
بەلى مېھر ئولسە ھەردەم ئاشكارا،
سۇھاغە ياشۇنۇردىن تاش نې يارا.

**زلەيخا پادشاھنىڭ دەرگاھىغا يۈزلەنىپ، ئىزدىھامنىڭ سەبەبىنى سورغانى ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسەلامنىڭ جەمالى باكەمالىنى كۆرۈپ ۋە! ئانى تونۇپ، فەريادى بىخۇدانە تارتىپ، بىھۇش يىقىلغانى.**

زلەيخا بىخەبەر ئېردى بۇ ئىشدىن،
دىيارى مىسرىغە يۈسۈف كېلىشدىن،
ۋەلى جانى بەسى ئاگاھ ئېردى،
كى داغى شەۋقىدىن جانگا ئېردى.
كۆڭۈل شەۋقىنى بىلمەي كىمدىن ئېركىن،
بىرۇر ئېردى تەكەللۇف بىرلە تەسكىن.
چىقىپ سەھراغەكىم ئەيلەپ بەھانە،
چىقارغاي كۆڭلىدىن ئەندۇھى خانە.
نەچە كۈن ئاندا كەچتى رۇزگارى،
كۆڭۈل شەۋقىدە يوق ئېردى قەرارى.
ئالىپ ئەسبابى ئەيشى خۇررەمى ھەم،
ۋەلى ھەرلەھزە ئارتىپ مىھنەتۇ غەم.
تۈشۈپ سەھرادا ھەم خىرمەنگە سەيلى،
يەنە ئۆي سارى بولدى قەسد مەيلى.
يېتىپ چۈن يەئنى سەھرادا مەلالەت،
رەۋان ئۆز مەنزىلىغە قىلدى رىھلەت.
بارۇر قەسدى چۇ مەنزىلگاھ ئېردى،
ئۆتەر يولدا قەسىرى شاھ ئېردى.
يەقىننى كۆردى، ئايدى: «بۇ نە غەۋغا؟
قىيامەت بولدىمۇ بۇ كۈن ھۇۋەيدا؟»
بىرى ئايدى: «بۇ يەردە نىكنامى
كېلىپدۇر تۇرفە كەنئانى غۇلامى.
غۇلام ئېرمەسكى، رەۋشەن ئافتاب ئول،
مەلاھەت كىشۋەرىدە كامياب ئول.»
كۆتەردى ھەۋدەجى بۇرجىن زلەيخا،
كۆزى تۈشتى ئاڭا، قىلدى تەماشا.
چۇ كۆردى تانىدىيۇ قىلدى فەرياد،
يىقىلدى بىخۇدانە ھۇشى بەرباد.
مەھەل نې بەسكى كۆردىلەر چۇ نازۇك،
ئالىپ يۈردىلەر ئانى چۇستۇ چابۇك.
بۇ ھالەت تۈشتى چۈن ئول بىنەۋاغە،

رەۋان يەتكۈردىلەر خىلۋەت سەراغە.
يېتىپ خىلۋەت سەرانى قىلدى مەنزىل،
يەنە كەلدى ھۇشىغە زارۇ بىدىل.
نىھانى سوردى دايە: «ئەي دىلئەفرۇز،
نېچۈكدىن قىلدىڭ ئول دەم ئاھى جانسوز؟
فىغان ئەيلەپ نېدىن فەرياد قىلدىڭ،
نې بائىس ئەقلۇ ھۇش بەرباد قىلدىڭ؟
نېچۈكدىن قىلدىڭ ئول دەم ئاھۇ ئەفغان،
نېدىن بىخۇد يىقىلدىڭ تەرك ئېتىپ جان؟»
دېدى: «ئەي مادەرى خۇش مېھرىبانىم،
ساڭا مەخفىي ئەمەس سىررى نىھانىم!
نې دەي، مەن ھەرنە دېسەم ئافەتىمدۇر،
نېتەي باشىمغە كەلگەن مىھنەتىمدۇر.
ئوشۇل مەجمەئىدەكىم كۆردۈڭ غۇلامى،
ئىشىتتىڭ ۋەسفىنى ئەلدىن تەمامى.
جەھاندا قىبلەگاھى جانىم ئولدۇر،
فىدايى جانىمۇ جانانىم ئولدۇر.
تۈشۈمدە كۆرسۈتۈپ ئول رويى زىبا،
كۆڭۈلنى داغ قىلمىش، جاننى شەيدا.
تەنىمدە تەب، كۆڭۈلدە تەئبىم ئاندىن،
كۆزۈمدە غەرق خۇنان بىيم ئاندىن.
بۇدۇر ئاۋارە قىلغان خانۇ ماندىن،
كېچىپمەن ئىشقىدا جانۇ جەھاندىن.
نەچە يىلدۇركى، كۆردۈڭ مىھنەتىمنى،
مەلالى تەركى جانۇ راھەتىمنى.
ھەمە ئانىڭ تەمەننا سىدىن ئېردى،
كى شەۋقى قەددى رەئناسىدىن ئېردى.
بۇ كۈن تۈشتى باشىمغە كۇھى ئەندۇھ،
كى بىلمەسمەن نېچۈك دەفئ ئولغاي ئول كۇھ.
كىم ئەيۋانىدا شەمئ ئولغاي بۇ ماھىم،
يارۇتقايكىم شەبىستانىن بۇ ماھىم.

www.uyghurkitap.com



قايو كۆز رەۋشەن ئولغاي ئارەزىدىن،
ئىچۇك ئۆي گۈلشەن ئولغاي گۈل يۈزىدىن.
لەبى جان بەخشىدىنكى تاپقۇسى كام
كىم ئالغاي سايەئى سەرۋىدە ئارام.
كىم ئانىڭ زۇلفى مۇشكىن شانە قىلغاي،
ۋىسالى شەمئىنى ھەمخانە قىلغاي.
كىم ئەتكەي ھاسىلىن ئانىڭ بەھاسى،
كىم ئەتكەي سۈرمە ئانىڭ خاكى پاسى.
ماڭا ئاندىن خۇش ئولغاي ھال يا يوق،
ماڭا يۈزلەنگەي ئول ئىقبال يا يوق.
تاپىلغايمۇ ئىلاجى بۇ بەلاغە،
قولۇم يەتكەيمۇ يا بۇ مۇددەئاغە.»
كۆرۈپ دايە بۇ نەۋئ ئانى گىرىفتار،
ئانىڭ جانىغە يىغلاپ شەمئدەك زار.
دېدى: «سەبر ئەيلەگىل، چۈن شەمئى سوزان،
نەچە كۈن تۇتغىل ئەسرارىڭنى پىنھان.
كەچۈردۈڭ روزگار ئەيلەپ شەكىبا،
شەكىبادىن بۆلەك يوقدۇر مەدارا.
بۇ كۈن ھەم جەھد ئىلە سەبر ئەتكەنىڭ خۇب،
كى بولغاي سەبر ئىلە ھاسىل بۇ مەتلۇب.
تولۇئ ئەتكەي مەگەر خۇرشىدى تابان،
ئەجايىب تىيرە ئەبرىدىن شىتابان.

ھەززەتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسەلامنى مالىك خەرىدارغە ئەرز قىلغانى ۋە زىلەيخا ئۆزگەلەر تەئيىن قىلغان بەھادىن ئىككى بەرابەر بەھاغە ئالغانى.

خوشا ۋەقتىيۇ خۇررەم روزكارى،
كى كۆرگەي ۋەسل بەزمى ئىككى يارى.
چىراغى ۋەسل يانغاي ئىككى ياندىن،
گۈلى ئۈمىد ئاچىلغاي بىر قاياندىن.
يانىپ تۇرغاي چىراغى رەۋشەنايى،
جۇدالىق داغىدىن بولغاي رەھايى.
چۇ يۈسۈف بولدى ئول كۈن گەرم بازار،
كى بولدى مىسىر ئىلى يەكسان خەرىدار.
بارى ئەل باشىدىن ئىشتىپ بۇ سەۋدا،
بارىنىڭ كۆڭلىدە ئۇشبۇ تەمەننا.
نې نەقدىكىم بىرۇرغە دەست رەسدۇر،
خەيالى فىكرى ئانىڭ بۇ ھەۋەسدۇر.
ئىشىتتىم بولھەۋەس بىر پىرى زالى،
بۇ سەۋدادىن بولۇپ ئاشىفتە ھالى.
بىساتىدا بار ئېردى بىر نەچە ئىپ،
يىغىپ ئېردى نەچە مۇددەتتە ئىگرىپ.
قوماشىم دەپ كەمادى گەرچە خەسدۇر،
خەرىدارىغە بولماق جۇزكى بەسدۇر.
مۇنادىيلار قىلىپ ھەريانىدا فەرياد،
غۇلامى كىم ئېرۇر ھۆررۇ پەرىزاد.
جەمالىدىن سەباھەت سۇبھى تالىئ،
چەبىنىدىن مەلاھەت نۇرى لامىئ.
لەبى شەرمەندەسى لەئلى بەدەخشان،
تىشىنىڭ سەدقەسى يۈز دۇررۇ مەرجان.
يۈزىدۇر مەتلەئى سۇبھى سەباھەت،
جەمالى گەۋھەرى كانى مەلاھەت.
تىلىدا راستلىقدىن ئۆزگە يوق ھېچ،
يۈزىدە يوق داغى ھەرگىز خەمۇ پىچ.
بىرەۋ بولدى ئارادىن ئەۋۋەلى كار،
ئاڭا بىر بەدرەئى بىرلە خەرىدار.
گەر ئول بەدرە ھېسابىن زاھىر ئەتتىڭ،
قىزىل ئالتۇندىن ئول دىنار ئېرۇر مىڭ.
قىلىپ ھەر كىم نىھانى بىر ـ بىر ئىززئاف.
بەھاسىن يەتكۈرۈپ يۈز بەدرەئى ساف.
فۇزۇن ئەيلەپ بەھاسىن يانە بىر ئەر،
كى يۈسۈف ئۆزنى چاغلىق مىڭ ئەزفەر.
يەنە بىر ئەھلى دانىش قىلدى ئەفزۇن،
ئانىڭ ۋەزنىچە لەئلۇ دۇررى مەكنۇن.
بۇ نەۋئ ئەيلەپ تەرەققى ھەر زەمان ئەل،
بەھاسىدا جەۋاھىرلار قىلىپ تەل.
خەبەر تاپتى بۇ ۋاقىئەدىن زىلەيخا،
بۇ سەۋدادىن بولۇپ يۈز شەۋق پەيدا.

پۇزۇن ئەتتى بەهالاردىن دۇ چەندان،
دۇرۇلەئلۇ گۇهەر بەل جەۋهەرى جان.
بۇ سەۋدادىن بارى بولدى فەرامۇش،
تۇتۇپ هەر گۇشەئى نەۋمىد خامۇش.
دېدى: «قويغىل، ئەزىزا، بول رەۋانى،
بارىپ مالىڭ بەرگىل بۇ بەهانى.»
دېدى ئول: «هەرنىكىم باردۇر خەزىنەم،
زەرۇ مۇشكۇ دۇرۇ گەۋهەر دەفىنەم.
بەهاسى ئىسفىغە كەلمەس، ئەي جان،
تەمامىنىڭ ئەداسى قايدا ئىمكان.»
زىلەيخا بەردى چۇن بىر دۇرجى گەۋهەر،
نى دۇرجى، بەلكى بىر بۇرجى پۇر ئەختەر.
بۇ دۇرج ئىچرە چۇ جەۋهەر هەر بەهاسى،
خىراجى مىسر هەر كىشۋەر بەهاسى.
دېدى: «بۇ دۇرج ئاڭا لايىق بەهادۇر،
بېرىپ ئال، گەۋهەرى جانىم پىدادۇر.»
ئەزىز ئەيلەپ يەنە ئۆزگە بەهانە،
دېدى: «راغىب ئاڭا شاهى زەمانە.
كەرەملەر خەيلىغە سەر دەفتەر ئولغاي،
غۇلامى خاس شاهى كىشۋەر ئولغاي.»
دېدى: «بارغىل شەهەنشەه قەسرى سارى،
بەجا كەلتۈر هەقى خىزمەت گۇزارى.
دېگىل ئالىمدا يوق پەرزەندىم، ئەي شاه،
كۆڭۆلگەمۇندىن ئارتۇق بەندىم، ئەي شاه.
سەر ئەفراز ئەيلە، شاهىم، ئېهتىرام ئەت،
مۇرادىمنى بۇ ئوغلاندىن تەمام ئەت.
فەنا دۇنيادا تاكىم زىندە بولغاي،
ماڭا فەرزەندۇ شەهغە بەندە بولغاي.»
ئىشىتتى شەه بۇ يەڭلىغ ۋەجهى مەرغۇب،
«قەبۇلى ئىلتىماس ئەيلەي» دېدى «خۇب»
ساتىپ ئالدى تاپىپ شەهدىن ئىجازەت،
ئوقۇپ فەرزەند ئانى قىلدى مۇهەببەت.
ئۆيىگە چۇست ئىلتىپ خۇررەمۇ شاد،
زىلەيخا بولدى بۇ دەم غەمدىن ئازاد.
دۇرى شادى تۆكۆپ كۆزدىن فەراۋان،

دەر ئېردى گاهى خەندان، گاهى گىريان:
«تۈشۈمدۇر يا ئوڭۇم، يارەب، بۇ ئارام،
كى جانىم تاپتى جانان ۋەسلىدىن كام.
ئەمەس مۇمكىن ئۇمىد ئەتمەك قارا تۈن،
مۇيەسسەر بولماغاي مۇنداغ يورۇق كۈن.
تۈنۈم سۇبهى سەئادەت زاهىر ئەتتى،
غەمۇ مىهنەت كۈنى ئاخىرغە يەتتى.
كى بولدۇم نازەنىنىم بىرلە هەمراز،
بەجادۇر قىلسام ئەمدى دەهرغە ناز.
يوق ئېردى مەن كەبى پەژمۇۋردەئى غەم،
يوق ئەمدى هېچ مەندەك شادۇ خۇررەم.
مەن ئېردىم مايەئى سۇ ماتەمدە،
قىزىق قۇم ئىچرە تەفسان سۇ غەمدە.
بەناگەه يەتتى بىر سەيلى كەرامەت،
مېنى دەرياغە يەتكۈردى سەلامەت.
قارا تۈندە مەن ئېردىم يولدىن ئازغان،
كى جان ئاغزىمغا يەتكەن زارۇ هەيران.
بەناگاه چىقتى بىر رەخشەندە ماهى،
سەئادەت كويىغە يەتكۈزدى راهى.
ئۇفۇقدىن چىقتى ناگاه بىر تالۇن ئاي،
سەئادەت كويىغە يەتكۈزدى يول پاي.
مەن ئېردىم بىستەر ئۈزرە ئاجىزۇ زار،
ئۆلۈم شەمشىرىغە جانىم گىرىفتار.
ئىشىكدىن كىردى ناگەه خىزرى مەهتەر،
هەياتىم سۇيى بىرلە بولدى ياۋەر.
بەهەمدىللاهكى، بولدى تالىئىم يار،
فەلەك دەۋرى بۇ كۈن هەم مېهر ئىزهار.
زەمانە تەركى جەۋر ئىزهار قىلدى،
بۇ كۈن مۇنداغ سەئادەت يار قىلدى.
فىدا يۈز جانكى دانايى زەمانە،
كى كەلتۈردى بۇ رەڭ دۇررى يەگانە.
نى غەم گەر مەن ئۇشاتتىم دۇرجى گەۋهەر،
قولۇمغە كەلدى مۇنداغ كانى گەۋهەر.
نى گەۋهەر، بەلكى نەقدى گەۋهەرى جان،
تىفەيلى دوستدۇر بۇ جۇملە كىسان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاچان ئۇل نەقدىدىن ئۇل بەھرە ئالغان،
بىرىپ چۈن ئىيسانى خەرمۇھرە ئالغاي.
مەن ئۇل خەر مۇھرەدىن قىلدىم چۇ پەدرۇد،
مىنىڭ بولدى چۇ ئىيسا ئەيلەدىم سۇد.
ئۇۋاق تاشنى بىرىپ، ئالدىم ئەزىز جان،
بىھەمدىللاھكى، ئالدىم تۇرفە ئەرزان.»
تۆكۈپ ھەرلەھزە فىكرەتتىن بۇ ئەسرار،
بولۇپ مىژگانلارى ئەبرى گۆھەر بار.
گەھى يۇسۇف جەمالىدىن بولۇپ لال،
كى داغى ھەجردىن ھەم فارىغۇل بال.
گەھى ھىجران كۈنىدىن ياد ئەيلەپ،
گەھ ئانى ۋەسل بەزمى شاد ئەيلەپ.
بۇ ئەھۋال ئىردى ئانىڭ كارۇ بارى،
بۇ مىنۋال ئىردى ئانىڭ خار-خارى.

ئاد نەسلىدىن بادقالىغ قىزنىڭ داستانىكىم، مالۇ جەمالدا يەگانە ۋە بىمىسال ئىردى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامغە غايىبانە ئاشىق ۋە ئاشۇفتە ھال ئىرادى ۋە مەجازى جەمال ئائىنەسىدە ھەقىقى دىيدارىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتى ھالغە يەتتى:

ئەمەس دىيدارى تەنھا جىلۋەئى ھۇسن،
ئىرۇر گۇفتارىدىن كۆپ شىۋەئى ھۇسن.
گەھى دىيدارىدىن ئىشق ئەيلەر ئەنگىز،
گەھى سۆزدىن بولۇر بۇ ئىشق ئوتى تىز.
قولاق يولىدىن ناگاھ ئۇل ئۇرۇپ گام،
كۆڭۈلدىن ھۇش ئىلتەر جاندىن ئارام.
ئانىڭ يوق مۇندىن ئۆزگە كارۇ بارى،
قىلۇر بىر قىسسەئى زىيبا نىگارى.
يوق ئاندا ھىچ كۆرمەكدىن نىشانە،
كىشىنى ئاشىق ئەيلەر غايىبانە.
دىيارى مىسر ئارا بىر دۇختەر ئىردى،
كى نەسلى ئادىيلارغە سەرۋەر ئىردى.
نى دۇختەر بەلكى [ئۇل] رەخشەندە ئەختەر،
زەمانە كۆرمەيىن بۇ نەۋئى دىلبەر.
مۇسەففا دۇرغە لەئى خەندە ئەيلەپ،
شەكەر خەنىدى شەكەرنى بەندە ئەيلەپ.
لەبى خەندانى چۈن بولسە شەكەررىز،
شەكەر ھەسرەتىدىن ئىلكىن تىشلە بان تىز.
بەغايەتكىم ئۇچۇن، شىرىن شەكەر خەند،
دىلۇ جان نەيشەكەرغە يۈز گىرىھ بەند.
شەكەر ئاغزىدىن ئانىڭ تۇرفە دىل تەڭ،
يىتىپ كۆكسىگە لەئلىدىن ئۇرۇپ سەڭ.
جەھانىنىڭ فىتنەسى ئۇل ئىشرەتى ھۇر،
چۇ شىلىردىن شەككەرىدىن مىسر پۇر شور.
ئۇلۇغلۇق باشىدا سەۋداسى ئانىڭ،
ۋەلى ھىچكىمگە يوق پەرۋاسى ئانىڭ.
فەلەككە يەتكۈزۈپ شەھلىقدە ئەفسەر،
ھەۋەس ھىچكىمگە يوق ئىردى مۇيەسسەر.
ھەمە كۆڭلىدە ئىردى بۇ تەمەننا،
بارىنىڭ باشىدا ئىردى بۇ سەۋدا.
ۋەلى كۆپ مالۇ ئىستىغناۋۇ جاھى،
كىشىگە قىلمايىن ھەرگىز نىگاھى.
ئىشىتتى يۇسۇف ئەۋسافىن بەيەكبار،
يۈزى ماھىغە ئۆرلەپ مىھر بىسيار.
ئىچىگە تۈشتى يۇسۇفنىڭ فىراقى،
ئىشىتمەك بىرلە كۆرمەك ئىشتىياقى.
بەلى كۆرمەككە بائىسدۇر ئىشىتمەك،
ئىشىتمەكنىڭ ھۇسۇلى بولدى كۆرمەك.
جەمالى زىكرى بولدى ئىرسە بىھەم،
بۇ فىكر ئۇلدى ئانىڭ كۆڭلىدە مەھكەم.
تەمامى قىيمەتىنى قىلدى مەئلۇم،
ھىساب ئىچرە خىراجى شام ئىلە رۇم.
ئالىپ مىڭ تىيۋە يۈك پاكىزە گەۋھەر،
ئىپارۇ ئەنبەرۇ دۇر لەئلۇ كۆپ زەر.
نەفائىسلار يەنە ھەر نەۋئى بۇ شىق،
بەھاغە ھەر نىكىم ئەرزىرگە لايىق.

بىرىپ ئەرتىسى ئەزمى راھ قىلدى،
خەزىنىدىن بارى ھەمراھ قىلدى.
چۇ شەھرى مىسىرغە ئاۋازە تۈشتى،
ئەل ئىچرە ھايۇ ھۇيى تازە تۈشتى.
تىلەپ يۇسۇف چۇ كەلدى شەھرگاھى،
ئۆتەر يولىدا تىكتى بارگاھى.
سوراپ جەۋلانگەھىدىن بولدى ئاگاھ،
بۇ جەۋلانگەھ سارىغە ئەيلەدى راھ.
جەمالى كۆردى بىرۇن فەھمۇ ئىدراك،
بەدەن ئالايىشىدىن رۇھدەك پاك.
بۇ يەڭلىغ كۆرمەيىن ئالەمدە ھەرگىز،
ئىشىتمەي ھەم بەنى ئادەمدە ھەرگىز.
يۈزى مىھرى كۆرۈپ بىخۇد يىقىلدى،
كېچىپ ئۆزلۈكدە ئۆزنى مەھۋ قىلدى.
يەنە بىخۇدلىقىدىن بولدى ھوشيار،
چۇ غەفلەت ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار.
تىل ئاچىپ سوردى سۆز ئاغاز قىلدى،
ھەقايىق گەنجى ئىستەپ راز قىلدى.
دېدى: «ئەي خۇبلار خەيلىغە سەن شاھ،
جەمالىڭنى كۆرەر كىم ئەيلەدى ماھ.
يۈزۈڭ خۇرشىدىنى كىم قىلدى رەخشان،
كى بولدى خۇشەچىنىڭ ماھى تابان؟!
نېچۈك نەققاش نەقشىڭ يازدى زىبا،
نېچۈك رىزۋان قىلىپ سەرۋىڭنى رەئنا؟!
كىم ئەتتى قاشىڭىز مىھرابىنى تاق،
كىم ئەتتى تابى زۇلفۇڭ بەندى ئافاق؟
گۈلۈڭ قاندىن ئىرۇر بوباغى سىيراب،
نىھالىڭ تاپتى كىمدىن رەۋنەقى ئاب؟
نېدىن بۇ سەرۋى خۇبىڭ خۇب رەفتار،
نې بائىس لەئلىڭ ئانداغ نەغزى گۇفتار؟
يۈزۈڭ لەۋھى خەتىڭ كىم نامەسىدۇر،
ساچىڭ كىمنىڭ نۇقۇشى خامەسىدۇر؟
كىم ئەتتى نەرگىسىڭنى چەشمى بىنا،
بۇ رەڭ نەقشى ئەجەبنى قايسى دانا؟
سالىپدۇر دۇرجىڭا كىم قۇفلى ياقۇت،
كۆڭۈلگە قۇۋۋەت ئاندىن رۇھغە قۇت؟
زەنەخدانىڭدا ئەيلەپ چاھى غەبغەب،
كىم ئەتمىش چەشمەئى ھەيۋان لەبالەب؟
كىم ئەتمىش گۈل يۈزۈڭگە ئەنبەرىن خال،
نىشىمەن گۈلنى زاغ ئەتمىش نېچۈك ھال؟»
ئىشىتتى يۇسۇف ئول سۆزلەرنى يەكسان،
تۆكۈپ تۈشىن لەبىدىن ئابى ھەيۋان.
دېدى: «مەن سەنئەتى مەسنۇئى سانىئ،
ئەتاسى بەھرىدىن رەشھىغە قانىئ.
كەمالى كىلكىدىن بىر نۇقتە ئەفلاك،
جەمالى باغىدىن بىر غۇنچەئى خاك.
ۋۇجۇدى نۇرىدىن پۇر تاب ئىرۇر كۈن،
شۇھۇدى بەھرىدىن بىر قەترە گەردۇن.
ئانىڭ زاتىغە پاۋماس تۇھمەتى غەيب،
ھىجاب ئېردى يۈزىگە پەردەئى غەيب،
جەھان زەررالىدىن ئايىنە ئالدى،
يۈزىگە ھەر بىرىگە ئەكسى سالدى.
نېگىم كۆرسەڭ جەھاندا خۇبۇ مەرغۇب،
جەمالى ئەكسىدىن باقساڭ ئەگەر خۇب.
ئانىڭدىن ئەسلى شارى قىلغىل ئەشتاب،
كى ئەسل ئالىندا يوقتۇر ئەكسىغە تاب.
مەئازەللاھكى، قالدىڭ ئەسلىدىن دۇر،
قالۇرسەن بولسە ئاخىر ئەكسى بىنۇر.
چۇ يوقتۇر ئەكسىنىڭ چەندان بەقاسى،
يوق ئول گۈل رەڭگىنىڭ ئانداغ ۋەفاسى.
تىلەر بولساڭ بەقانى ئەسلىغە باق،
ۋەفا ھەرفىدۇر ئاڭا جۇملە ئەۋراق.
ئىرۇر ئول نەرسەنىڭ ئەندۇھى جانگاھ،
كى گاھى يار بولغاي، بولماغاي گاھ.»
ئىشىتتى دۇختەرى دانا بۇ ئەسرار،
كۆڭۈلنى ئۈزدى يۇسۇفدىن بەيەكبار.
دېدى يۇسۇفغە: «ۋەسفىڭ ئويلاغان چاغ،
تۈشۈپ كۆڭلۈمغە ۋەسلىڭ شەۋقىدىن داغ.
يۈگۈردۈم ئىشتىياقىڭ يولىدا زار،
ئىشىتتىم تۇرفە ئاخىر سەندىن ئەسرار.

www.uyghurkitap.com



چۇ كۆردۈم گۈل يۈزۈڭ بىخۇد يىقىلدىم،
قىدا جان ئەيلەمەكنى جەزم قىلدىم.

ۋەلې تۆكتۈڭ گۆھەر ئەسرارىدىن چەند،
نىشان دەپ مەنبەئى ئەنۋارىدىن چەند.

قىلىپ تەھقىق سۆزدە قىلنى ياردىڭ.
كۆڭۈلدىن پاك مېھرىڭنى چىقاردىڭ.

ھىجابى ئالدىڭ نەزەردىن قىلدىڭ ئاگاھ،
كۆرۈندى زەررەدىن خۇرشىدغە راھ.

نېگە كەشف ئولدى سىررى ئىشقبازى،
ساڭا بۇ ئىشقبازىدۇر مەجازى.

ھەقىقەتغە ئاچىلدى چەشمى بىينا،
مەجازىدىن قىلۇرنى تەركى سەۋدا.

جەزاكەللاھنى ئويغاتىنىڭ ئاخىر،
مېنى ئول جانى جانغە قاتتىڭ ئاخىر.

ئەزىز ئەتكەي سېنى ئەھلى جەھانغە،
مېنى ھەمراز قىلدىڭ جانى جانغە.

ساۋۇتتۇڭ غەيرىدىن جانۇ دىلىمنى،
ۋىسالى بەزمى قىلدىڭ مەنزىلىمنى.

مەن ئازارىمدا گەر تىل بولسە ھەر قىل،
دېسە چەندان سىتايىش سەندىن ئۇقىل.

تۆكەر بولسە دۇرى شۇكرانە چەندان،
سەرې مويې دېيەلمەس شۇكرى ئېھسان.»

بۇ سۆزلەرنى دەبان خۇبلاشتى ئاخىر،
ۋۇجۇدى ئەقبەسىدىن ئاشتى ئاخىر.

بارىپ دەريا لەبىدە قىلدى مەنزىل،
ئىبادەتخانە قىلدى ساھىلى نىل.

كېلىپ مىسكىنلە مالىن قىلدى تاراج،
قىلىپ بىر پارچە نانغە ئۆزنى مۇھتاج.

مۇرەسسەئ تاجىدىن كۆھنە رىفەككە،
قەنائەت قىلدى بىر ئەسكى لىچەككە.

زەرۇ دەستار ئورنىدا بۇ رەئنا،
باشىغە چىرمادى بىر كۆھنە بورىيا.

سالىپ ئىگىنىدىن ئول كىمخابۇ ئەتلەس،
كەنىزدىن ئەيلەدى ئۆزنى مۇلەببەس.

قىلۇر ئورنىدا دۇررۇ زەر ھىسابىن،
قولىغە ئالىدى تەسبىھى سەفالىن.

جەھاندىن يۈز ئەۋۇردى خانەقەھغە،
ۋەتەن تۇتتى كىرىپ مېھرابگەھغە.

كۆل ئىلتىپ قويدى گۈلخەندىن سەراسەر،
سالىپ سىنجابدىن گويا كى بىستەر.

باشى ئاستىغە خارا قىلدى بالىش،
فەلەك قىلدى ئانىڭ دەردىگە نالىش.

بۇ تائەتخانەدە ئېردى مەھۇ سال،
ئىبادەت شۇغلىدە ئېردى ھەمە ھال.

بۇ ئاگەھلىقدە بولدى ئۆمرى ئاخىر،
ئەرەنلەردەك ئىدى جان ۋەقتى ھازىر.

گۇمانى قىلمەكىم جان بەردى رايگان،
كۆرۈپ جانان فۇرۇغىن بەردى ئول جان.

دىلا، ئۆرگەن بۇ خاتۇندىن ئەرەنلىك،
ئەرەنلىك ئۆرگەنىپ بول ياخشى فەنلىك.

ساڭا يوق گەر بۇ غەم، قىل ئۆز غەمىڭنى،
ئەگەر يوق ماتەمىڭ، تۇت ماتەمىڭنى.

دەما دەم ھۇسنۇ سۇرەتنىڭ زەۋالى،
پەيا پەي ھالدىن ھال ئىنتىقالى.

قەدەم ھەر مەھزى خارا ئۇززە ئۇرمە،
زەمانى شاخىدىن شاخ ئۇززە تۇرمە.

چىقىپ كەۋنۇ مەكاندىن تاش مەكان قىل،
كى مەئنى كاخى ئۈستۈن ئاشيان قىل.

تۆمەننىڭ سۇرەتى مەئنى ئېرۇر بىر،
دېمە سۇرەتپەرەستنى جەمئى خاتىر.

فەرىشانلىق نى يەردە بولسە كىسرەت،
ھىسارى جەمئىيەتدۇر قەسرى ۋەھدەت.

چۇ كۆپ دۇشمەنگە سەن كەلتۈمەسەڭ تاب،
ھىسارى سارى قىل ناچار ئىستاب.

زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ پەرۋىش مەيدانىدا سەئيى ئېھتىمام تەكاۋەرىن
سۇرمەكى ۋە ھەرنىكىم دەستى راستدۇر خىزمەتكارلىق شەرائىتىن بەجا كەلتۈرمەكى.

زىلەيخا دانىشغە شەھبازى دەۋلەت، قوشۇپ چەكتى فەلەك ئاتىغە دەۋلەت.

جەھاننىڭ ئاررۇسىدىن يۇمۇپ كۆز،
بىلبىل خىزمەتغە ئانداغ باغلادى تۆز،
گەھى يۇسۇفكە تۈن - كۈن پەرۋەرىشنى،
بىلىپ ۋاجىب داغى تەركى ھەر ئىشنى،
چۈن ئالتۇن تاجلار زەررىن كەمەرلەر،
مۇرەسسەئ ھەر بىرى رەخشان گۆھەرلەر،
ئون ئىككى ئاي، ئاتمىش ئالتە كۈندە،
بۇ رەڭ ئەيلەپ مۇھەييا تۈن بۇ كۈندە.
تۈلۈئى سۇبھى ھەر كۈن بولسە زاھىر،
يېڭى خىلئەت كىيىپ زىيباۋۇ نادىر.
زەھەبدىن تاج قىلسە خۇسرەۋى شەرق،
مۇرەسسەئ تاجى زەررىن زىيب ئېتىپ فەرق.
قىيام ئەتسە ئەگەر سەرۋى رەۋانى،
بۆلەك ئاتىن بىلىنى باغلاپ ئانى.
يۈزى مېھرى تۇغۇپ بۇرجى قەبادىن،
تۈلۈئ ئەتمەي دۇ بارە بىر لىقادىن.
بىلىگە ئول شەكەر لەب بىر كەمەر بەند،
مۇكەررەر باغلاماي مىسلى شەكەرقەند.
دۇ بار ئول شاھى تەختۇ كىشۋەرى ناز،
ئەمەس بىر تاج ئىلە ھەرگىز سەر ئەفراز.
ئەگەر باشىغە ئالتۇن تاج قويسە،
بېرىپ چۈن فەرقىغە سەد بار تۇتسە.
كى سەندەك خاكى پايى تاجىم ئولغاي،
ئۇلۇغلۇق ئەۋجىدە مېئراجىم ئولغاي.
ئەگەر كىيدۇرسە پىراھەن تەنىغە،
خىتاب ئەيلەر ئىدى پىراھەنىغە:
«تېنىم شايەد ساڭا بىر تار بولغاي،
كى سەندەك ئاندا بەرخۇردار بولغاي.»
قەبا ئول سەرۋى رەئنا قەددىغە راست،
قىلىپ ئايتۇر ئىدى ھەرلەھزە بىخاست:
«كى كۆڭلۈم شەۋقىدىن ئانداغ قىلۇر جۇش،
كى سەندەك مەن ھەم ئانى قىلسام ئاغۇش.»
كەمەر چۈن باغلار ئولسە مەستۇ شەيدا،
تىلىغە كەلتۇرۇپ ئول بۇ تەمەننا:
«نې ئېردى قوللارىم قىلسام كەمەر، كاش،
ۋىسالى لەززەتىغە بەھرەۋەر، كاش.»
قىلىپ مەششاتى زۇلفى ئەنبەر ئاسا،
دىلى شەيدالىغە ئەيلەپ مۇداۋا.
ئۇرۇپ ھەريان مۇسەلسەل ئەنبەرىن فام،
شىكار ئەيلەرگە جانىن ئەنبەرىن دام.
تەئامى چاشتى خوردىيۇ شامى،
مۇھەييا ئەيلەپ ئالىدا دەۋامى.
قىلىپ خانلار ھەمە نەقشىنۇ زىيبا،
مەھازەرلەر چۇ گۇنا گۇن مۇھەييا.
ئاڭا ھەلۋا قىلۇرغە قەندۇ بادام،
لەبى دەندانىدىن ئانىڭ ئالىپ دام.
نە شىرىن مېۋەلەركىم گۇنە-گۇنە،
چۇسىيمىن سىيبدىن ئەيلەپ نەمۇنە.
كەبابىغە مۇسەممەن مۇرغى بىريان،
چۇ ئىشقىدا كەباب ئولغاي دىلۇجان.
چۇ لەئلى ئابدارىدەك بېرىپ گاھ،
مۇرەببالاركى خۇبۇ خاسۇ دىلخاھ.
قىلۇر چۈن بولسە شەربەت شەككەرى ناب،
ئەسەلدەك شىرىنىدىن بولغاي ئىدى ئاب.
نېكىم ئاڭلاتسە مەيلى ئىشتىھانى،
رەۋان ئالىغە تارتىپ جاندەك ئانى.
سالۇر ئېردى فەراشى دىلپەرىر ئول،
بىساتى نەستەرەن ئەيلەپ سەرىر ئول.
نىھالىغە قىلىپ گۈلدەك نىھالىن،
گۈلىغە يا سۇمەن يا لالە بالىن.
ئوقۇپ ئەفسۇنۇ كۆپ ئەفسانەلەر دەپ،
بۇلار بىرلە مەلالەت دەفئىن ئەيلەپ.
كۆزىنى پاپسە ناگەھ پەردەئى خاپ،
بۇ ئېردى شەمئدەك پۇر سوزىشى تاب.
ئىكى دوست ئاھۇسىغە تا سەھەرگاھ،
بولۇپ يايلاغ يۇ باغى ھۇسن دىلخاھ.
كى گاھى نەرگىسىغە ئېردى دەمساز،
بولۇپ گەھ غۇنچەسى بەزمىدە ھەمراز.
كى ئۇيناپ لالەزارى گاھى سۇنبۇل،
گۈلىستانىدىن ئول گاھى ئۈزۈپ گۈل،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۇتۇپ گەھ چەشمەئى نۇشىنىدىن لەب،
زەقەنغە ياستانىپ مانەندە غەبغەب،
گەھى گىيسۇيىغە سۆز ئەيلەپ ئاغاز:
«كى ئەي گۈل شاھىدىغە مەھرەمى راز،
تۆكەر ئاندىن كۆزۈم ھەر لەھزە خۇناب،
كى بولمىشدۇر پەرى دىۋىغە ھەمخاب.»
ئۇقۇپ ھەردەم بۇ رەڭ ئەفسۇنۇ ئەفسۇن،
يېتىپ گىيسۇيىدەك پاياننغە تۈن.
كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئېردى كارۇ بارى،
بۇ ئىشدىن يوق ئىدى بىردەم قەرارى.
غەمنى يەپ تۈنۈ كۈن ئېردى غەمخار،
كەنىزلەردەك ئاڭا ئېردى پەرەستار.
بەلى ئاشىق تۇتۇپ جان بىرلە مىننەت،
قىلۇر مەئشۇقىغە شايىستە مىننەت.
ئېرەر مىژگانى بىرلە يولىدىن خار،
ئاياغىدىن ئالۇر كۆز بىرلە ئازار.
دىلۇ جان بىرلە دائىم ھازىر ئولغاي،
كىم ئول شايەد قەبۇلى خاتىر ئولغاي.

**يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام، يول مېھنەتى ۋە قۇدۇق زەخمەتى، قىسسەسىنى شەرھ قىلغانى ۋە بورۇنقى كۈنلەردە بىر كۈن دەرد ئەندۇھى غەلەبەسىدىن زىلەيخا ۋاقىيفى ۋاقىف بولغانى.**

خەبەر داناللاردىن ئول يەگانە،
بۇ يەڭلىغ كەلتۇرۇر شىرىن فەسانە.
بۇ كۈنلەردىن بورۇن بار ئېردى روزى،
زىلەيخاغە ئەجايىب دەردى سوزى:
نې جاندا سەبر ئىدى نې تەندە ئارام،
خىرەد ھەم يېخۇد ئېردى كۆڭلى ناكام.
نېكىم ئۆيدە بىرەۋ شۇغلىغە ئول بەند،
كىشى بىرلە نە بىردىن ئېردى خۇرسەند،
كۆزى پۇر ئاب ئېردى كۆڭلى پۇرخۇن،
شىتاب ئەيلەر دۇرۇنى گاھى بىرۇن.
دىيدى ئول دايەئى ساھىب كەرامەت،
سەرا سەر دەفتەرى ئەھلى فەراسەت:
«كى ئەي مەھپارەئى خۇرشىد پايە،
نە بەلكىم باز ساڭا خۇرشىد سايە.
فەلەكدىن يەتمەگەي ھېچ ئىزتىرابى،
زەمانە جەۋرىدىن ھېچ پىچۇ تابى.
ساڭا تۇشتى بۇ كۈن بىلمەم نېچۈك ھال،
كۆرەرمەن ئىزتىراب ئىچرە بۇ مىنۋال.
چۇ بەرگىنكىم قىلۇر يەلدىن تەھەررۇك،
تەھەررۇكدىن ئاڭا ھەردەم تەھەللۈك.
تىگىسپ يەل بولغاي ئەۋۋەل لەختە گەردان،
گەھ ئول يان جۇنبىش ئەتكەي گاھى بۇيان،
كى ئول ھېچ يەردە تاپماي بىردەم ئارام،
ئاڭا سەرگەشتەلىقدىن ئۆزگە يوق كام.
دېگىل كىمدۇر ئېرۇر ئول بىقەرارى،
ماڭا ئايغىل غەمۇ رەنجىڭنى بارى.»
زىلەيخا ئايدى: «مەن ھەيران ئېرۇرمەن،
ئۆز ئەھۋالىمغە سەرگەردان ئېرۇرمەن.
نې بائىسدۇركى بىلمەم ئىزتىرابىم،
فەلەكنىڭ تابىدىن بۇ پىچۇ تابىم.
نېچۈكدىندۇركى بىلمەم بۇ غەممىنى،
دىلۇ جان ئۆرتەگەن بۇ ماتەممىنى.
مەن ئول خاكىمكىم ئول ساكىن نىھادى،
ئاڭا چىرمىشقان ئولغاي گەردى بادى.
نىھانى مەندىن ئەتمىش بۇ غەم ئارام،
فەلەك دەۋرىدىن ئولمىش جەۋرى ئەييام.»
ئەمەس سەرگەشتەلىغدىن كۆرتەھى ھېچ،
ۋەلى يەلدىن ئاڭا يوق ئاگەھى ھېچ.
زىلەيخا بولدى چۈن يۇسۇفغە ھەمدەم،
ئىكەۋ ھەمراز ئىدى غەمخارۇ مەھرەم.
ئاڭا يۇسۇف دەر ئېردى پىر كېچە راز،
بورۇنقى رەنجۇ غەمدىن ئەيلەپ ئاغاز.

سۆز ئەسناسىدا زەيلى كەلدى ناگاھ،
دېدى يول شەرھى بىرلە قىسسەئى چاھ.
قۇدۇق شەرھىن ئېشىتتى چۇن زىلەيخا،
كى يۇسۇف ھالىنى بىلدى ھۇۋەيدا.
يىلاندەك تولغانىپ ئىغدەك ئېدى تاب،
كۆزى پۇرئاب بولدى، كۆڭلى بىتاب.
بۇ ئول كۈندۈز ئەمان قىلدى گۇمانى،
كى ئۇتلۇغ دەرد ئىچىدە ئېردى جانى.
قىلىپ ئايۇ كۈنۇ يىلنىڭ ھىسابىن،
مۇشەخخەس جۇرم قىلدى بۇ گۇمانىن.
بىلۇر، ئارى، كۆڭۈلكىم بولغاي ئاگاھ،
كۆڭۈللەردىن يولۇر بىر- بىرىگە راھ،
ئانىڭ جانى ھۇشىدىن پاك بولغاي،
كى كۆڭلى ئىشقىدا سەد چاك بولغاي.
خۇسۇسەن ئول كۆڭۈلكىم بولسە ئاشىق،
كەمالى سىدقىدىن ئىشق ئىچرە سادىق.
ئانىڭ بىر چاكىدۇر بىر شاھ راھى،
بۇ يولدىن مەئشۇقى بارى نىگاھى.
بۇ يولدىن ھەر زەمان ئەھۋالىدا زار،
قىلۇر مەئلۇمى جانى ئاشىقى زار.

پەرىشان بولسە يەلدىن زۇلفى مەھبۇب،
يېتەر ئاشىق جانىغە ئانىدىن ئاشۇب.
يۈزىگە قونسە ناگەھ بىر غۇبارى،
خەم ئولغاي پۇشتى ئاشىق زىدرى بارى.
ئاياغىغە تىكەندىن يەتسە ئازار،
بۇ بىدىل كۆڭلى ئاندىن [بولغاي] ئەفكار
ئىشىتتىم: بىر كۆلى ئەرم ئەتتى لەيلى،
بولۇپ ئانىڭ قان ئالدۇرماقىغە مەيلى.
بەناگەھ چىقتى قان لەيلىدىن ئول كۈن،
بەيابان بولدى مەجنۇن قانىدىن خۇن.
دىلا، كەل، ئۆزلۈكۈڭدىن ئەيلە پەرھىز،
ئۆزۈڭ بۇدىغە پىندار ئەتمە ھەرگىز.
ساڭادۇر فەخرى نەڭگى ئۆزلۈكۈڭدىن،
ۋەگەر بۇيىيۇ رەڭگى ئۆزلۈكۈڭدىن.
ئۆزۈڭنى مېھرى كىندىن قىل مۇسەففا،
سەفا بەر ئايىنىڭغە، قىل مۇجەللا.
كۆرۈنگەي تا جەمالى شاھىدى غەيب،
كى شايەد پەرتەۋ ئۇرغاي نۇرى لارەيب.
كىم ئاندىن رەۋشەن ئولغاي دىيدەئى جان،
ساڭا مەستۇر قالماي سىررى پىنھان.

يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام جەمەئى پەيغەمبەرلەر ئەلەيھىمۇسسەلام تەرىقەلەرى ھۆكمى بىرلە شۇبانلىق ئىختىيار قىلغانى ۋە زلەيخا شۇبانلىق ئەسبابىنى مۇھەييا قىلۇرغە سەئيى ئېھتىمام كۆرگۈزگەنى.

خۇش ئول بىدىلغە بەخت ئولغاي مەدەدكار،
رىزايى خاتىرى دىلدار ئاڭا يار.
كېچىپ ئۆز خاھىشىدىن بۇ تەمامى،
ئانىڭ بولغاي ھەمە خاھىشى دامى.
دېسە جان، لەبلە ئالىپ شادۇ خۇررەم،
ئاياغىن ئۆپكەيۇ جان بەرگەي ئول دەم.
قان ئەيلەپ چۇن كۆڭۈل بولسە رىزاسى،
قىلۇر كۆز يولىدىن ئانىڭ فىداسى.
دېسە قوپغىل، يۈگۈرغاي باشى بىرلە،
كېلىپ خىزمەتتە تۇرغاي باشى بىرلە.

ئىشىكدىن قوغلاسە قايتارماغاي باش،
قاشىغە ئىندەسە قاڭتارماغاي قاش.
قىلۇرغە ئۇممەتىغە مېھرىبانلىق،
كېلىپ لايىق پەيەمبەرغە شۇبانلىق.
چۇ يۇسۇف باۋۇجۇدى كامرانى،
بۇ ئىشدىن ئارزۇ قىلدى شۇبانى.
زلەيخا بۇ تەمەنناسىنى بىلدى،
ئانى ھاسىل قىلۇرغە جەھد قىلدى.
بۇيۇردى ئەۋۋەل ئول ئۇستادى پۇرفەن،
مۇناسىب راست قىلدى بىر فەلاخەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىپ ئالتۇن رەسەنكىم بىكەمۇ كاست،
مۇئەنبەر گىيسۇ يەڭلىغ ئۆردىلەر راست.
زۇلەيخا ئەيلەر ئېردى ئارزۇيى،
ساغىندۇرغاي ئۆزىن ئاندا چۇ مۇيى.
چۇ بىبائىس ئاڭا يوق ھېچ راھى،
بۇ بائىسدىن ئۆپەي ئىلكىنى گاھى.
يانا ئايدى نېچۈك بولغاي رەۋا بۇ،
ئاڭا يار ئەيلەگەيمەن ئاندا بىر مۇ.
فەلاخەنغە چۇ بەردى زىيبۇ زىيۋەر،
تىزىپ مىژگانلارىدەك دۇررۇ گەۋھەر.
چۇ تاش ئۇرىندا سالغۇ لەئلى شەب رەڭ،
ئېتىپ، بىقەدر چاغلاپ چۇن قارا سەڭ.
شۇبان خەيلىغە ئاندىن قىلدى خىرمان،
دېمە ئۇتلانغۇچى كوھۇ بەيابان.
جۇدا قىلدىلار ئاندىن بەررەنى چەند،
كى نادىر بەررەئى بىمىسلۇ مانەند.
ئاڭا ياپلاغچۇ ئاھۇ سۇنبۇلۇ سىيب،
بۆرىدىن كۆرمەيىن ھەرگىز ھەم ئاسىب.
يۇڭى رەڭگى ساچى يەڭلىغ زىرىھ سان،
جىلالىغ ئەبرىشىمدىن ھەم دەرەخشان.
سىمىزلىكدىن ھەمە دۇنبە گىرانبار،
گىرانلىقدىن ھەمە ئاھىستە رەفتار.
يۇرۇردە باغلاپ ئول ھەر ۋادەئى تاغ،
دېگەيسەن مەۋج ئۇرادۇر سەيلدىن باغ.
بۇ مەۋج ئۇستىدە بار ئۇستادى پۇر كار،
قىلىپدۇر سەنئەتى زەنجىر ئىنزھار.
بۇ بەررەلەر ئارا يۇسۇف شىتابان،
خىجىل بۇرجىدا چۇن خۇرشىدى تابان.
يەكى ئاھۇيى مۇشكىنكىم يەگانە،
كى يۇزلەنمىش ھەمەغە بىبەھانە.
زۇلەيخا سەبزۇ ھۇشۇ ئەقلۇ جانىنى،
يىبەرگەي تاكىم ئەگرەشكەي شۇبانى.
بۇلار چۇن ئارقادىن باردى يابانغە.
سەگى دۇنبالەكەش بولدى شۇبانغە.
نىگەھبانلار مۇئەككەل قىلدى چەندان،
ئانى تا ئاسراغايلار ئانچە ئىمكان.
بۇ يەڭلىغ ئېردى يۇسۇف كارۇ بارى،
ئانىڭ ئېردىيۇ بارى ئىختىيارى.
ئول ئېردى خاھلاسە جان مۇلكىغە شاھ،
شۇبان ئېردى ئەگەر مەيل ئەتسە ناگاھ.
ۋەلې ئول زاتى بىرلە ئۇن پەرىزاد،
ھەر ئىككى شۇغلدىن بار ئېردى ئازاد.

**زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامدىن ۋىسال كامىنى تەلەب قىلغانى، يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام ئىبا ۋە ئىمتىنائ ئېھتىمامىدا ئىستىغنا كۆرگۈزگەنى.**

پەرى رويىغە ناگەھ خەستە جانى،
كۆڭۈل جان بىرلە چۇن بەردى نىھانى.
قەرارى بولماغاي ھېچ ئىشدە ھەرگىز،
سەرەنجام ئولماغاي سەررىشتە ھەرگىز.
چۇ قولغە كەلمەسە نەقدى ۋىسالى،
ئاڭا بەسكىم مۇيەسسەردۇر خەيالى.
ۋەلې ھەردەم ئاقىزغاي ئەشكى خۇنبار،
يۈرەكنى قان قىلىپ، كۆزدىن تۆكۈپ زار.
مۇيەسسەر بولسە كۆرمەك گۈلئۇزارى،
تۇشەر ئەندىشەئى بۇسۇ كەنارى.
كەنارى بۇسدىن گەر بولدى خۇشھال،
بولۇر ھىجران خەيالى بىمىدىن لال.
ئۇمىدى كامرانلىق ئىشق ئارا يوق،
سەفايى زىندەگانلىق ئىشق ئارا يوق.
ئانىڭ ئاغازى قان يۇتماغلىقى بەس،
ئېرۇر ئەنجامى جان چىقماغلىقى بەس.
قاچان راھەت ئاڭا بولغاي سەزاۋار،
ئىشى قان يۇتماقۇ ئۆلمەك ئېرۇر زار.
زۇلەيخا كۆڭلى بىرلە ئىشق ئارا بەند،
خەيالى خابى بىرلە شادۇ خۇرسەند.

ئاڭا دىيداردىن تاش ئارزۇيى،
يوق ئىردى ئاندىن ئۆزگە جۇستىجۇيى.
چۇ كۆردى تاپتى ئاندىن بەھرەمەندى،
بۇ كۆرمەكدىن تىلەپ تەبئي بەلەندى.
ئاڭا كەلتۇردى ئاخىر جۇستىجۇيى،
كەنارا ئەتكەي مەگەر ئول ماھ رويى.
كەنارى بۇسى لەئلىدىن ئالىپ كام،
چۇ سەرۋى سايەسىدە ئولغاي ئارام.
بەلى گۇل شەۋقىدىن سەير ئەيلەگەن باغ،
كىلىپ چۇن لالە يەڭلىغ سىنە پۇر داغ.
كى مەست ئولغاي كۆرۇپ ئەۋۋەل رۇخى گۇل،
كۆرۇپ ئاندىن گۇل ئۇزمەككە سۇنار قول.
زىلەيخا ئەيلەبان كامىغە چارە،
ۋەلې يۇسۇف تۇتۇپ ئاندىن كەنارە.
زىلەيخا يىغلار ئىردى خۇنباران،
ۋەلې يۇسۇف بولۇپ ئاندىن گۇرىزان.
زىلەيخانىڭ چۇ جانسوز ئىردى داغى،
ۋەلې يۇسۇفنىڭ ئاندىن بار فەراغى.
زىلەيخا كۆز تىكىپ ئول خۇشلىقاغە،
ۋەلې يۇسۇف قاراغلىق پۇشتى پاغە.
زىلەيخا شەۋقى بىر كۆرمەككە جانسوز،
ۋەلې يۇسۇف تىكىپ دىيدارىدىن كۆز.
يۈزىگە فىتنە ۋەھمى زاھىر ئىردى،
كۆزى ھەم پىتنە جويى ساھىر ئىردى.
بۇلارگە قىلمادى ھەرگىز نىگاھى،
زىلەيخا دەۋردىن كۆپ ئۇردى ئاھى.
قارارمۇ ئاشىق ئول دىيدار سارى،
كى چۇن كۆز كۆزگە تۇشكەي يار سارى.
چۇ ئاشىقدىن ھەمە ئەشكىيۇ ئاھى،
نىگاھى بولغاي ئاندىن گاھ ـ گاھى.
چۇ ئاشىق ھالىدىن يار ئولسە رو پۇش،
يۈرەك قان بولغايۇ كۆزدىن قىلۇر جۇش.
زىلەيخانىڭ غەمى باشىدىن ئاشتى،
بۇ ھەسرەتدىن ئىچىگە ئوت تۇتاشتى،
خەزان ئەتتى ئانى بۇ مىھنەتۇ دەرد،
قىزىل گۇل بولدى گويا لالەئى زەرد.
ئاڭا غەمدىن ئۆكۈلدى بارى ئەنبۇھ،
سىھى سەرۋدىلى ئەگدى بارى ئەندۇھ.
لەبى لەئلىدە ئانىڭ قالمادى ئاب،
يۈزى شەمئىدىن ئۆچتى لەمئەئى تاب.
ساچىغا شانە ئۆرمەي پەنجەدىن تاش،
كىم ئول پەنجە بولۇپ، ساچىن ئۇرۇپ تاش.
چۇ ھىچ ئايىنە سارى ئاچمايىن كۆز،
مەگەر زانۇيكىم ئول قويغاي ئاڭا يۈز.
تۆكۈپ كۆزدىن پەيا پەي خۇنى تازە،
كى بولماي چېھرەسى مۇھتاجى غازە.
قارا ئىردى جەھان ئول كۆز قاراغە،
قاچان بار ئىھتىياجى تۇتىياغە.
جەھان ئىردى كۆزىگە پۇر سىياھى،
كى ئاندىن سۇرمە تارتماي جايىگاھى.
نىگاھى قىلسە ناگەھ سۇرمە سارى،
ئاقىزغاي ئىردى ئانى ئەشكبارى.
جىگەررىش ئولدى چۇن غەمدىن زىلەيخا،
تىل ئاچىپ سەرزەنىشدىن بولدى گويا:
«كى ئەي ئالەمدە رەسۋايى جەھانسەن،
بۇ رەسۋالىقدا كۆپ ئازۇردە جانسەن.
قىلۇر تاكى جىگەر خۇن قەد خەمىدە،
بۇ سەۋدايى غۇلامى زەر خەرىدە.
سەن ئول شاھىكى تەخت ئۈستۈن سەر ئەفراز،
ساڭا شايىستە ئىردى مەسنەدى ناز.
كىرەك ئۆز ھەددىدە بەندە نەۋازى،
نې لايىق بەندە بىرلە ئىشق بازى.
ئۆزۈڭە شاھلاردىن ئەيلە مەھبۇب،
مۇناسىب شاھلارغە شاھلار خۇب.
ئەجەب ئۇجىبىيۇ كۆپ فاسىدە خەيالى،
ئەمەس مەنزۇر سەندەكىنىڭ نەھالى،
بەناگاھ ئەلگە فاش ئولسە بۇ ھالىڭ،
نېچۈك بولغاي مەلامەتدىن مەلالىڭ.
خۇسۇسەن بۇيلە خاتۇنانى مىسرى،
نې چاغلىق بولغاي ئەھۋالىڭدا كىسرى؟»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



دەرتلىرى بولسۇن ئەمما ئۇل تالۇن ئاي،
نې ئانداغ تۇتمىش ئىرۇرى جان ئارا جاي،
كى كۆڭلىدىن چىقارماق بولغاي ئىمكان،
نېچە بۇ دەردغە بولسۇن فۇسۇنخان.
بەلى چۇن مېھرى جانان جان ئارا بەند،
بولۇرمۇ ئۈزمەك ئاندىن ھېچ پەيۋەند.

يېگەي جان بىرلە تەن پەيۋەندى بەرھەم،
ۋەلى پەيۋەندى ئانىڭ بىرلە مەھكەم.
نې ياخشى دەپدۇر ئۇل ئىشق ئىچرە زەنجۇر،
گەھى مىڭ گۇلدىن ئولماس رەڭگۇ بۇ دۇر.
ۋەلى بۇدۇركىم ئۇل بىرۇنى ئىمكان،
كى جانى ئاشىق ئەتكەي تەركى جانان.

زۇلەيخانىڭ جان پەرۋانەسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمالى شەمئى مۇشاھىدەسىدە ئۆرتەگەنى ۋە دايە مۇنىڭ زۇلەيخادىن سوراغانى.

زۇلەيخانى كۆرۈپ دايە بۇ مىنۋال،
يىغى باشلاپ ئانىڭدىن سوردى ئەھۋال!
«كى ئەي دىيدارىدىن كۆز نۇرى رەۋشەن،
جەمالى ئەكسىدىن جان باغى رەۋشەن.
دىلۇ جانىڭدا كۆپ رەنجۇ مەلالىڭ،
بۇ كۇن كەيفىيەتى نې بىلمەدىم ھالىڭ.
زەمانىكىم ۋىسالى يار ئىدى دۇر،
ئەگەر ئۆرتەنسە ھالىڭ ئىردى مەئزۇر.
بۇ دەم ئىردى ۋىسالى، تۇرفە بۇ ھال،
ئەجەپ ۋەسل ئىچرە ئۆرتەنمەك بۇ مىنۋال.
بۇ دەۋلەت ئىشق ئارا كىمگە مۇيەسسەر،
كى قويغاي ئاشىقى پاي ئاستىغە سەر.
بەغايەت تالىئىڭ فەرخۇندە، ئەي جان،
كى بولغاي پادىشاھىڭ بەندە فەرمان.
شەھىكىم تاجى شاھىغە سەزاۋار،
ساڭا قۇلدۇر، يەنە نې مەتلەبىڭ بار؟
يۈزى گۇلزارىدىن دىل شاد بولغىل،
جەھان ئەندۇھىدىن ئازاد بولغىل.
چۇ سەۋرى لالە رەڭگىدىن ئالىپ كام،
كى رەفتارى خۇشىدىن تاپقىل ئارام.
لەبى نۇشىدىن ئالغىل جانغە راھەت،
زىلالى كامرانلىق ئاندە نۇش ئەت.»
زۇلەيخا ئىشىتىپ ئۇل ئەفسۇنى دايە،
يۈرەك باشىغە قاندىن بەردى مايە.
كۆز ئەبرىدىن جىگەر قانىنى تۆكتى،

ئاڭا بۇ سىررى ئىماقىنى تۆكتى.
دېدى: «ئەي مېھرىبان مادەر، ھەمانا.
ئەمەسدۇرسەن بۇ ئىش سىررىغە دانا.
نېدىن بىلمەيسەن ئاخىر مەقسەدى دىل،
ماڭا ئۇل جانى جانانىدىن نە ھاسىل.
تۇرۇپتۇر، تۇنۇ كۇن ئالدىمدا يەكسان،
ۋەلى خىزمەتتىن ئۇل يەكسان گۇرىزان.
ھۇزۇرىمدا تۇرۇپتۇر بىمەلالەت،
ۋەلى خىزمەت چاغى سەركەش بەغايەت.
كۆزۈمدىن غايىب ئىرمەس ھېچ گاھى،
ۋەلى قىلماس ماڭا ھەرگىز نىگاھى.
كېرەككىم تەشنە جانى يىغلاغاي زار،
سۇ لەبدە تەشنەلىكتىن جان گىرىفتار.
يۈزۈم شەمئىنى چۇن قىلسام نەزەرگاھ،
نەزەرنى بىر دەم ئالماس يەردىن ئۇل ماھ.
نەچە تەلمۇرسەم ئۇل شىرىنلىقاغە،
تىكەر ئىككى كۆزىنى پۇشتۇ پاغە.
ئاڭا يەتكۈزمەي ئاندىن ھېچ ئىزا،
يۈزۈمدىن پۇشتى پايى خۇب زىيبا.
چۇ كۆز سالسام ئاڭا، ئەيلەپ ماڭا كىن،
سالىپ پېشانەسىغە سۇرەتى چىن.
بۇ چىنغە سەرزەنىش مەندىن رەۋا يوق،
نېكىم ئاندىن كېلۇر ھەرگىز خەتا يوق.
قاشىدىن خەستە كۆڭلۈم سەدگىرەھدۇر،
بۇ كەچ كىردارىدىن كۆڭلۈم تەبەھدۇر.

گىرەھلىغدۇر ئىشىم بۇ نەۋۇ ھەر يار،
ئاڭا نەززارە قىلماق بولدى دۇشۋار.
ماڭا سۆزلەردىن ئاغزىدۇر بەسا تەڭ.
چۇ-قان يۇتماقدىن ئۆزگە يوق ماڭا رەڭ.
يېتىپ جانغە چۇ ئۇتلۇغ لەئلىدىن تاب،
ئېرىپ سۇ بولدىيۇ كۆز بولدى خۇناب.
مۇرادىم نەخلىدۇر قەددى نىھالى،
ماڭا مەيلان ئەمەس ئول ھېچ ھالى.
نىھالىدىن ئۇزەر قەسد ئەيلەسەم سىيب،
تېخى ئۇزمەي تۇرۇپ يەتمىش ھىلاك ئاسىب،
چۇغەيغەيدىن ئۇمىد ئەتسەم مەن ئارام،
قىلۇر چاھى غەم ئىچرە زارۇ ناكام.
يېگى زەشكىدە كۆيىدۇر ھەسرەتى ادىل،
تاپىپ دەست ئۆلمىش ئول ئىلكىدە ھاسىل.
بولۇپ دامانىدىن لىسىنەمدە جان اچاك،
ئاياغ ئالىدا ھەر دەم پارەئى خاك.»
بۇ سۆزنى دايەا ئېشىتىپ يىغلادى زار،
بۇدۇر ھالى تىرىلمەك بولدى دۇشۋار.
ۋىسال ئول ياخشى كىم باردۇر ھۇزۇرى،
نې ئول ۋەسلىكى بولغاي تەلخى شورى.
خۇش ئول فۇرقەتكى ئول بولغاي زەرۇرەت،
ئۇمىدلى ۋەسل ئېرۇر دەفئى كۇدۇرەت.
غەمى ھىجران ئەگەرچە ئەيىنى سەختى،
بۇ يەتكىلىغ ۋەسل يۇزمىڭ شۇم بەختى.

**زىلەيخا دايەنى يۇسۇفنى ئەلەيھىسسەلامغە ئەلچى يىبەرگەنى ۋە دايە زىلەيخانىڭ ئەرزىنى ئاڭا يەتكۇرگەنى ۋە ئول بۇ مۇددەئادىن يۇز ئۆرۇپ، مەئزۇرەت بىرلە ياندۇرغانى.**

چۇ قىلدى دايە مۇنداغ دىل نەۋازى،
ئۇمىد ئەيلەپ زىلەيخا چارە سازى.
دېدى: «ئەي دايەئى مۇشفىق ھەۋادار،
بارى ئىشىدا ماڭا سەنسەن مەدەدكار.
يانا بىر نەۋبەت ئەمدى يارلىق قىل،
غەمىم ھەددىن فۇزۇن غەمخارلىق قىل.
قەدەم قويغىل مېنىڭ فەرقى بىرلىمنى،
تىلىم بولغىل، بارىپ ئايغىل سىرىمنى.»
«كى ئەي سەرگەش نىھالى ناز پەرۋەر،
يۈزۈڭ باغى لەتافەتدىن گۇلى تەر.
گۇلىستانى جەمالۇ گۇلشەنى ناز،
قەدىڭدەك كۆرمەدى سەرۋى سەر ئەفراز.
دىلۇ جاندىن قىلىپدۇرلار گۇلى ئاب،
تىكىپدۇرلاركىم ئاندا شاخى ناياب.
كى سەرۋى سەر بەلەندىكىم ئوشۇل شاخ،
سېنىڭ سەرۋى سىھىڭ دەيدۇرلا گۇستاخ.
تۇرغارغە تۇزدىيۇ ئەررۇسى تاچەند،
سېنىڭدەك تۇغماەى پاكىزە فەرزەند.
ئېرۇر چۇن سەندىن ئادەم دىيدە رەۋشەن،
چۇ ئالەم گۇل يۈزۈڭدىن تازە گۇلشەن.
ئەمەس ھەددى بەشەر ھۇسنۇ كەمالىڭ،
قاچان ھۇرۇ پەرىدە بار مىسالىڭ.
پەرى سەندىن ئۇياتىپا ھەر زەمانى،
ياشۇنمىش ئولتۇرۇپ گەنجى نىھانى.
سېنىڭ ئالدىڭدا باش ئۇرمىش فەرىشتە،
ئاڭا قۇللۇق تاپىلمىش سەر سىرىشتە.
بولۇر ھېچ قۇدرەتىڭنى پايەسى كەم،
گىرىفتارىڭغە سالساڭ سايە ھەر دەم.
زىلەيخا گەرچە زىيبا دىلرەبادۇر،
كەمەندىڭغە ئىلىنغان مۇبتەلادۇر.
چۇتىغل ئىردىكى سەندىن سىنەسى داغ،
بۇ سەۋدادا دىلى بىكىنەسى داغ.
تۇشەپ ئۆز مۇلكىدە ئۇچ نەۋبەتى زار،
ساڭا ئاندىن بىرى بولمىش گىرىفتار.
گەھى بۇ غەمدىن ئولمىش بەندى زەنجىر،
گەھى بادى سەبادەك ئېردى شەبگىر.

بۇ سەۋدادىن بۇدەم بولمىش چۇ مۇيى،
ئاڭا يوق مۇندىن ئۆزگە ئارزۇيى.
تىرىكلىك نەقدىنى قىلماسدا ئول گۇم،
تەرەھھۇم قىل، خۇش ئىرمەسمۇ تەرەھھۇم.
ئانىڭدىن ئابى خىزر ئىزهار قىلساڭ،
نە بولغاي قەترەئى ئىسار قىلساڭ،
رىزا بەرمەككە لەئلىڭدىن ئالىپ كام،
بۇ دەم جان سوزىشىدىن ئالسۇن ئارام.
قەدەم قوي تا ئاياغىڭغە سۇرۇپ باش،
مۇرادى ئەخلىدىن ئۆزگەي رۇتەب خاش.
نىكىم بولغايكى سەندەك پادىشاھى،
نىگاھى قىلساڭ ئانىڭسارى گاھى.
ئاڭا مەنزۇر ئەمەس چەندىن ئەزىزى،
مۇرادى ئول ساڭا بولغاي كەنىزى.»
ئىشتتى دايەدىن يۇسۇف بۇ ئەفسۇن،
تۆكۈلدى لەئلىدىن بۇدۇررى مەكنۇن.
دىدى: «ئەي دايەئى دانايى ھەر راز،
فەرىبىمغە مىنىڭ بولمە فۇسۇنساز.
مەن ئول بىكەس غەرىبى دىل رەمىدە،
زىلەيخاغە غۇلامى زەر خەرىدە.
يىتىپ ھەر كۇندە تۇرلۇك نازۇ نىئمەت،
كۆرەرمەن ھەر زەمان چەندان ئىنايەت.
ۋۇجۇدۇم جۇملە ئانىڭ پەردەسىدۇر،
تۇمەن جانىم ۋەفا پەرۋەردەسىدۇر.
تەمامى ئۇمر ئىتىپ نىئمەت شۇمارى،
قىلالماي ھىچ ئەدايى ھەق گۇزارى.

باشىدۇر خەتتى فەرمانىدا ھەرئان،
تىنىمدۇر خىزمەتىدە بەندە فەرمان.
رەۋا كۆرمە ۋەلې بۇ ئىشدا زىنھار،
جان ئۈزمەكدىن ماڭا بۇ ئەمر دۇشۋار.
بولۇرمۇ ھىچ جانى پاكۇ خۇرسەند،
خىلافى ئەمرى فەرمانى خۇداۋەند؟
ھەۋايى نەفسى شەيتاندىن نە ئىمكان،
كى قويغايمەن قەدەم بىرۇنى فەرمان؟
مەئازەللاھكى، بۇ نەفسى بەد ئەندىش،
مىنى قىلغاي بۇ يەڭلىغ مەئسىيەتكىش.
ئەزىز ئاخىر مىنى فەرزەند ئوقۇپدۇر،
ئەمىنى خانە دەپ مەھرەم تۇتۇپدۇر.
ئانىڭ پەرۋەردە مۇرغى خانەسىمەن،
ئۆيىدە مۇرغى ئابى دانەسىمەن.
ئاڭا مەن رەھمۇ شەفقەت پەرۋەرىدە،
نىچۇك قىلغۇم خىيانەت مەن ئۆيىدە.
خۇدايى پاكنىڭ ھەر خۇلقى ھالى،
جۇداگە نە بولۇر فىكرى خەيالى.
بولۇر پاكىزە تىنەت پاك مۇردار،
زىنازادە بولۇرمۇ جۇز زىناكار.
تۇغۇلماس ئىت بەشەردىن، ئىتدىن ئادەم،
كى جەۋ بۇغدايدىن ئۈنمەس، ئەكىندىن ھەم.
خۇدانىڭ رەھمەتى كۆپدۇر ئۇمىدىم،
كى فەزلۇ رەھمەتىدىن ئىتتەمەندىم.
ئۇلاردەك پاك تۇتقاي ئىزەدى پاك،
مىنى ئازغۇرماغاي نەفسى ھەۋەسناك.»

**زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام ئاقىنىگە بارىپ زارى تەزەررۇئ قىلغانى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام ئانىڭ مۇرادى ھۇسۇلىدىن ئۆزر ئايتقانى.**

زىلەيخاغە بۇ سۆزنى ئايدى دانا،
پەرىشان بولدى زۇلفىدەك بۇ دانا.
تۆكۈپ رۇخسارىغە خۇنى جىگەرنى،
قارا بادامدىن ئۈننابى تەرنى.
بىرىپ رەفتارى سەرۋى نازەنىنغە،

باش ئۇستۇن سايە سالدى مەھ جەبىنغە.
دىدى: «باشىم ئىرۇر، ئەي خاكى پايى،
غەمىنىڭ جارى كۆڭۈل مەھرەم سەرايى.
تۇشۇپ ئىشقىڭدا ئانداغ جانغە داغى،
كىم ئاندىن بولماغاي ھەرگىز فەراغى.

سپنىڭدۇر مۇ بەمۇ مېھرىڭ ماڭا ۋەھ،
سەزى موىى ئەمەسمەن ئۆزدىن ئاگەھ.
خەيالىڭدۇر بەدەندە جانى شىرىن،
كەمەندىڭدۇر بۇ يولدام تەۋقى زەررىن.
ئەگەر جاندۇر ساڭا پەرۋەردەئى ئىغەم،
ۋەگەر تەن جان لەبىگە كەلگەن ئول ھەم.
كۆڭۈل ھالىن نې دەيكىم، نې يوسۇندۇر،
بۇ كۆز خۇنبارىدىن بىر قەترە خۇندۇر.
مەن ئانداغ بەھرى ئىشقىڭ مەۋجىدە غەرق،
ئەمەسمەن خالى ئاندىن پايى تا فەرق»
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ بولدى گىريان،
زىلەيخا چەكتى ئاھى بولدى ھەيران.
«كۆزۈم سەن، ئەي كۆزۈم، ھەيرانكى دەرمەن،
سىنى ھەر قايدا مەن گىريان كۆزەرمەن.
چۇ تۆكسەڭ كىرپىكىڭدىن قەترەئى ئاب،
سالۇرسەن جانغە ئوتدەك سوزىشى تاب.
جەمالىڭ مۇئجىزىدىندۇركىم، ئەي جان،
سالۇرسەن سۇدىن ئوت جانىمغە سوزان.»
كۆرۈپ يۇسۇف ئانىڭ دەردىنى بىسيار،
كۆزىدەك لەبلەرى بولدى گۇھەربار.
دېدى: «يىغلارمەن ئاندىن زار خەستە،
كىشى ئىبرەتىش ماڭا ئىشقى خۇجەستە.
قويۇپ مېھرىم غەمىدە ئەمە چۇن گام،
جەھاندا دوزلۇقغە قىلدى بەدنام.
پەدەردىن ئەيلەدىلەر ئاقىبەت دۇر،
مېنى غۇربەتكە تاشلاپ زارى مەھجۇر.
ئىبرۇر سىنەمدە كۆڭلۇم دەم بەدەم قان،
نې كەلگەي باشىمە ئىشقىڭدە ئەي جان
بەلى مەئشۇقلار سۇلتانلى غەييۇر،
ئىبرۇر شىركەتدىن ئانىڭ مۇلكى بەسدۇر.
بۇ مەئشۇقى غەيۇر ئەنجامۇ ئاغاز،
بۇ مەزھەبدۇر كىشى قىلماس ئەنباز.
چۇ رەئنالىقدا سەرۋ ئولسە خىرامان،
قىلۇرچۇن سايەدەك يەر بىرلە يەكسان.
چۇ مەھ كۆرگۈزسە زىبالىقدا رۇخسار،
ئانى خۇد بەرقى غەيرەت ئۆرتەگەي زار،
چىقارسە قالىبى مەھ چۇن پەرى نۇر،
قىلۇر رەنجلى مەھاقى زارۇ مەھجۇر.
ئەگەر كۆن تۇتسە ئەۋجى چەرخى دەۋۋار،
قىلۇر مەغرىب سارى ئانى نىگۇنسار.»
زىلەيخا ئايدى: «ئەي چەشمى چىراغىم،
فۇرۇغىڭ بىرلە ئايدىن بار فەراغىم.
دېمەسمەنكىم ئەگەر يارى ئەزىزى،
كەنىزىڭ ئالدىدا كەمتەر كەنىزى.
قىلۇرمۇ بۇ كەنىزە كەمتەرىنە،
بەغىر ئەز شەۋقى جانى سوزى سىنە.
سورارمەن جاندىن ئەفزۇنراق سىنى مەن،
بولۇرمۇ دوستى جانىنى پىشە دۇشمەن،
ئۆزىگە كىم قىلۇر ئافەتنى خاھىش،
بىرۇر جانىغە يۈز ئازارۇ كاھىش.
ماڭا جان تىغى مېھرىڭدىن ئىلكى نىم،
ساڭا مەندىن نېچۈك بۇ ۋەھمدىن بىم.
ماڭا لۇتف ئەت لەبىڭدىن كام بەرگىل.
زەمانى رام بول، ئارام بەرگىل.
ماڭا ھەمراھ ئولۇپ ھەر لەھزە ئۇرگام،
تەمامى ئۆمر سۈرگىل ئەيش ئىلە كام.»
جەۋاب ئايدىكى يۇسۇف: «ئەي خۇداۋەند،
كى بويىنۇم بەندەلىك بەندىغەدۇر بەند.
ماڭا يوق بەندەلىكدىن ئۆزگە كىردار،
بۇيۇرغىل ئىشغە قۇللارغە سەزاۋار.
يېتەرمۇ خاجەلىق ئىش بەندەلەرغە،
بۇ نەۋئ ئەلتافلار شەرمەندەلەرغە.
چۇ مەنكىم تا ساڭا بولغايمۇ دەمساز،
ئەزىزى مىنسىر ئىلە بۇ خاندا ئەنباز،
كېرەككىم شاھ ئول قۇلنى يوق ئاتقاي،
نەمەكدانىغە ئانىڭ قول ئۇرا تقاي.
مېنى ھەر ئىشغە مەشغۇل ئەيلە ھالى،
كۆلۈم كەچكەي ئول ئىشدە ماھۇ سالى.
نې فەرمانىڭدا بولغاي ھېچ تەغيىلر،
نې خىزمەتكارلىقدا ھېچ تەقسىر.

بولۇر خىزمەتدىن ئاخىر بەندە ئازاد،
كى مەنشۇرى ئىنايەتدىن بولۇر شاد،
ھەمىشە ياخشى قۇللار شاد، خاتىر،
يامان قۇلدۇر ئىكى ئالەمدە خاسىر.»
زىلەيخا دېدى: «ئەي پاكىزە گەۋھەر،
ساڭا مەن بەندەدىن سەد بار كەمتەر.
ماڭا نې ئىشكىم ئۇل قىلماققە دەركار،
ئانى قىلماقىغە چەندان كارگەر بار.
سېنى قىلسام ئۇلار ئۆيىندە مەھسۇپ،
بولۇر ئىش نامۇناسىبلىقغە مەنسۇب.
بۇ كۆركۆزمەككەدۇر خاس ئەيىۇھەن-ناس،
ئاياغ ئورنىدا كۆۋنى كۆرسە بولماس.
ئاياغ ئورنىدا كۆزنى ئەيلەسەڭ زار،
ئۆزۈڭدىن كۆر نېچۈككىم كۆردۈڭ ئازار.»
ئىشىتتى بولدى يۇسۇف چۈن سۇخەن سەنج:
«كى ئەي جانىغە نېدىن كۇلفەتۇ رەنج،
ئەگەر مېھرىمدە سەن چۈن سۇبھى سادىق،
دەم ئۇرمە جۇز مۇرادىمغە مۇۋافىق.
ماڭا ھەر ھال ئىرۇر مەقسۇدى خىزمەت،
خىلاف ئەتمەك نې ئايىنى مۇھەببەت.
كۆڭۈلكىم بولسە يارى مۇبتەلاسى،
رىزايى يار ئىرۇر ئانىڭ رىزاسى.
رىزاسىدىن كېچىپ ئىستەر رىزاسىن،
كۆزىگە سۈرمە ئەيلەپ خاكىپاسىن.
مۇيەسسەر قىلسە گەر بۇ مۇددەئانى،
قولىغە قويغاي ئۇل رۆيى رىزانى.»
دېدى يۇسۇف بۇ سۆزنى ئۇل سەبەبدىن،
قۇتۇلغاي خىزمەت ئەسباب بۇ تەئەبدىن،
كۆرۈپ سۇھبەتدە مۇنداغ فىتنەئى شور،
بولۇپ خىزمەتتە بولغاي ئاندىن ئۇل دور.
سەلامەت پۇختەكىم ئوتدىن ايىراقدۇر،
ئاڭا ئوتدىن يىراقلىق ياخشىراقدۇر.
بىرەۋ كىم يوقدۇر ئوتغە تاقەتۇ تاب،
خۇش ئۇلكىم تۇرغاي ئۆزنى ئاندىن ئاسراپ.

**زىلەيخا ئەسبابى ئەلۋازىماتنى مۇھەييا قىلىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى باغقە ايىبەرگەنى.**

ھېكايەت باغىنىڭ دەستان سەراسى،
رىۋايەت گۈلشەنىنىڭ خۇش نەۋاسى،
بۇ يەڭلىغ ئەيلەمىش شىرىن ھېكايەت،
قىلىپ ئەھلى بەسەرلەرگە بۇ رىۋايەت.
كى يۇسۇف لەئلىدىن بۇ تازە گەۋھەر،
زىلەيخا ئالىدا تۆكتى چۇ شەككەر.
زىلەيخاغە بار ئىردى تۇرفە باغى،
ئىرەم باغىغە ئاندىن ئىردى داغى.
قىلىنمىش ئابى كەۋسەردىن سۇيى مەئمۇر،
ئاچىلمىش ھەر تەرەفدىن گۈلشەنى سۇر.
دەرەختى تازەلەركىم شاخ ئۇزە شاخ،
ھەم ئاغۇش ئەيلەبان بىر-بىرگە گۇستاخ.
قەدەمگاھى چىنارى دامەنى شەرۋ،
ھەمائىل قۇللارى ھەم گەردەنى سەرۋ.
گۈل ئەيلەپ غۇنچەدىن ياشىل ئەمارى،
باشىدا سەرۋى رەئنا چەتر دارى.
بۇ باغ ئىچرە چەمەن دەر سەھنى مەيدان،
كى غۇنچە بەرگى بىرلە گويۇ چەۋگان.
بۇ مەيداندا كىم يوق ھېچ ئافەت.
ئالىپدۇر بارچەدىن گويى لەتافەت.
قەدى رەئناسى بىرلە ئەخلى خۇرما،
رەۋاجى رەۋنەقى باغى تەماشا.
چۇ ھەلۋا خىرمەنى بىر گۇشە ئاندىن،
ئالىپ چۈن خەستە جانلار تۇشە ئاندىن.
چۇ مۇشفىق دايەدەك پىستانى ئەنجىر،
بۇ باغ ئەتفالىغە پۇر شىرەدىن شىر.
ئاڭا ھەر قۇشكىم ئۇل ئەنجىرى خىارە،
قويۇپ ئاغزىن چۇ تىفلى شىرە خارە.

بۇ يەردە كۈن قۇرۇغى لىم دەۋران،
چۇ زەڭگارى مۇشەببەكدىن قۇرۇزان
ئىشەنمەس كۈن شۇئائى بىرلە سايە،
بىرلىپ مۇشبىكى زەردىن يەرگە مايە.
تەھەررۇكدىن سىھى بۇ لەمئەئى زىل،
بولۇپ گۈل دائىرغە زەررىن جەلاجىل.
بولۇپ بۇلبۇللار ئاندىن كەغمە پەرداز،
سالىپ بۇ كاخ ئۇزە ھەريان پۇر ئاۋاز،
دەرەختى سايەئى گۈل سەد ھەزاران،
ئارنقلاردا بىلىقلار شادۇ غەلتان.
سۇپۇرمەككە بۇ سەھنى باغنى خۇب،
تۇتۇپتۇر شايەئى ھەر شاخ جارۇپ،
يەرى سەبزىنە خەتدىن لەۋھى تەئلىم،
سۇيى ئىدراك تارتىپ جەدۋەلى سىيىم،
بۇ لەۋھى جەدۋەلىدىن ئەھلى ئىدراك،
ئوقۇغايلار رۇمۇزى سانىئى پاك.
قىزىلگۈل خۇبلاردەك ناز پەۋەرد،
سارىغگۈلنىڭ يۈزى ئۇششاقتەك زەرد.
سەبا بەرمىش بىنەفشە جەئدىغە تاب،
گىرىھ سۇنبۇل ساچىدىن يازمىش ئاسراپ،
سۇمەن، لالە، گۈلى رەيھان ھەممائۇش،
بولۇپ يەر سەبزەدىن ھەم پۇر نىيان پۇش،
بولۇپ ئارەستە ئەۋۋەل مەسكەنى جۇر،
ئىكى كۈل بىرلە ھەر بىر سەڭگى بىللۇر
كۆرۈنمەي بۇ ئىكەۋدىن فەرق ئەنىدەك،
بەئەينىھ بۇ بىرى، ئول ھەم بىرىدەك،
نە ئاندا تىشەدىن زەخمى تەراشى،
نە ئول زەخمى تەراشىدىن خەراشى.
ئاڭا نى بەندە پەيداۋۇ نى مانەند،
بولۇپ بەند ئاندا بۇ فىكرى خىرەدمەند.
كۆرۈپ ھەركىم تەسەۋۋۇر ئۇيلە دېيدە،
دېگەي بىبەندۇ پەيۋەند ئافەرىدە.
زىلەيخا كۆڭلى تەسكىنى ئۇچۇن گاھ،
قىلۇر ئىردى بۇ جەننەتنى قەدەمگاھ.
بىرى سۇتدىن پۇر ئىردىكىم لەبا لەب،
بىرى پۇر شەھدۇ شەككەر شەربەت ئەيلەپ،
كەنىزەكلەر دەۋامى شادۇ دىل خۇش،
بىرىدىن شىرۇ بىرىدىن شەھد ئىچىپ نۇش.
بۇ ئىككى ھەۋز ئارا قويدۇردى تەختى،
چىقاردى يۇسۇفىدەك لىكلىبەختى.
رىزا چۇن بەردى تەركى سۇھبەتلىغە،
يىتبەردى باغ سارى خىزمەتىغە.
ئوقۇپ چۇن گۈلغە بۇلبۇل داستانى،
كى باغى خۇشۇ شىرىن باغبانى،
چۇ ئەيۋان بىرلە بولسە باغۇ بوستان،
مۇناسىب باغبانى ھۇرۇ رىزۋان.
كەنىزەكلەردە يۈز زىبىلى سۇمەنبەر،
ھەمە پاكىزە دۇختەر پاك گەۋھەر،
چۇ سەۋرى ناز ئاندا قىلدى قايىم،
ئاڭا خىزمەت ئۇچۇن قىلدى مۇلازىم.
دېدى: «ئەي يولدا باشىم پايمالىڭ،
تەمەننۇئ قىل بۇلار بولسۇن خىلالىڭ.
ساڭا گەر مەن ھەرامۇ نارەۋامەن،
ھەلال ئەتدىم بۇ بەيتلەرنى ساڭا مەن.
سېنىڭ ئالدىڭدادۇرمەن گەر ھەرامى،
بۇ مەئىندىن ماڭا كۆپ تەلخ كامى.
كىمنى خاھلاساڭ، قويغىل ئاڭا كام،
قايۇ قۇلغە چۇ مەيلى قىلساڭ ئال كام،
نەچەكىم كام سۇر ياشلىق زەمانە،
ئىرۇر ئەييامى ئەيشى كامرانە.»
كەنىزلەرغە ۋەسىيەت قىلدى بىسيار:
«كى ئەي مەھ رۇيلار، زىنھار، زىنھار،
قىلىڭ يۇسۇفغە سىز جان بىرلە خىزمەت،
كېلۇر گەر ھەر بىرىڭگە زەھر، نۇش ئەت.
قاچانكىم دېسە ئول ئەيلەڭ پىدا جان،
بىلىڭ دەۋلەت ئەگەر جان دېسە جانان.
ئانىڭ ھەر نەۋئى ھۆكمىغە بولۇڭ شاد،
دەۋامى زىرى فەرمانىدا مۇنقاد.
ۋەلې ھەر كىمدىن ئولسە بەھرە بەردار،
كېرەك ئەۋۋەل مېنى قىلغاي خەبەردار.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى



يارىپ چۇن ئارزۇ لەۋھىغە گويا،
نىھان نەقشى فىرىب ئول ناشەكىبا.
كى ھەر كىمنى پەسەند ئەتسە بۇلەردىن،
چۇ بولسە بەھرەمەند ئول سىمبەردىن.
ئۆزى ئالغاي ئانىڭ ئورنىدا پىنھان،
نىھالى سايەسىدىن راھەتى جان،
بۇ رەئنا نەخل ئاستىدا تۇتۇپ جا،
ئوغورلار ئۆزگە ئاندىن سىيىۇ خۇرما.
چىقاردى تەختىغە يۇسۇفنى ئول زار،
قىلۇر جانۇ كۆڭۈل نەقدىنى ئىسار.

كەنىزلەرنى ئاڭا سۆھبەتىغە قويدى،
تۇنۇ كۈن ئالىدا خىزمەتىغە قويدى.
دىلۇ جانۇ ئىكەۋ قالدي گىرىفتار،
ئۆزى تەن بىرلە يولىغە كىردى ناچار.
ئىرۇر ئاشىقغە گەر فەرمانى مەئشۇق،
خۇش ئولغاي كۆڭلىگە ھىجرانى مەئشۇق.
تىلەر مەئشۇق كۆڭلى گەر بۇ سەۋدا،
قىلۇر ھىجران بەلاسىغە شەكىبا.
ئەگەر ۋەسىل ئولماسە گەر خاھىشى يار،
مۇبارەكدۇركىم ئاندىن ھەجىر سەد بار.

تۇن پەردەدارى كۈن شاھىدى جەمالىغە قارا تەجەممۇلدىن پەردە تارتقانى
ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى ئول نۇشىن لەبلەر بىرلە جەننەت ئاسا باغ
ئىچىدە بۇ پەردەغە ئالغانى ۋە كەنىزەكى ماھرويلار ئۆزىگە دۇنيا
قىزىدەك ئارايىش بىرىپ، ھۇسنۇ جەمالىنى يۇسۇف ئەلەيھىس-
سەلامغە ئەرز قىلىپ مەيلى رىغبەت تەمەننا قىلغانى.

ئىرۇر ھەر تۈن سەۋادى زۇلفى مۇشكىن،
فەلەك چۇن بۇ ئۇرۇسى ئىشۋە ئايىن.
قۇلاغىدا ئانىڭ پەرۋىنىدىن ئىنجۇ،
ئالىپ ئىلكىگە ئايدىن ساف كۆزگۇ.
كەنىزلەر غەمزە بىرلە جىلۋەئى ناز،
ھەمە مەككارەلەر ھەم ئىشۋە پەرداز.
چۇ يۇسۇف تەختى ئەترافىدا قائىم،
فۇسۇنى دىلرەبالىق بىرلە دائىم.
بىرى شىرىن لەبىن ئەيلەپ شەكەرريز:
«كى مەندىن كامىڭ ئەتكىل شەككەر ئامىز،
بۇ تەڭگى شەككەرىم بەھەندىنى قىل ۋا،
كىم ئاندىن تۇتىدەك بولغىل شەكەر خا.»
بىرىسى غەمزەدىن ئەيلەپ ئىشارەت:
«كى ئەي ۋەسفىڭ بەھالى تەڭ ئىبارەت
قەدەمگاھىڭ قىلۇرمەن چەشمى بىينا،
كېلىپ ئولتۇر كۆزۈمدە مەردوم ئاسا.»
بىرى چۇن كۆرسەتىپ سەرۋى گۇل ئەندام،
«بۇ قۇن ئالغىل بۇ سەرۋ ئاغۇشىمدىن ئاكام.

قاچان پاتقايسەن ئىشرەت مەھدىدە شاد،
ئەگەر بۇ سەرۋىدىن تاپقايسەن ئازاد.»
بىرى گېيسۇيى مۇشكىن ھەلقە ئەيلەپ:
«كى مەن بىپا بىسەر چۇن ھەلقە ھەر شەب.
ئىشىك ئاچ ۋەسل بەزمى سارى بۇ تۇن،
مېنى خۇد قويماغىل بىھەلقە بىرۇن.»
بىرەۋسى قول كۆتەرمىش ئەيلەپ ئىما:
«كى يەئنى بوينۇڭغە بۇ تەۋقى زىيىبا،
يامان كۆز دەفئى بۇ مەۋزۇن شەمايىل،
بۇ قول بوينۇڭ ئۆزە بولسۇن ھەمايىل.»
بىرەۋ سالىپ بىلىگە ئەنبەرىن مۇ،
بەلى ئەترافىدا گويا كەمەر بۇ.
بېلى ئۈستىدە ئول مۇيى مۇئەنبەر،
كى مويدىن مويى دىگەر تاپتى زىۋەر:
«بېلىمغە يەئنى ئىلكىڭنى شەمەر قىل،
لەبىمغە يەتتى جان ھەردەم نەزەر قىل.»
بۇ يەڭلىغ ئىبردى ھەر بىر ماھ رويى،
قىلىپ يۇسۇف ۋەسالىن ئارزۇيى.

فەرىبىۇ مەكر ئىدىسلەر، بارچە يەكسەر،
بەسۇرەت بۇت بەمەئىنى بۇت پەرەستلەر.
ۋەلىپ ئۇل خۇبلۇق ئەۋجىدە ماھى،
بۇلار خاك ئۈززە بىر سەبزى گىياھى.
بەيان ئەيلەپ بۇلار ئەنبەرزدىن ئايىن،
كى بىر ـ بىر شەرھ ئېتىپ جۇفتىيەتلىدىن.
دىدى ئەۋۋەلكىم: «ئەي زىيبا كەنىزلەر،
جەھان ئەھلى كۆزىدە كۆپ ئەزىزلەر.
بىرىپ ئىززەتنى، ئالماك خارلىقنى،
تۇتۇپ مەھكەم ھەمە دىندارلىقنى.
بارى ئالەمغە باردۇر بىر خۇدايى،
كى گۇمرەھلەرغە ئولدۇر رەھنەمايى.
كەمالى قۇدرەتىدىن ئول خۇداۋەند،
ئالىپ تۇفراغىمىزنى قىلدى پەيۋەند.
گىل ئەيلەپ ئابى رەھمەتدىن، بىرىپ جان،
تىكىپدۇر ئۇشبۇ گۇلغە تۇخمى ئىرفان.
كى تا ئول تۇخمدىن ئۈنگەي نىھالى،
بۇ گۇلشەن سەھنىدە تاپقاي كەمالى.
تاپىپ ئول سەر بەلەندى ئەۋجى ھەستى،
بەر ئولغاي مىۋەئى يەزدان پەرەستى.
پۇرىستىش ماسەۋەللاھغە رەۋا يوق،
كى ئاندىن تاش پۇرىستىشى سەزا يوق.
كەل ئەمدى، تا ئاڭا قىلغىل پۇرىستىش،
زەۋالى ھىچ ئېرۇر ئاندىن بىلۆلەك ئىش.
سۇجۇد ئەتمەككە باش بەردى ساڭا ئول،
كى سەجدە بىرلە تاپقايسىز ئاڭا يول.
خىرەدمەندى نىبىدىن قويغاي ئاڭا سەر،
كى پاۋۇ سەر ئاڭا بولغاي بەرابەر.
بۇتى سەڭگىن ئۆز ئىلكى بىرلە يونغاي،
مۇھەببەت بىرلە باش ئۇرغاي تابىنغاي.
ئېرۇر مەئلۇمكىم تاشدىن نە ھاسىل،
تاش ئالدىدا باش ئۇرماقدىن نە ھاسىل.
بۇ تاش مەئبۇد ئېتىپ قىلساك ئىتائەت،
خىجالەتدۇر، خىجالەتدۇر، خىجالەت.»
نەسىھەت بىرلە يۇسۇف تا سەھەر گاھ،

بۇ غافىللارنى قىلدى ھەقدىن ئاگاھ.
سەناسىغە تىل ئاچتىلار بەيەكبار،
كى ئەمرىغە ئىتائەت ئەيلەپ ئىزھار.
بۇلار بىر ـ بىر شەھادەت ئەتتى تەلقىن،
بۇ شەككەردىن بارىنىڭ ئاغزى شىرىن.
خۇشا، شەھدىكى ھەركىم بەھرە ئالدى،
تەمامى تەلخىنى كەينىگە سالدى.
بولۇرمۇ كۆپ دەيۇ بۇ بىسە ئادەت،
كى يەتمەي زەخمى ئەنگۇشتى شەھادەت.
كۆزى زەخمدىن ئول ئاسراپ ئۆزىنى،
شەھادەت ئىلكىدىن ئويدى كۆزىنى.
سەھەرگاھ ۋەقتى ئېردى دافى ئەۋراد،
يېتىپ كەلدى زىلەيخا خۇررەمۇ شاد،
گۇرۇھى كۆردى گەردا گەرد يۇسۇف
ھەمە تەئلىم ئۇچۇن شاگىردى يۇسۇف.
بارى بۇت سىندۇرۇپ ئۆزلىش چۇ زۇننار،
تاپىپ تەسبىھدىن سەر رىشتەئى كار.
قىلىپ تەكرار تەۋھىدى خۇداۋەند،
ھەمە خىزمەتدە يەكسان تازە پەيۋەند،
دىدى يۇسۇفغە: «ئەي ھاسىل ساڭا كام،
ماڭا ناكاملىقدىن يوقتۇر ئارام.
ئېرۇرسەن فەرقى سەردىن تا تەھى پاي،
دىل ئاشۇبۇ دىل ئارامۇ دىل ئاراي.
يۈزۈڭدە ئۆزگەچە ئەنۋار بۇ كۈن.
جەمالىڭدا ئەجەب ئاسار بۇ كۈن.
نى خورەك ئولغاي ئېردى ئىختىيارىڭ،
ئەجەب زىيب ئەيلەمىش رۇخسارى بارىڭ.
نىدىن بولدۇڭ يەنە بۇ نەۋئى زىيبا،
جەھان رەئنالارىدىن تۇرفە رەئنا.
مەگەركىم سۆھبەت ئەيلەپ نازەنىنلەر،
سۇمەن رۇخسارەلەر سىيمىن سەرىنلەر.
ساڭا كەلتۇردى بۇ ھۇسنۇ جەمالى،
جەمالىڭغە نىھايەتسىز كەمالى.
بەلى چۇن مىۋە ئالۇر مىۋەدىن رەڭ،
چۇ كەسبى ھۇسن ئېتەر خۇبانى ھەمتەڭ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاڭا بۇ نەۋبەتنى سۆزلەر ئايدى بىسيار،
ۋەلې ئول زاھىر ئەتمەي ھېچ گۇفتار.
دېمەي سۆز غۇنچە ئاغزىن تەڭگى ئەيلەپ،
ھەيادىن رۇخلارىن گۈلرەڭگى ئەيلەپ.
خىجالەتدىن كۆتەردى باش ھەۋاغە،
نىگاھىن قىلمايىن ئول پۇشتى پاغە.

زلەيخا كۆردى بۇ نامېھرىبانلىق،
نې ئاندىن مەرھەمەت نې ھەمزەبانلىق.
تۇتاشتى جانىغە ھەسرەت ئوتى ئاھ،
بۇ داغى نائۇمىدى قىلدى جانگاھ.
ۋىدائى جان قىلىپ يولغە ئۇرۇپ گام،
كى ياندى كۈلبەئى ئەھزانىغە ناكام.

**زلەيخا دايە ئالىدا زارى تەزەررۇئ تۈزگەنى، ۋە سىلەئىكىم،**
**يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغە مۇۋاسەلەت سەبەبى بولغاي دەپ**
**ئىلتىماس كۆرگۈزگەنى!**

زلەيخا نەچچەكىم قىلدى تەمەللۇق،
مۇھەببەت بىرلە ئىزھارى تەئەللۇق.
ئاشىپ چۇن ھەددىن ئىستىغناسى ئانىڭ،
زلەيخا باشىدىن سەۋداسى ئانىڭ.
چۇ بىر تۇن خىلۋەت ئىيردى ھېچ ئەغيار،
زلەيخا كۆڭلى ئېردى غەمدىن ئەفكار.
قاتىغە دايەنى كەلتۈردى بۇ دەم،
ئول ئېردى دەردۇ غەم ۋەقتىدە ھەمدەم.
مۇھەببەتدە ئەيلەپ ئولتۇرغۇزدى ئانى،
ئاڭا فاش ئەتتى بۇ سىررى نىھانى.
دېدى: «ئەي جىسمىمە تابۇ تەۋانىم،
ھەمىشە سۇھبەتىڭ قۇۋتى رەۋانىم.
تەماشا ۋەقتى باغى گۈلشەنىمسەن،
قارا تۈنىمدە چىراغى رەۋشەنىمسەن.
ئەگەر جاندۇر سېنىڭ پەرۋەردىگىڭدۇر،
تېنىم ئىشرى مۇھەببەت خوردىگىڭدۇر.
ئاناڭدىن كۆرمەدىم مەن بۇ مۇھەببەت،
كى جانىمغە قۇۋەت سەندىن تەنىمغە قۇۋۋەت.
كۆرۈپ مېھرىڭنى بۇ ساماناغە يەتتىم،
ۋەلې ھىجران غەمىدىن جانىغە يەتتىم.
نې بولغايكىم تەرىقى مېھرىبانلىق،
يەنە ئىزھار ئېتىلىپ بۇ نۇكتەدانلىق.
كى مەقسەد بولىدا گام ئۇرساڭ ئاخىر،
مۇرادىمغە مېنى يەتكۈرسەڭ ئاخىر.

قاچانغىچە ھەجردە بولغايمەن رەنجۇر،
ئۇشول جانى جەھاندىن زارى مەھجۇر.
چۇ بۇ يەڭلىغ ماڭا بىگانەدۇر يار،
نې ھاسىل گەر ماڭا ھەمخانەدۇر يار.
چۇ مەئشۇق ئىرسە ئاشىقدىن گۇرېزان،
دېسە بولماس ياۋۇق كەز مەھرەمى جان.
ئەگەر يوق ئىتتىسالى جان ئىلە دىل،
بۇ ئابۇ گىل مۇلاقاتى نە ھاسىل.»
جەۋاب ئايدىكى دايە: «ئەي پەرىزاد،
بۇ ئىشدىن غەم يېمە، تۇت خاتىرىڭ شاد.
جەمالىڭنىم ساڭا بەرمىش خۇداۋەند،
قىلۇر غارەت دىلۇ جاندىن خىردمەند.
ئەگەر نەققاشى جان ئەيلەپ تەمەننا،
چېكەر بولسە ئانىڭدەك نەقشى زىبا.
سېنىڭ شەۋقىڭدە بۇتلار زىندە بولغاي،
يۈزۈڭ كۆرگەي، دىلۇ جان بەندە بولغاي.
جەمالىڭ كۆرسە گەر تاغ ئاشكارا،
ئالۇر ئىشقىڭنى پىنھان سەڭگى خارا.
بەناگەھ باغ ئارا قىلساڭ خىرامى،
كىرەر جۇنبىشقە خۇشكى تەر تەمامى.
چۇ ئاھۇ كۆرسە گەر سەھرادا ناگاھ،
تۇزار مىژگانلارى بىرلە خەسى راھ.
شەكەرخاھ لەئل ئىلە بولساڭ فۇسۇنخان،
سۇدا ماھى ھەۋادا مۇرغى غەلتان.

بۇ رەشىنالىق بىلە ھەۋەسنۇك كەمالنى،
نىسىدىن يەتكەي بۇ جانىمىدىن مەلالنى.
ئۆزۈلۈك ھەم تەزگەنىپ قىل مەيلى رىغبەت،
زەبۇنلۇق مۇنچە بولۇرمۇ بەغايەت.
چۇ غەمزە ئوقىغە قاشىڭ كەمان قىل،
نىگارى سەيد جانى دىلستان قىل،
خەمى زۇلفۇڭدىن ئەت مەھكەم كەمەندى،
قىل ئانى ۋەسل بەزمى پايبەندى.
يۈزۈڭنى كۆرسەتىپ يۈزلەندۈر ئانى،
ساڭا ھەمرازۇ ھەمراھمۇ، كۆر ئانى.
نەزەرگاھىڭدا ئەيلەپ ئىشۋەئى ناز،
قەدى جىلۋە بىلە بول جىلۋە پەرداز.
بۇ نەۋئى ئوشلۇب ئىلە كۆڭلىنى ئال،
ئىچكىنە ئىشق تابىدىن شەرەر سال.
لەبىڭ قىل خەندە بىلە شەككەر ئەفشان،
قىل ئانى ھەر زەمان شەھدىڭغە مەيلان.
يۈزۈڭدە خالنى مۇشكىن دام قىلغىل،
ئانىڭ شەۋقىدە بىئارام قىلغىل.
نەزەردە كۆيى سىيمىن قىل نەمايان،
سەر ئەفراز ئەت ئانى مانەندى چەۋگان.»
زۇلەيخا ئايدى: «ئەي فەرزانە مادەر،
مەن ئۆز ئەھۋالىمە بىسيار مۇزتەر.
كۆز ئاچىپ قىلماس ئول ھەرگىز نىگاھى،
نېچۈك جەۋلان قىلاي ئاندا گاھى.
قىيا باقماسمەن ئۆلسەم ئول تالۇن ئاي،
كۆز ئاچماس گەرچە مېھرى ئالەم ئاراي.
ئەگەر كۆز نۇرى بولسام مەردۇمەك سان،
كۆزىگە كىرمەك ئولماس ھەرگىز ئاسان.
مېنىڭ سارى قىلۇر بولسە نىگاھى،
سوب راھالىمغە يەتكەي مېھردى گاھى.
قىلىپ تەئسىر ئانىڭ كۆڭلىدە بۇ غەم،
غەمىم بۇ نەۋئى بولماس مېھردى مەھكەم.
نې تەنھا ئافەتىم زىبالىغىدۇر،
بەلا باشىمغە ناپەرۋالىغىدۇر.
ئەگەر پەرۋاسى بولسە مەندىن ئول يار،
بۇ يەڭلىغ بولماس مېھردى كۆڭلۈم ئەفكار.»
جەۋاب ئايدى يەنە فەرزانە دايە:
«كى ئەي ھۇرى يۈزۈڭدىن بىر ھىكايە.
مېنىڭ كۆڭلۈمگە يەتتى بىر خەيالى،
ساڭا يۈزلەنگەي ئاندىن نىك ھالى.
ۋەلې ۋەقتى مۇيەسسەردۇر بۇ ئەسرار،
كى سىينەم زەر مۇيەسسەر بولسە خەرۋار.
ئىرەمدەك ئەيلەسەم دىلكەش بىنايى،
قالىپ ئوزەتكەشى مۇئجىز نەمايى.
دەرۇ دىۋار ھەر ئەترافى خانە،
يازىپ ھەر يەردە بۇ نەقشى يېگانە،
ھەمە نەقشى نىگارى ئول ھۈنەركۆش،
سېنىڭ شەكلىڭ بىلە يۇسۇف ھەم ئاغۇش.
چۇ يۇسۇف ھەر زەمان ئولتۇرسە، ئەي جان،
سېنى كۆرسە ھەم ئاغۇش ئاندا ھەريان.
قىلۇر مېھرى جەمالىڭ ئانى ناچار،
بولۇر جان بىرلە ۋەسلىڭغە تەلەبكار.
مۇھەببەت ئىككى ياندىن قىلسە جۇنبىش،
تەمام ئولغاي كۆڭۈلدە بولسە ھەر ئىش.»
ئىشىتتى دايەدىن چۈن بۇ ھېكايە،
زۇمرۇ سىيمۇ نېكىم بار بېردى مايە.
ئاڭا قىلدى تەسەررۇف ئىلكىنى شاد،
كى بۇ سەرمايە بىرلە قىلدى ئاباد.

**دايە ئەمارەت شۇغلىدا ئىھتىمام كۆرگۈزۈپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام بىرلە ئاندا مۇندەرىج قىلىپ، بۇ بىنايى ئەدىمۇل - مىسالنى ئول ئىككى مۇنيا تىمسالنى قاغى بىرلە ئىتمامىغە يەتكۈزگەنى.**

بۇ نەۋئ ئايتۇر خەبەر دانايى مېئمار،
ئىمارەت شۇغلى دايە قىلدى ئىزھار.
مۇيەسسەر قىلدى بىر ئۇستادى كامىل،
ھەر ئەنگۈشتىدە يۈز مىڭ ھىرفە ھاسىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇھەندىس رەسمىغە كار ئازما ئول،
رەسەد قانۇنلارىغە رەھنەما ئول.
ئانىڭ تەقرىرىدىن ھەر مۇشكىل ئاسان،
ئانىڭ تىغىدا ئوقلىندۇس ھەراسان.
چۇ ھاسىل بولماسە ئىلكىدە پەركار،
ئىلىكدە كارى پەركار ئەيلەپ ئىزھار.
چۇ خەت يازماغلىق بولسە تەبئىغە خاست،
بۇ ئىش مەستەرسىز ئېردى سەفھەدە راست.
چىقىپ چۇن مەنزىل ئەيلەپ تاقى ئەتلەس،
زۇھەل ئەيۋانىغە ئەيلەپ مۇقەررەس.
قولىغە ئالسە ناگاھ تىشەئى گەرم،
تاش ئولغاي ئېردى خىشتى خامدەك نەرم.
چۇ فىكىر قىلسە گەر تەرراھلىق ساز،
تۇمەلمىڭ تەرھى زىبا ئەيلەپ ئاغاز.
بىنارى ئالەم ئىماراتى سەرى بىرۇن،
ئانىڭ ئالىدا ئېردى رويى ناخۇن.
چۇ بەرسە ئافەرىنىش نەقشى نەرتىب،
تاپىپ لەۋھى ۋۇجۇد ئول خانەدىن زىيب.
نې تەسۋىرىكىم ئىلكىدىن ھۇۋەيدا،
بولۇپ ئاندىن جەھانى زىندە پەيدا.
چۇ تاشقە قىلسە قۇش تەسۋىرى ئاغاز،
تاش ئالدىن قىلغاي ئېردى چۇست پەرۋاز.
چۇ بۇ ئۇستاد دايە ھۈكمىدىن زۇد،
سەرايى قىلدى بۇنياد ئول زەر ئەندۇد.
سەفايى سۇففەسى چۇن سۇبھى ئىقبال،
قەزايى خانەسى ھەم گەنجى ئامال.
ھەمە فەرشى مەمەرى سەڭگى مەرمەر،
مۇۋەسسەل ئابنۇسى ئاجدىن دەر.
ھەمە بەربەر ئىچىدە يەتتە خانە،
چۇ ھەفت ئول رەڭگى يەكتايى زەمانە.
مۇرەتتەب ھەر بىرى بىر رەڭگىدىن سەڭ،
ھەمە سەيقەل بېرىگىلىك سافۇ خۇشرەڭ.
ئۆيى يەتتىنچىسى چۇن چەرخى ھەفتۇم،
كى ھەر نەقشىدەك ئاندىن ئايدىيۇ گۇم.
قىلىپ ئالتۇن سۇتۇنلار ئاندا بەرپا،
يازىپ ھەر جانىۋەر شەكلىنى زىبا.
ئېتىپ ھەر تۇرلۇك ئاستىن ئاھۇيى زەر،
قىلىپ چۇن نافەسىنى مۇشكى ئەزفەر.
پۇر ئەز تاۋۇسى زەررىن سەھنى ئەيۋان،
مۇرەسسەئ دەملەرى بىرلە خىراماں.
دەرەختى سەركەش ئېردى ئورتاسىدە،
مىسالىن كۆرمەگەندۇر ھېچ دىيدە.
ئاڭا ئېردى كۈمۈشدىن نازەنىن ساق،
يۇتاقى زەررىدىن فىرۇزە ياپراق.
بۇ ھەر شاخىدا بىر قۇش ئېردى تەييار،
زۇمۇررەد بال ئېردى لەئل مىنقار.
ئەجايىب بىر دەرەختى سەبزە خۇررەم،
خەزاندىن ھېچ شاخى كۆرمەيىن خەم.
تەمامى قۇشلارى ھەم خەلمەغە رام،
ئالىپ بىر يەردە سۇبھۇ شام ئارام.
بۇ ئۆيدە ھەر تەرەف، ھەر يەردە پەيدا،
مىسالى يۇسۇفۇ نەقشى زىلەيخا.
ئىكى چۇن ئولتۇرۇپ مەئشۇقۇ ئاشىق،
دىلۇ جان بىرلە ھەر ئىككى مۇۋافىق.
بىرەۋ بىر ياندا لۇتف ئەيلەپ شەكەر لەب،
بۇ بىر ئول لەبكە ھەردەم بۇسە ئەيلەپ.
يەنە بىريان بۇ سائىل، ئۇشبۇ مەسئۇل،
بۇ بىر ئانىڭ لەبىن يەزمەككە مەشغۇل.
كىشىگە بولسە بۇ سۇرەت نەزەرگاھ،
يىغلەپ ئاغزىغە ھەسرەتدىن سۇ ھەرگاھ.
ئەجەب ماھىكى مېھرى ئىككى قەرداش،
چىقارىپ ھەر كىرىبان چاكىدىن باش.
نەزەردە ھەر تەرەف ھەر رويى دىۋار،
بەھارى فەسلى يەڭلىغ باغى گۈلزار.
نې يەركىم ئاندا گۈلگۈل ئاچىلىغلىق،
بۇ ئىككى تازە شاخى چىرماشىغلىق.
ئاچىلمىش فەرشىدىن ھەر يەردە چەندان،
ئىكى گۈل ھەر ئىكەۋ ھەمخابە ھەريان.
بۇ ئۆيدە يوق ئىدى، ئەلقىسسە، جايى،
كى يوق بولغاي بۇ ئىككى دىلرەبايى.

كۆز ئاچىپ باقسە ھەريان ئاندا ھەرھال،
كۆرۈنۈپ ھەر قايان بۇ ئىككى تىمسال.
چۈنكى بولدى ئۇل بۇ سۇرەتلىغ مۇھەييا،
فۇزۇن ئولدى تەخى شەۋقى زۇلەيخا.
قاراپ ھەر نەۋبەت ئۇل بۇتخانەغە بۇ،
كۆڭۈل شەۋقىدىن ئەيلەپ ھەر زەمان سۇ.
بەلى كۆرسە چۇ ئاشىق نەقشى جانان،
بولۇر ئۇل نەقشىدىن بىر شەۋقى چەندان.
قىلۇر بۇ شەۋق ئوتى ھەردەم بولۇپ تىز،
ئەسىرى شەۋق داغى ئاتەش ئەنگىز.

زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى ئۆيىگە تەكلىف قىلىپ، جەمال ئىشتىياقىدىن ۋىسال تەمەننا سىغە مۇراد تىلەگەنى.

چۇ ئىستىمامىغە يەتتى بۇ ئىمارەت،
زۇلەيخا بەرمەك ئىستەپ زىبۇ زىينەت.
بۇ ئۆيلەرغە سالىپ فەرشى ھەرىرى،
جەمال ئاشتى قويۇپ زەررىن سەرىرى.
مۇرەسسەئ گەۋھەرىن ئەيلەپ قەنادىل،
رەياھىندىن مۇئەتتەر قىلدى ھاسىل.
ھەمە بايىستەلەرنى قىلدى بەرپا،
بىساتى ئەيشۇ ئىشرەتىنى مۇھەييا.
بۇ ئىشرەتخانە ئىچرە قىلدى تەكلىف،
كىرەكىم ھېچ ئالار ۋەسلىن يۇسۇف.
بىھىشت ئولسۇن گەر ئولماي ۋەسلى جانان،
ئېرۇر ئۇل ئاشىقى بىدىلغە زىندان.
بەس ئاندىن ئانچە ئەيلەپ ئېھتىمامى،
كەمالى جەھد ئىلە سەئيي تەمامى.
تىلەپ يۇسۇفنى ئىلتىپ بۇ ھەرەمگاھ،
ئانىڭ قىلغاي مەقامى ئىززەتۇ جاھ.
جەمالى بىرلە قىلغاي ئىشقبازى،
ۋىسالى بەزمى كۆرگەي دىلنەۋازى.
لەبى جان بەخشىدىن ناگەھ تاپىپ كام،
كى زۇلپى سەركەشىدىن تاپقاي ئارام.
ۋەلې ئەۋۋەل ئۆزىگە بەردى زىيۋەر،
كى تا يۇسۇفنى قىلغاي ئۆزگە ھەمسەر،
يوق ئېردى ھېچ زىۋەر ئېھتىياجى،
ئۆزىگە بەردى لىك ئەفزۇن رەۋاجى.
ئەگەرچە باغ ئارا گۈل خۇبۇ مەرغۇب،
ۋە لېكىن ئەقد شەبنەمدىن تاخى چۇب.
قىزىلگۈل رەڭگىگە ئۇل غازە قىلدى،
لەتافەتنى دو چەندان تازە قىلدى.
ھىلالى ۋەسمەدىن تاپتى فەزايىش،
كىم ئۇل قەۋسى قۇزەھ تاپتى نەمايىش.
ئۆرۈپ ھەريان بۇ زۇلفى ئەنبەرىننى،
گىرىھ بىر-بىرگە قىلدى مۇشكى چىننى.
قارا كۆزىگە تارتىپ سۇرمەئى ناز،
سىيەھكارى جەھانغە قىلدى ئاغاز.
سالىپ چۇن ئارقەسىغە گىسۇلارنى،
مۇرەسسەئلەپ جەۋاھىردىن بۇلارنى.
قويۇپ ھەم جاي ئۇل ھەم ئەنبەرىن خال،
قىلىپ جانانغە ئەرزى سۇرەتى ھال.
كى ئوت تۇشتى، تۇتاشتى سەركەش ئولدى.
دىلۇ جانىم پەسەندى ئاتەش ئولدى.
يازىپ خەت نىلىدىن ئۇل ئايغە چۇن مىل،
جەمالى مىسرى ئاباد ئەتتى ئۇل نىل.
ئەمەس ئۇل خەتتى نىلى ئاي يۈزىدە.
كى مىل ئېردى يامانلارنىڭ كۆزىدە.
دېمە نەرگىس كۆزى مەشاتە قىلمىش،
ئىلىكىدىن سۇرمە مىلى ئاندە قالمىش.
چۇ سىيمىن پەنجەسىغە رەڭگىدىن زىب،
بىرىپ بۇ رەڭ فەرىبى مەكر تەرتىب.
كى تا ئىلكىگە كەلتۇرگەي دىلى يار،
بۇ نەۋئ ئەيلەپ فەرىبى مەكر ئىزھار.
كەفىغە چەكتى نەقشى رىزە كارى،
كى تا ئالغاي ئاكا زىبا نىگارى.
يۈزىنى ئەرغەۋانى ئەيلەپ ئۇل ماھ،
چۇ ئەشكى ئەرغەۋاندىن قىلدى ئاگاھ.

www.uyghurkitap.com



بۇ نەۋۇ ئەيلەپ فەردىي سەنئەت ئارا،
شەفەقدىن قىلدى ئانى ئاشكارا.
سەئادەت بۇرجىدىن تاكىم ھىلالى،
ۋىسالى ئەبدىدىن بولدى مىسالى.
يۈزى تەرفىدە ئەيلەپ گۈشۋارە،
قىران قىلدۇردى ئاي بىرلە ستارە.
كى بولغاي مەقسەدى دۇنياۋۇ ھەم دىن،
بۇ ئىككىنىڭ قىرانىدىن مەقارىن.
بولۇپ چۇن تازە غۇنچە بەۋ جەۋانى،
كىيىپ قات ـ قات لىباسى ئەرغەۋانى.
بەدەنگە ئولدى كۆكلەك چۇن مەقارىن،
سۇمەن دامانىنى تۇشقاردى گۇلدىن.
كۆرۈنگەي كۆزگە گەر قىلساڭ تەئەممۇل،
زىلالى ساف بىرلە لالەئى گۇل.
ئەجەب ئابىكى تۇتمىش ئاندا ئارام،
ئىكى ماھىكىم ئولغاي نۇقرەئى خام.
قۇلى دەستىنەدىن چۇن تاپتى زەۋنەق،
چۇ ئىككى ماھى ئالتۇندىن مۇتەۋۋەق.
ئىكى سائىدكىم ئىككى شاھىدى ساق،
كى ئالەمگىر ھۇسنى قاف تا قاف.
قىلىپ نازۇك تەنىغە پىرەھەن راست،
ئۆزگە بەردى زىۋەر بىكەمۇ كاست.
كىيىپ دىبايى زەركەش مىسرىيۇ چىن،
بولۇپ ئاراستە بۇ رەسمى ئائىن.
بۇتى چىن قىلدى مۇنداغ نازەنىنلىق،
پەرى يوق بۇ سىپەت ھەم مەھ جەبىنلىق.
ھەزاران شىۋە بىرلە يۈز تۈمەن ناز،
كىرىپ جەۋلانغە بولدى ھەلقە پەرداز.
ئالىپ سىيرابى لەئلى خۇشكى زەررىن،
مۇرەسسەئ تاجكىم دۇررۇ گۆھەردىن.
قويۇپ چۇن خىرمەتى مۇشكى ئۇزە تاج،
كى رەخشانلىقدا ئاي ـ كۈنكە ئۇرۇپ كاج،
بۇ زىبىبالىق بىلە قوپتى شتابان،
چۇ تۈي سەھىندە تاۋۇسى خىرامان.
خىرامان ئىلكىدە كۆردىيۇ كۆزگۈ،
ئۆزىن كۆرمەك خەيالى بىرلە ئۇترۇ.
يۈزى ئەكسىنى چۇن كۆردى مۇقابىل،
ئەيارى نۇقدىنى چۇن تاپتى كامىل.
كۆرۈپ ئۆز نەقدىنى ئول ساف مىئيار،
بۇ نەقدىغە تەلەب قىلدى خەرىدار.
كىشى يۇسۇفنى كەلتۇرمەككە فىلھال،
يىبەردى پەي ھەم ئول كەلتۇردى ئىقبال.
كىرىپ كەلدى بەناگەھ جان چۇ ماھى،
ئۇتارىد ھەشمەتى خۇرشىد جاھى.
ۋۇجۇدى ئابى گىل ئاسارىدىندۇر،
دەرەخشان تەلئەتى نۇرى ئەلا نۇر.
جەھان رەۋشەن ئانىڭ بىرلەمئەسىدىن،
خىجىل ئاي ـ كۈن ئانىڭ بۇ تەلئەسىدىن.
ئانىڭ بىر ھەرفى ھەريان داستانى،
جەھان بىر خەندەسىدىن گۇلستانى.
نەزەردە چۇن كۆرۈندى تۇرفە نۇرى،
يۈكۈردى شەۋقدىن، قالماي شۇئۇرى.
زىلەيخانىڭ كۆزى چۇن تۈشتى ناگاھ،
كى شەۋقىدىن تۇتاشتى شۇئلەئى ئاھ.
تۇتۇپ ئىلكىنى: «ئەي پاكىزە سىيرەت،
كى نۇرى دىدەئى ئەھلى بەسىرەت.
ئەئالەللاھ، نە ياخشى بەندەدۇرسەن،
نى لۇتف ئىھسانكى بار ئەز زىندەدۇرسەن.
قىلۇرمەن قۇللۇغۇڭغە ئانچە نازىش،
بىلۇرمەن مىننەتىنىڭ تەۋقىن نەۋازىش.
كەل ئەمدى، بۇ كۈن ئولغۇم ھەق شۇناسىڭ،
كەمالىغە يەتۇرگەيمەن سىپاسىڭ.
قىلاي لۇتفۇ كەرەمنىڭ خانىنى ساز،
جەھان تا باقىيدۇر فاش ئولماسۇن راز.»
ئوقۇپ ئەفسانەئى ئەفسۇن بۇ مىنۋال،
ئالىپ ئەۋۋەلقى ئۆيگە كىردى فىلھال.
ئىكەۋ ئالتۇن قابۇغدىن ئۆتتى بۇ دەم،
كى قۇفلى ئاھەنىندىن قىلدى مەھكەم.
ئىشىك بەند ئەيلەپ، ئاچتى مۇھرەئى لەب،
بۇ تۆكتى رازى دىلنى، ئول مۇخاتەب.

دىدى ئەۋۋەلكىم: «ئەي ئارامى جانىم،
كۆڭۈل مەقسۇدى بەس، ئەي دىلىستانىم.
جەمالىڭ تۈشدە كۆردۈم تىغل ئىكەن چاغ،
دىلۇ جانىم بۇ دەمگە داغ ئۈزە داغ.
كەل ئەمدى، ۋەسلىدىن بەرگىل ماڭا كام،
كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، كۆڭلۈمدە ئارام.
بۇ سەۋدادىن مىنى دىۋانە قىلدىڭ،
غەمۇ مىھنەت بىلە ھەمخانە قىلدىڭ.
بۇ دەردۇ غەم بىلە بىچارەدۇرمەن،
بۇ كىشۋەردە غەرىب ئەۋۋارەدۇرمەن.
بۇنەۋئ سەندىن ماڭا ئاۋارەلىكدۇر،
غەمىڭدە بۇ نىچۈك بىچارەلىكدۇر؟
يۈزۈڭ كۆرمەك بىلە كۆڭلۈم ئىرۇر شاد،
ۋەلى يۈزسۈزلۈكۈڭدىن دادۇ فەرياد.
بۇ يۈزسۈزلۈكدىن ئۆت، كەلتۈر ماڭا يۈز،
دەمى مىھر ئەيلەگىل، سالغىل ماڭا كۆز.»
باشىن ئالىپ دىدى چۇن يۇسۇف: «ئەي ماھ،
ساڭا قۇلدۇر مىنىڭدەك يۈز تۈمەن شاھ.
مىنى غەم بەندىدىن بۇ دەم قىل ئازاد،
بۇ دەم ئازاد ئىتىپ قىل خاتىرىم شاد.
نىچۈك ئىشدۇركى بۇ شاھانە سەن، مەن،
بۇ يەڭلىغ پەردەدە تەنھا سەنۇ مەن.
سەن ئۆت كانىسەنۇ مەن پەنبەئى خۇشك،
چۇ سەرسەر سەنسەنۇ مەن نەغچەكى مۇشك.
قاچان بۇ پەنبە بولغاي ئۆتغە ھەمسەر،
نىچۈك ئول نەغچە بۇ ئۆتقە بەرابەر.»
زىلەيخا تىڭلاماي ھەرگىز بۇ ئەقۋال،
ئالىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى فىلھال.
ئاڭا ھەم دەر مەھەل قۇفل ئۇردى بىباك،
كى يۇسۇف كۆڭلى غەمدىن بولدى سەد چاك
يانا باشدىن زىلەيخا نالە تۈزدى،
كى ئەرزى ھالى چەندىن سالە تۈزدى.
دىدى: «ئەي كامى دىل، ناكام تا كەي،
دىل ئارامىڭ بىئارام تا كەي.
قاچانغە سەندىن ئولغاي سەر بەلەندى،

كى سەر پەستىيۇ مەندىن مۇستەمەندى.
يولۇڭدا باشىم ئەتسەم نىچە پامال،
ساڭا سەركەشلىك ئارتار بۇ نىچۈك ھال.
بەھا بەردىم تەھى ئەيلەپ خەزائىن،
فىدا قىلدىم مەتائى ئەقلۇ ھەم دىن.
كى تا دەردىمغە سەن بولغايسە دەرمان،
نى ئەمرىكى قىلۇرمەن بەندە فەرمان.
نى ئەمرىمغە بىرىپ بۇ نەۋئى تەغيىر،
كى قىلغايسەن بۇ نەۋئ خىزمەتدە تەقسىر.
نى سۆزكىم دەرمەن، ئەيلەپ سەن ئىتائەت،
بەجا كەلتۈر ماڭا بۇ نەۋئى خىزمەت.
دىدى: «ئىسياندا يوق فەرمانبەر ئولماق،
ئەمەس تائەت دۇرى ئىسيانگەر ئولماق.
ھەر ئىشكىم ناپەسەندى ئىززەدى پاك،
ئانىڭدىن نازەنىن جاندۇر ئەلەمناك.
ئول ئىشقە بولماسۇن ھىچكىم شۇناسا،
قىلۇرغە تاپماسۇن دەستى تەۋانا.»
بۇ ئۆيدە قىلدىلار ھەم سۆزنى ئاخىر،
يانا بىردە ئىكەۋلەن بولدى ھەمسىر.
زىلەيخا قۇفل ئانىڭ ئىشكىگە ئۇردى،
يەنە ئەفسانەۋۇ ئەفسۇنغە تۇردى.
بۇ دەستۇر ئىردىيۇ لەھزە ئاڭا ھال،
كى ئۆيدىن ئۆيگە چۇن ئىلتىپ بۇ مىنۋال.
مۇرادى ئالتە ئۆيدىن ھاسىل ئولماي،
تەمەئ كۆڭلىدىن ئانىڭ زائىل ئولماي.
قەدەم يەتتىنچى ئۆيگە ئۇردى ئول دەم،
كۇشايىش ئىستەبان يەتتىنچىدىن ھەم.
بەلى يوقدۇر بۇ يولدا نائۇمىدى،
قارا تۈنىنىڭ بولۇر روزى سەفىدى.
دەرى ئۇمىد ئاچىلماس گەرچە سەدبار،
يۇتۇپ قان نائۇمىد ئولتۇماغىل زار.
دەرى دىگەر قاقىپ كۆرگىلكى ناگاھ،
كىم ئاندىن تاپقاسەن مەقسەد سارى راھ.
(داۋامى كىيىنكىساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەزھەرى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۈسۈپ

## غەزەللەر

ئەي زۇھۇرى، ئافتابىڭدىن تۈشۈپ ئەئيان ئارا،
زەررە يەڭلىغ ھەر تەرەف جان ئەۋرۇلۇر ئەبدان ئارا.
ئەيلەدىڭ بارى ئەمانەتكە ئەمىن ئادەمنىكىم،
بۇ جەھەتدىندۇر زۇھۇرى كامىلىڭ ئىنسان ئارا.
گەر تەجەللىئى جەمالىڭدىن چەمەندە بولماسا،
نېدۇر ئەفغان قىلماغى بۇلبۇلغە ھەم بوستان ئارا.
جۇملە ئەشيادۇر نىھالى ئىشتىيالىڭغە تانۇق،
كىمكى ئارىفدۇر ئاڭا بۇ راستدۇر يالغان ئارا.
تا سېنىڭ سەۋدايى زۇلفۇڭ تۈشكەلى ھەر باشقە،
يۈز تۈمەن غەۋغا تۈشۈپدۇر جۇملە ئىنسۇ جان ئارا.
ئول بەلى ھۆكمىدە بولدى جانىمە يۈز مىڭ بەلا،
دەردۇ غەم، مەھزۇن كۆڭۈلگە مېھرى ئىشقىڭ جان ئارا.
مەزھەرى، بولغىل قەنائەت كۇنجىدا ۋەيرانە تۇت،
زاھىر ئۇلغاي گەنجلەر شايەد ساڭا ۋەيران ئارا.

* *

تۇتىئى خەتتىڭ بولۇر ئايىنەگە ئولدەم شىكار،
يوق ئەگەر بولسە يۈزىدە جەۋھەرى زەڭگى غۇبار.
گاھۇ ۋەھشىنى سەيد ئەتمەككە پىنھان دام ئۇرار،
بولماسا ئايىنەيۇ سۇ ئىچرە جەۋھەر بىرلە تار.
جەم ئەمەسدۇر سەنسىزىن ھەر كىم قولىدا بولسە جام،
بولماغى مۇمكىن ئەمەس ئىسكەندەر ئول ئايىنەدار.
شاھلىغ تەبلىن قاقۇر بولسە گەدانىڭ ھىممەتى،

ئىلكىدە جامى مەيۇ قاشىدا يا بىر گۇلئۇزار.
راھەتى بولسە ئانىڭ زىمنىدا باردۇر كىبرەتى،
گۇلنى كىم كۆردى چەمەندە بولماغاي يانىدا خار.
ئۆزمەگىل ھەرگىز مۇھەببەت رىشتەسىن، ئەي مەزھەرى،
يىلۇ ئايۇ كۈندە سەن ھەر دەمدە يارىڭ سارى بار.

* *

يارسىز كۈندۈز ماڭا تۇرفە قاراڭغۇ كېچەدۇر،
كېچە بولسام يارسىز بىدارى ئۇيقۇ كېچەدۇر.
ئەھلى خىلۋەت كېچەلەر قەدرىن بىلىپ تاڭ ئاتقۇچە،
يار يادى بىرلە ياتسە قەدرى ئۇشبۇ كېچەدۇر.
ئاي يۈزى كۈنىنىڭ زۇھۇرى ئىككى ياندا زۇلفلار،
ئىككى يەلدا كېچەسىدەك تۇرفە خۇش بۇ كېچەدۇر.
ياردىن ئايرۇ كۆزۈم توفانىنىڭ سىيلابىدىن،
كارۋانلار ھەر كېچە يوللار ئارا سۇ كېچەدۇر.
يار ۋەسلىنى تىلەپ كۆڭلۈمدە قىلسام ئازمۇن،
كى مۇيەسسەر بولماغۇدەك كاھ بولغۇ كېچەدۇر.
دەھرى دون مەھۋەشلەرىدىن گۇللارى دىلشاد ئولۇر،
مەزھەرى بىچارەنىڭ كۆڭلىندە قايغۇ كېچەدۇر.

### ۋەلەھۇ قەسىدە

كۆڭۈللەردۇر بۇ تىفل، پىرى ئىشق ئۇستاد زەباندانى،
سەبەقى دۇنيادىن ئۆرمەك يۈز فەقىرلىق دىلىستانى.
ھۇنەر پىر ئۆرگەتۇر ئىلىم نە ھەر تىفل ئۆرگەنۇر رەمزى،
نە ھەر تۇپراقدا ئۈنگەي گۇل، نە ھەر باغ ئىچرە رەيھانى.
كىشىكىم ئۆرگەنىپدۇر ئىشق تەئلىمىنى دانادىن،
ئىچىدۇر ئەلۋەھ مەھفۇزكىم كېلىپدۇر دادى بۇرھانى.
ئەگەر ئۆرگەتسە ھەرفى تەختەدە ئەسرار پات ئۆرگەن،
كى ناگەھ تەختەنى پىنەقش ئەيلەر ھۇكمى يەزدانى.
تانۇماي ھەر كىشى ئايىنەدە تۇتى كەبى ئەكسىن،
ئۆزى شاگىرد ئولۇپ، ئەكسى بولۇر پىرى زەباندانى.
تىزلىك ئايىنەسىگە قوي يۈزۈڭنى تاكى كۆرگەيسەن،
بۇ سۇرەتلەركى سەندە بار زى مەئنىلەردۇرۇر شانى.
ساڭادۇر پاخشى سۇرەت ھەرفىڭ ئادەم ئەبجەدىدىندۇر،
كى سەندىن بولدى خەرج ئولماق ھىسابى چەرخ دىۋانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇر يۈك يارلىق بىلسەڭ ئەگەر يوقلۇق مەتائىدىن،
نىشان تاپساڭ بىرىپ ئىككى جەھاننى ئالغىل ئەرزانى.
ئانىڭدەك يوق بول ئۆزلۈكدىن ئەگەر ئايىنەگە باقساڭ،
تاپىلماس ئاندا ئۆز ئەكسى نەچە سەيقەل بىلە بولساڭ.
تەغى سۇرەتكەدۇر ئايىنە يەئنى سۇرەتى سوفى،
ئەگەر كىرسە خەيالىغە جەمالى ھۇرى رىزۋانى.
ئەگەر كۆز ھەقغە ئاچقانلار تۈشىگە كىرسە بىز ھۇرى،
كى ياخشى ئۇيقۇدىن ساچراپ قوپۇردە، دىۋ دەپ ئانى.
خەيالى سىغماس ئاشىق كۆڭلىگە ئانداقكى كۈن ئەكسى،
تۈشۈپ ئايىنەگە يۈز كۆرگەلى قويمايدۇر ئىمكانى.
ئىمارەت قىلغۇچى بولمە بۇ تۇپراقدىن كى جىسمىڭدۇر،
چىقۇر مىڭ گەنجلەر گەر كۆزلەسەڭ قالغايسەن ھەيرانى.
يۇقـارى ئۇچ ھۇمادەك، ئۇچماغىل كەركەس قەناتىدىن،
ئۈزۈلۈپ بارچەدىن ئۇچماقغە تۇت ھىممەت فەراۋانى.
كى قالغاي چەرخ تا ئالتىنى تەغـى پەرۋازلار ئەيلە،
كۆرۈرسەن ھەر تەرەفدە مىڭ تۈمەن ئەفلاك گەردانى.
بۇ دۇنيادا ئىچىپ سۇ قىلمە خۇش كۆڭلۈڭنى گەردۇندا،
ئەگەرچە بولسە توققۇز بەھر ئالۇر كوزەغە ئىنسانى.
كىشىكىم ئابى گىلغە باغلانماي كۆڭلۈڭنى تاشدەك بىل،
يۇقـارى تاشلاساڭ يانە كۆرەرسەن يەر ئارا ئانى.
ھەزەر قىل بىلمەسەڭ شـۇبۇ توققۇز دەريا گۇزارىدىن
ئۆتەلمەس ھەر تەرەف ھەم خام ناكەس بىرلە نادانى.
نەيەردىن تۈشتۈڭ، ئەي سەر مەست، نې بىلگۈڭدۇر ئەنەل ھەققى،
ئەگەر مەستلە يىقىلسە تامىدىن تاڭلا بىلۇر جانى.
يىقىلىپ ئۆلسە ئارىق تامدىن ئول مەرگ ئەمەسدۇر كىم،
ئەگەر تۈشسە مەقامى ئولۋىدىن دەرمىز ئۆلۈك ئانى.
ئەجەپ كۆرمە ئاغىر يۈكلەر تۆبەنرەك پاتسە پالچىقغە،
ئۇلاغى تەڭ ئۆلۈپ مۇشكىللىك ئىچرە قالسە چەندانى.
كۆڭۈل غافىل، ئۆزۈڭ نەفسىڭ شىكارىسەن نەچۈك يەتكەي،
مۇسافىر ئۇخلاپ ئول يولدا ئىت ئالىپ قالمەسە نانى.
كەل ئەمدى ئىشق مەۋجىغە سۆز ئۈزمەكلىكدە ئەت ئەۋەز،
كى يۈز مىڭ جىبرەئىلنى مەست ئەتمىش كۆر گۇلىستانى.

* *

ئۆتتى بەھار ۋەقتىيۇ بولدى خەزان چاغى،
ئۆتتى چەمەندە خارەلەرىيۇ فىغان چاغى.

ئۆتتى بۇ دەھر گۇللەرى خۇش گوي بۇلبۇلى،
قارغە قۇرۇق ياغاچغە قونۇپ ساڭغاغان چاغى.
باردى بۇ دەھر گۆلشەنىنىڭ سەرۋى قەدلەرى،
بولدى بۇ باغ سەرۋىلەرىنىڭ دەۋران چاغى.
بىردەم بۇ دەھر ياخشىلارى ئۆتتى تۇرمايىن،
باردى زەمانە ياخشىسى، قالدى يامان چاغى.
بولدى دەرىغ ۋەقتىيۇ ھەم ۋەقت خىرمەنى،
بۇغداي كىتىپ سەمانىدىن قالدى سەمان چاغى.
خۇش ۋەقت كەلدى ھەزرەتى يۇسۇف ئۇلۇسغە شاھ،
مەئمۇر ئىتىپ ۋەلايەتۇ قامۇلنى خان چاغى.
ھەر كىمسەنىڭ چاغىغە ياقىپ كامىنى بىرىپ،
تۈزدى ئۇلۇسنى ئەدل بىلە كامران چاغى.
دۇنيا ئايدى: مەزارىڭ ئەقىبى نە تىرىدىڭ،
ھەڭگامى كىشتزار گۇلۇ بەدەستان چاغى.
ئەي مەزھەرى، ئەگەر بۇ زەمان بەختىڭ ئۇلسە يار،
دىۋانەلىكنى ئىختىيار قىل ئاخىر زەمان چاغى.

* *

.........................................

دەرىغ! دەردۇ تەئەسسۇف، فىغان، ئاھ ماڭا،
تىلەپ بۇجان كۆڭۈل بىرلە بولمادىم مەئزۇن.
داغى ئاڭا يانا شۇكرىكى دەھر زالىغە،
كىرىپ يولغە كۆڭۈل بەرمەدىم بولۇپ مەغبۇن.
سەفەر قىلۇر ھەمە ئەل سىيمۇ زەر تەمەئ ئەيلەپ،
كۆزۈم ياشى ماڭا سىيم، سەرىغ يۈزۈم ئالتۇن.
نىيەتلەرىم بار ئىدى ھىچ بولمادى ھاسىل،
ئۇمىد ئىلە باش ئاقاردى بولۇپ جىگەرلەر خۇن.
بارۇر يولۇڭدا كىچۇرسەن ئاقىن سۇلار باردۇر،
بۇ بەندە كۆزدىن ئاقىزغان سۇيىدۇرۇر جەيھۇن.
بۇ مەزھەرىڭنى، ئىلاھا، مۇقىمى دەرگەھ قىل،
باشىن قويۇپ بۇساغاڭدا ھەمىشە تىك تۇرسۇن.

* *

بىتىسەم شەرھى فىراقىڭ ئەلەمىن كاغەزغە،
ياقىلۇر ئاھ بىلە چىقسە يالىن كاغەزغە.
ياغادۇر ئۇستۈنىگە ئىككى كۆزۈمدىن يامغۇر،
سۇۋۇ ئوت ئىچرە نەچۈك بولدى قىيىن كاغەزغە.
سىرى ئىشقىڭنى يازالماي بۇ قامىش سارغاردى،
قىلىبان باشى تۈبەن تۈشتى يەقىن كاغەزغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەي شەكەررىزى بولۇپ يار لەبىدىن سۆزلەپ،
قارارىپ تۆكتى تىلىنىڭ شەكەرىن كاغەزغە.
ئىچىكە پاتقۇزالمايدۇ سىرىڭنى بۇ دەۋات،
دائىما ئاغزىن ئاچىپ يايدى سىرىن كاغەزغە.
رۇمى ئايىنە قىلۇر ساف كۆرەي دەپ يۈزنى،
خەتتۇ خالىڭنى سىزىپ ئالدى بۇ چىن كاغەزغە.
لەئلۇ لەب شەككەرىگە قونسە چىبىنلار قورۇغۇم،
نە ئۇچۇن داغ تۈشەر قونسە چىبىن كاغەزغە.
يارنىڭ ۋەسفىيۇ ھىجران ئەلەمىنىڭ شەرھى،
تا قىيامەت تۈگەمەس سىزسا قەلەم كاغەزغە.
تۈشسە خۇرشىدى زوھۇرى بۇ كۆڭۈل مەزھەرىگە،
قەلەمىدىن قۇيۇلۇر دۇررى سەمىن كاغەزغە،

*                *

قۇياشنىڭ پەرتەۋىدىن بولدى ئەنۋار گۈنبەزى خەزرا،
كەۋاكىب شەئشەئىدىن بولدى ئەخزەر گۈلشەنى غەبرا.
تاپۇر تەبدىل خارا لەئللىقغە مىھرى لۇتفۇڭدىن،
زوھۇرى تۈشسەگەر قەھرىڭدىن ئولغاي لەئل ھەم خارا.
چەمەندە گۈل يۈزۈڭنى كۆرمەسە بۇلبۇل بولۇر خامۇش،
تەجەللى ئەيلەسەڭ سەھرادا بولغاي زاغلار گويا.
تەكەللۇم ئەيلەگەندە تامدى زۇلمەت ئىچرە بىر قەترە،
سىنىڭ لەئلى لەبىڭدىن ئابى ھەيۋان بولدى جان ئەفزا.
ئەلىنفىدەك قامەتىڭدۇر ھەرفلەردە مۇندەرىج پىنھان،
ۋەلى پىنھان ئەمەسدۇر ئەۋۋەلۇ ئاخىرىدا يا پەيدا.
تەبىب ئىسكەنجەبىن بۇيرۇر دەۋا بۇ خەستە كۆڭلۈمگە،
مۇجەررەبدۇر چۈچۈك لەفزىڭ بىلە ئول لەئل شەككەر خا.
تالاشۇر باغبان زىبا قەدىڭ باغ ئىچرە سەرۋەم دەپ،
ئاڭا باغ ئىچرە دۇر رەئنا ماڭا جان ئىچرە دۇر زىبا.
تونۇ كۈنلەر بىھىشت نەسىبىنىڭ يادىدا بولغۇنچە،
بۇ تۈن يارىم خەيالىڭ بىرلە بولسام نەقددۇر ئەئلا.
قەنائەت مۈلكىدە قانىئ بولۇپ، مەزھەرى، سەن شۈكر ئەت،
ئۇچۇر ھىممەت ھەۋاسىدا بولۇپ جانىڭ قۇشى ئەنقا.

*                *

يۈرۈرمەن بىر پەرلەۋەش ئىشقىدا تەركى دىيار ئەيلەپ،
غەرىبلىق شەھرىدە بىخانۇمانلىق ئىختىيار ئەيلەپ.
قويۇپ لەيلى غەمىنىڭ رەختىنى بىچارە كۆڭلۈمگە،
بەلا دەشتىدە مەجنۇندەك ئۆزۈمنى بىقەرار ئەيلەپ.

ئىشىتكەيمەنمۇ داەپ شىرىن سۆزىنى ئۇل شەكەرلەبىدىن،
قۇلاق ئەتتىلىم ئىككىپ فەرھاددەك جىسمىم ئىزار ئەيلەپ،
مۇھەببەت نەخلىنى ئۇندۇرگەلى كۆپ جۇستجۇ قىلدىم،
جىگەر قانىن تۆكۈپ كۆز يولىدا بەس جۇيبار ئەيلەپ.
گۇھەر ئۇممىدىدە ئاسان كۆرۈندى ئىشق دەرياسى،
ئانى ئۆزمەك بەسى مۇشكىلدۇرۇر بولماس كەنار ئەيلەپ.
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە قىلغاچ تەجەللى ئىشق سۇلتانى،
دىلۇ دىن قالمادى غارەت ئېتىپ ھۇشۇم فەرار ئەيلەپ.
خەتى جان بەخش لەئلى ئايەتى يۇھيىل-ئىزام ئىدى،
خىزىر بىرلە مەسىھادىن نىشان يوق شەرمىسار ئەيلەپ.
سەبا يەتكۈر شەھىم زۇلفىنى جانانىم مەشامىغە،
پەرىشان ئەيلە يارىم شامەسىنى مۇشكبار ئەيلەپ.
ئەزىمۇلقەدەر يۇسۇف شاھ ئادىل خادىمى مەزھەر،
زۇھۇرى ھەم ئىنان ئۇلدى ئاڭا ئۆزىنى يار ئەيلەپ.

* *

ئۇل كۆڭۈل ئېرمەسكى ئاندا بولماسا دەردۇ تەلەب،
بىر قۇرۇق شاخدۇركىم ئېرمەس ئۇل نەخىل رۇتەب.
جامى جەم بولغاي كۆڭۈل ئاندا كۆرۈرلەر سىررى غەيب،
كىمكى مەي ئۇل جامدىن ئىچسە قىلۇر ئەيشۇ تەرەب.
ئۇل كۆڭۈل ئايىنە بولغاي جىلۋەگاھى شاھ ھۇسن،
ئەھلى دىللار ئاڭا ئەرشۇللاھ دەپ قويدى لەقەب.
كۆيدۈرۈر ھۆلۇ قۇرۇقنى فەرق ئەتمەس ئىشق ئوتى،
بەرقى ئاھىمدىن قۇرۇق جىسمىم ئوت ئالسە نى ئەجەب.
كۆيگەلى ئىشق ئوتىغە ئاشىق كېرەك پەرۋانەدەك،
كۆيگەلى دەۋزەخ شەرارىغە كېرەك ئەبۇلەھەب.
دائىمى تەبدىن ئۇلۇس ناخۇش بولۇر، لېكىن ماڭا،
خۇش كېلۇر گەر كەلسە يارىم قاشىدىن پەيۋەستە تەب.

* *

ئايا ساقى، كەتۈر مەي ئۇرمە ئەمدى ئىنتىزار ئەيلەپ،
مەنى دىۋانەدىن قىلىل ئىبىندا سەن كامكار ئەيلەپ.
خەرابات ئەھلىدىن بەرگىل نىشانىكىم، ئاڭا تا مەن،
قەدەم باشتىن قىلىپ بارغايمەن ئاندا جان نىسار ئەيلەپ.
تەمامى ئۇمرىنىڭ يوق ئەرزىشى بىر كېچە ياتماقىغە،
ئىچىپ مەي گۇل چاغى يارى بىلە بوسۇ كەنار ئەيلەپ.
قەدىڭ تەقلىدىن ئەيلەپ سەرۋ قالدى باغ ئارا ھەيران،
قاچىپ كەكلىڭ خىرام ئەتمەككە ئەزمى كوھسار ئەيلەپ.

كەفى پايى مۇيەسسەر بولسە لەيلىمنىڭ خەيالىدىن،
رىكاب ئەتسەم ئاڭا كۆڭلۇمنى مەن مەجنۇن شىئار ئەيلەپ.
بىتىپ ئېرمىش رەۋاقى نىلگۇن تاقىدا ئالتۇندىن،
كى ھىممەت ئەھلىنىڭ ياخشىلىقىدىن يادگار ئەيلەپ.
مۇھەببەت كويىدا فەقىر ئەھلىدىن گەر بىر نىشان تاپسام،
قىلۇرمەن شاھلىغ فەقر ئەھلىدىن يۈز ئىفتىخار ئەيلەپ.
ئەگەر قول بەرسە جامى ئىچ مەيى شىرازدىن، مەزھەر،
ھەرىفى يەكجىھەت بىر كۇنجى مەئمەن ئىختىيار ئەيلەپ.

مۇخەممەس

جانىم ئىچرە شەرۋدەك نازۇك نىھالى بار ئىكەن،
ھەسرەتىندىن قامەتىم نۇندىن مىسالى بار ئىكەن،
نۇن ئارا جان نۇقتەسىدەك ئىككى خالى بار ئىكەن،
ھەجرىدە ھەرگىز تۈگەنمەس ماھۇسالى يار ئىكەن،
يار بىلە بارچەلەرنىڭ قىيلۇ قالى بار ئىكەن.

نىشى غەم يەتسە يۈرەككە سەبر قىل كۆرمە گىرىھە،
زەھرى ھىجران نۇش قىل تەرياكغە ئەيلەپ شەبىھە،
ۋەسل باغى مېۋەسىندىن بولما نەۋمىد، ئەي سەفىھە،
ئايۇ يىل ھەجرىدە بولساڭ تۈگمە قاشىڭدا گىرىھە،
ھەجرىدە گەر يىللار ئۆتسە بىر ۋىسالى بار ئىكەن.

مەھۋەشى كىم ئىشق ئەھلى كۆڭلىنى ئەفگار ئېتىپ،
بىرنى شادۇ بىرنى غەمكىن، بىرنى خارۇ زار ئېتىپ،
بىرنى نامەھرەم، بىرىنى مەھرەمى ئەسرار ئېتىپ،
ئاشىقىغە كويىدا مېھنەت - مۇشەققەت يار ئېتىپ،
كېچە - كۈندۈز يىغلاتۇرغە بىر خەيالى بار ئىكەن.

قىبلە ئەھلىنىڭ نىگارىم قاشىدەك مىھرابى يوق،
شەب رەۋانلارغە يۈزىدەك كېچەنىڭ مەھتابى يوق،
سۇبھىنىڭ خۇرشىدىغە دەم ئۇرغالى ھەم تابى يوق،
يار زۇلفى تابىدىن مىسكىن كۆڭۈللەر تابى يوق،

بىخۇدۇ مەست ئەيلەرىگە ئۇشبۇ فالى بار ئىكەن.

چىقماغايمەن ئۇقتەدەك ھەرگىز ئانىڭ پەرگارىدىن،
كۆرگەمەن دىيدارىنى پەرگار ئارا ھەر سارىدىن،
ئەيلەر ئېردىم بۇ تەماننانى ئۇمىدىم بارىدىن،
كىم جۇدا ئەتتى مېنى ئول كۆزى قارا دىيدارىدىن،
كۆزنى باغلار ئاي يۈزىدىن خەتتۇ خالى بار ئىكەن.

باغ ئارا بۇلبۇل بولۇر ئول گۇل يۈزى ئاۋارەسى،
تاغ ئارا فەرھاد ئولۇر شىرىن سۆزى ئاۋارەسى،
گۇلشەن ئىچرە بولغۇسى نەرگىس كۆزى ئاۋارەسى،
خەتتۇ خالى سارى باقمە، بول ئۆزى ئاۋارەسى،
خەتتۇ خالىدىن يۈزىنىڭ ئۆزگە ھالى بار ئىكەن.

تۆرت ئۇنسۇر بىر بىرىگە مايىل ئېرمەس ئېردى ئەسل،
كارگەرلىكىدىن قىلىپ ئەزدادنى مەمزۇج ھەسل،
كېچە ـ كۈندۈز، ئايۇ كۈن تىنماي يۈرىدۇر تۆرت فەسل،
ھەم بەھارۇ ھەم خەزان ھەم ھەجر بۇتى ھەم ئەزبى ۋەسل،
ئۆرتەمەس ئىككى جەھان بۇ ئېئتىدالى بار ئىكەن.

جەھد ئەيلەپ تۇت غەنىمەت ۋەقتنى يولغە كىرىپ،
مەزھەرى، مەردانە بولغىل كۆڭلۈڭگە ھىممەت بىرىپ،
ماسەۋەللاھدىن كۆڭۈل ئۈز بۇرنە كەتمەسدىن قېرىپ،
كۆڭۈل ئالدى ماسەۋەللاھ بارچەسىن ئەيلەپ فەرىب،
نە ئۈچۈنكىم بارچەسىدە ئۆز جەمالى بار ئىكەن.



ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net




نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھېمىت

مۇھەررىردىن: «مۈشۈك بىلەن چاشقان» نامىق مەسەل XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالانتلىق شائىرىمىز نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. زىيائى بۇ ئەسەرنى ئۇبەيد زاكانى يازغان پارسچە نۇسخىدىن تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەسەلچىلىك ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. «مۈشۈك بىلەن چاشقان» ناملىق بۇ ئەسەر نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى.

ئايتايىن مەن ساڭا ئەجەب داستان،
ھەر كىشى ئاڭلاسە قالۇر ھەيران.
ئەر خىرەدمەندۇ ئاقىلۇ دانا،
ئوقۇغىل ئۇشبۇ قىسسەنى ئاسان.
فارسىدىن تۈركى بىرلە بولدى نەزم،
بۇ ھىكاياتى مۈشۈك بىلە ساچقان.
بار ئىدى بىر مۈشۈك ئەجايىب رەڭ،
شەھرى ئېردى ۋىلايەتى كىرمان.
ئېردى ئول رىزەيىنۇ شىرۇ شىكار،
كەھرەبا كۆزلەرى، ئۇتىك مىژگان.
باشى بۈركۈت، ئاياغى گەژدۇمدەك،
ھىيلەۋۇ مىكرىدە ئىدى داستان.
قورساقى تەبلۇ سىينەسى قاقىم،
قاشى يادەك ئانىڭ ئۇتىك دەندان.
ئەرۇ خاتۇن ئاراسىدا ئۇقلاب،
يوتقان ئىچرە بولۇر ئىدى مېھمان.
بۇ مۈشۈكنىڭ بار ئېردى كىرماندا،
خۇش مۇساھىب ئاڭا نەچچە ياران.
ھەر تەبەق ھەم قازان بىلە چۆمچە،
پالاشىپ سۇفرە بىرلە دەستۇرخان.
بۇ مۈشۈككىم مەن ئەيلەدىم تەۋسىف،
زىرەكۇ ئاقىل ئېردى ھەم گەفدان.
باردى بىر كۈن شارابخانەغە ئول،
تاگى ساچقان تۇتقالى دەبان ئاسان.
چۆلگى مەيخانە ئىشىكى ئاچىلدى،
تۇرمايىن ئىچكەرىگە بولدى رەۋان.
مەي كۆفى ئەكەينىدە بۈكۈپ تۇردى،
تام تېشەر ئوغرىدەك بولۇپ پىنھان.
ئۇشبۇ ھالەتدە ئېردى تام تۆپىدىن،
مەي كۆفى ئۈزرە چىقتى بىر ساچقان.

كۆڭگه باشىن تىقىپ ئىچىپ مەينى،
مەست بولدى ئېچۆككى شىرى غەرران.
«قايدادۇر ئول مۈشۈككى مەن ئانى،
كېسىپان باشىن ئەيلەتسەم مەيدان.
ئېچە ئانىڭ گۇناھىدىن ئۆتكۆم،
مەن ئەتا ۋەقتىدە قىلىپ ئېھسان.
كىم مۈشۈكلەر يوق ئىتچە ئالدىمدا،
بولسا گەر رەددى بەر ئالىپ مەيدان.
يادىكارىم مىنىڭكى دەۋراندا،
سام ئىلە زارۇ رۇستەمى داستان.»
مۇنى ئاڭلاپ مۈشۈك غەزەب بىرلە،
يەرنى يىرتىپ سۇرەر ئىدى دەندان.
سەكرەبان چىقتى تۇتتى ساچقاننى.
دېدىكىم قايدا ئىلتىكۇڭدۇر جان.
ساچقان ئايدىكى: «مەن ساڭا قۇلمەن،
ئەفۋ ئەتكىل گۇناھىمنى، ئەي سۇلتان.
مەست ئىدىم بىلمەيىن دېدىم سۆزنى،
مەست مەئدۇر بولغۇسى ھەر ئان.»
مۈشۈك ئايتۇركى: «يالغان ئايتۇرسەن،
ئاڭلامىسەن فەرىب ئىلە يالغان.
مەن ئىشىتتىم دېگەن سۆزۈڭنى تەمام،
كىم خەلاس ئولماغىڭ ئەمەس ئاسان.
بۇ گۇنەھلەركى سەندەدۇر ئايسەك،
زەمان ئەيلەگۇم سېنى بىجان.»
ئۆلتۈرۈپ مۈشۈك يىدى ئانى،
قوپتى مەسجىد سارىغە بولدى رەۋان.
يۇيۇبان يۈز ـ كۆزىگە مەسىھ قىلىپ،
زىكرى ھەقنى قىلىپ ئىدى سۇبھان:
«ئەي خۇداياكى، تەۋبە قىلدىم مەن،
ئەمدى ساچقانغە سالماغۇم دەندان»
ئۇل مۈشۈك تەۋبە قىلدى مەسجىددە،
«ياكەرىمۇ قەدىمۇ يا دەييان.
ئەيلەدىم تەۋبە قىلدىم ئىستىغفار،
سەدەقە بەرگۇمدۇر ئىككى پاتمان.
خۇنى ناھەقنى قىلدىم، ئەي خالىق.
ئەي خۇداۋەندە كارۇ ئەي رەھمان،
ئەفۋ قىلغىل گۇناھىم ئەي غەففار،
بۇ گۇناھىمدىن ئەيلەدىم فۇشمان.»
ھىيلەۋۇ مەكر ئىشكىنى ئاچقلى،
نالەلەر ئەيلەپ بولۇپ گىريان.
مۇنبەر ئاستىدا بار ئىدى بىرسى،
بۇ خەبەرنى يەتكۇزدى بۇ ساچقان:
«خۇش خەبەر ئولكى، تەۋبە قىلدى مۈشۈك،
زاھىدۇ مۇئمىن ئولدى خۇش ئالغان.
مەسجىد ئىچىدە سۇكۇنەت ئەتمىشدۇر،
زارۇ گىريانۇ ئاھ ئۇرۇپ نالان.
تەۋبە ئەيلەپ نەدامەتۇ ئەفسۇس،
ئايتتى، ئەي كىردىگارۇ ئەي رەھمان.
كەچ گۇناھىمدىن خۇدايى جەھان،
كى خەتا قىلمىشىم مەنى نادان.
تۇتۇبان ئىلكىدە دەۋام تەسبىھ،
زىكرى ھەق ئەيلەمىش بولۇپ نالان.»
جۇملە ساچقانغە يەتتى ئۇشبۇ خەبەر،
بارچەسى بولدىلار بەسى شادمان.
شۇكرى قىلدىلار بولۇپ خۇشنۇد،
تەۋبە قىلمىش مۈشۈك دەبان بۇئان.
يەتتە ساچقانكى قوپتى ئورنىدىن،
ھەر بىرسى ئانىڭ فەنى دېھقان.
مەجلىسۇ ئەيش تۈزدى ئول سائەت،
بولدىلار تەييار نېمەتى ئەلۋان.
رەقس ئۇرۇپ ھايۇ ـ ھۇيغە مەشغۇل،
مەي ئىچىپ بولدى جۇملەسى مەستان.
ئىككىسى رەڭباز ئولۇپ رەققاس،
ئىككىسى دافەند، ئىككىسى خۇش خان.
بىرسى نەققارەغە بېرىپ لەرزىش،
بىر مۇقەللىد، بىرى سەفال چالغا.
ئۇشبۇ ئەسنادا ئېردى سەردارى،
ئايدى ساچقانلارغە: «ئەي ياران.
تۇھفەلەركىم مۈشۈككە لايىقدۇر،
جەمئ ئېتىپ كەلتۈرۈڭ بۇ يەرگە رەۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باردىلار ھەر تەرەپكە ساچقانلار،
جەمەئ ئەتمەككە تۇھفەلى ساچقان.
ھەر بىرى تۇھفەنى كۆتەردىلەر،
تۇھفەكىم لايىق بۇزۇرگى شەھبان.
خانچەلەر ئۇزرەسىدە رەڭگا ــ رەڭ،
تۇھفەلەر ھازىر ئەتتىلەر شول ئان.
باشى ئۇزرە قويۇپ بۇ خانلارنى،
قوللارىغە تۇتۇپ كەبابۇ نان.
بىرىسى شىشە ئىچرە بادەئى ناب،
كۆتەرىپ ئىلكىدە بەرىرى بىر يان.
ئول بىرى تەختىغە سالىپ كىشمىش،
بىرىسى قۇتە ئىچرە تۇز چەندان.
ئول بىرى ھەۋزۇقەند ئىلە بادام،
بىرىسى نۇقلۇ پىستە پۇر خەندان.
ئول بىرى بىر تەبەق ئارا گۇلۇ قاق،
بىرىسى جىگدە بىرلە سەرفىستان.
ئول بىرى بىر نەچە قۇتىدە نەبات،
بىرىسى گۇلچە نەچچە دەستۇرخان.
ئول بىرى بىر تەبەق پولو كۆتەرىپ،
بىرى چىللانۇ لىمۇرى ئۇمان.
ھەر بىرى ئالىبان بۇرەك ھەدىيە،
بارچە ئەقسامۇ تۆھفەئى ئەلۋان.
با ئەدەب جۇملەسى دەۋان ئولدى،
ھەر بىرى باشى ئۇزرە دەستۇرخان.
شال كىيىپ باشىغە كۇلاھ قويۇپ،
ئۇيلەكىم شاھ ئالدىدا غۇلمان.
مۇشۇك ئالدىغا باردى ساچقانلار،
ھەم سەلامۇ زۇئايى بىپايان.
دېدىلەر: ئەيلەبان ئاگا تەئزىم.
بولغۇسى يولۇگىزغە فىدا ھەممە جان،
پىشكەش خىزمەتىڭغە لايىق ئەمەس،
ھەرنەدۇر قىل قەبۇل ئانى، ئەي جان».
مۇشۇك ئەۋۋەل دېدى مۇنى كۆرگەچ:
«رىزقىمكۇم فىس ــ سەمائ دېدى سۇبھان.
نەچچە كۈلدىن بېرىسى ئاچ ئېردىم،
ئۇشبۇ كۈن رىزقىم ئولدى بەس ئاسان.
ھەركىشى ھەق ئۈچۈن قىلسە تائەت،
بارچە دۇشۋار ئاڭا بولۇر ئاسان.»
مۇشۇك ئايدىكى: «ئىلگەرى كېلىڭىز،
قورقماڭىز مەندىن، ئەي ئەزىز مېھمان.
جۇملەئى ساچقان ئىلگەرى باردى،
قورقۇبان تىترەشىپ بولۇپ لەرزان.
ئول قەدەر خەۋف قىلدى ساچقانلا،
ھۇش قالماي، قالىپ بەسى تەرسان.
ئۇشبۇ ھالەتدە ھەملە قىلدى مۇشۇك،
سەكرەبان چۇ مۇبارىزى مەيدان.
ئىلىغابان بەشنى تۇتتى چاشقاندىن،
ھەر بىرى گەدا ئىدى دېھقان.
ئىككى ساچقان مۇنى كۆرۈپ قاچتى،
بۇ خەبەرنى بارىپ دېدى پىنھان:
«ۋادەرىغاكى، ئاھ ۋاۋەيلا،»
باشىغە تۇفراق ساچىپ گىريان:
«زالىمۇ بىمۇرۇۋۋەتۇ بىرەھم،
تۇتتى چاقانلارنى يېدى چەندان.
ئول مۇشۇك نەچچەنى تۇتۇپ يۇتتى،
چەك ئۇرۇپ بەئزىنى سالىپ دەندان.»
ئاڭلابان بۇ خەبەرنى ساچقانلار،
ياقانى چاك ئېتىپ قىلىپ ئەفغان.
بارچە ساچقانلار تۇتۇپ ماتەم،
زار يىغلاپ بولۇپ بەسى نالان.
ھەمەسى مۇشفىق بولۇپ دېدىلەر،
بارغۇمىزدۇر ۋىلايەتى كىرمان.
پادىشاھقا ئەرزى ھال ئايتقايمىز،
يەتكۇسى دادىمىزغە ئول سۇلتان.
يولغە كىردى سەفەر قىلىپ ھەمەسى،
ياش تۆكۈپ كۆزىدىن بولۇپ نالان.
ئولتۇرار ئېردى شاھ تەخت ئۇزرە،
خىزمەتىدە تۇرۇپ نەچە ساچقان.
ھەممە يەكبارە قىلدىلار تەئزىم،
دېدىلەر: «داد ئەي شەھى دەۋران.

بىز فەقىرلەرغە زۇلۇم قىلدى مۇشۇك،
يەتكەسەن دادىمىزغە، ئەي سۇلتان.
ھەر يىلى ئالمىش ئېردى بىر ساچقان،
بەشنى بىر يولى ئالدى ئۇشبۇ زەمان.
زۇلمىدىن ھالىمىز خەراپ ئولـدى،
ئەيلەگەيسەن بۇ دەردغە دەرمان.»
شاھ ئاڭلاپ بۇ سۆزنى ئول سائەت،
بولدى ئەسىرۇ غەزەب ئىلە جۇشان.
لۇتۇف ئېتىپ شاھ ئۇلارنىڭ ھالىغە،
دېدىلەر: «ئولتۇرۇڭ يېڭى مېھمان.»
رەھىم شەفقەت قىلىپ غەرىبلەرغە،
ئىلتىفات ئەيلەدى قىلىپ ئېھسان.
تاكى بەش ھەقتە تۇتتىـلار ماتەم،
نەۋھەئى زارلار قىلىپ ئەفـغان.
مۇردەئىنى جىنازەگە ئالدى،
دەفنە قىلماقغە شاھدىن فەرمان.
ئانچە ئىززەت بىلە قىلىپ مەدفۇن،
زىنىبۇ زىينەتتە پۈتتى قەبرىستان.
بارچەسى يانىدىلار گۆرۇستاندىن،
شاھ نەزدىغە ھازىر ئولدى ئەيان.
شەھ دېدى: «بارچەلەر يىغىلسۇنلار،»
جەمئ بولدى چۇ دەۋلەتى ئەركان.
ئايـدى: ئەي سەرۋەرانى سەرداران،
كىم مۇلۇكۇم ئەيلەمىش ۋەيران.
«جەمئ بولۇپ بارچە لەشكەر ئاتلانسۇن،»
بولدى شاھدىن بۇ نەۋئىـدىن فەرمان.
بارچە لەشكەرغە قىلدىلار ئېئلام،
ئوتتۇز ئۈچ مىڭ يىغىلدىلار ساچقان.
ھەر بىرىنىڭ قولىدا نەچچە ياراغ،
تىغ تۇتۇپ تەبەرۇ بىلە قالـقان.
ھەم قىيادە ـ سەۋارە بولدىلار،
گۇرزەلەرنى تۇتۇپ قىلىپ جەۋلان.
بولدى لەشكەر ياراق ئىلە تەييار،
يەنە شەھ ئەيـلەدى بۇ رەڭ فەرمان:
«ئەلچى بارسۇن مۇشۇكنىڭ ئالدىغە،
زىرەكۇ ئاقىلۇ يەنە گەفدان.

ھەمە ئايدىلار: «ئەمر شاھدىندۇر،
ھۆكمى شاھغە فىدا قىلۇرمىز جان.»
بار ئىدى تابىئىـدە بىر سەردار،
ئاقىلۇ ھۇشيـار، ئەمەس نادان.
دېدىكىم: «ئەلچىلىككە ئول بارسۇن،
ئول مۇشۇككە دېسۇن بۇ سۆزنى ئەيان.
ياكى شەھ پايى بۇسەغە كەلسۇن،
ياكى ئامادە جەڭ قىلۇرغە ھەمان.»
چۇن بۇ سۆزنى ئىشىتـكەچ ئول سائەت،
تۇرىبان قوپتى ئورنىدىن ساچقان.
نەچچە يول يۈرۈپ سەفەر ئەيلەپ،
داخىل ئولدى ۋىلايەت كىرمان.
ئەلچىلىك رەسمىنى ئادا ئەيلەپ،
شەھ سۆزىنى يەتكۈزدى بۇ ساچقان:
«شاھى شاھان ساڭا ئىبەردى قوشۇن،
جەڭ قىلماقغە تۈزدىلەر مەيدان.»
مۇشۇك ئايدىكى: «شاھ گۇدە پەپدۇر،
شەھرىدىن چىقماغىم مېنىڭ ئاسان.»
ئەلچىدىن ئاڭلابان خەبەر مۇشـۇك،
كىشىلەرنى ئىبەردىلەر فەرمان.
يىغىلىپ جەمئ بولدىلار لەشكەر،
ھەر بىرى گويياكى شىرى غەرران.
①....................................
گۇرزەلى باشىدىن تىترەتىپ ئەلۋاج،
گويىيا رۇستەمى جەھان پەھلەۋان.
شاھ ساچقان مۇنى كـۆرۈپ قورقۇپ،
قالمادى ھۇشى كەلدى ئاغزىغـە جان.
ئول مۇشۇك گۇرزەلەرنى تارتىپ ئالـىپ،
ئۇرۇپ ئۆلتۈردى بىر نەچچە ساچقان.
قالمادى ئەسلى نەسلى ساچقاندىن،
بارچە بولدى يەر بىلەن يەكسەن.
قىلدى بۇ قىسسەنى غەرىبۇ ئەجىب،
فارسى نەزمىنى شائىرى زاكان.
فارسى لەفزىنى تۈركى تىل بىرلە،
نەزم قىلدى زىيايىئى پىچىدان.

① قول يازمىنىڭ مۇشۇ جايىدىـن بىر ۋاراق يوقالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «سىياسەتنامە»دىن

نىزامۇلمۇلك

## ئەپسانىيەتچىنىڭ ئاقىۋىتى

بەھرام گورنىڭ روست رەۋىش ئىسىملىك ۋەزىرى بار ئىدى. پادىشاھ ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى كەيپى-ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. روست رەۋىش بۇنىڭدىن ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىشنى نىيەت قىلدى ۋە ئامىلنى③ چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئەتىدىن كەچكىچە ئوۋ بىلەن، كېچىلىرى بولسا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ شاراپخورلۇق ۋە گۈزەل نازىنىنلار بىلەن كەيپى-ساپا قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مۇبادا دېگىنىمنى قىلساڭ سېنىمۇ قۇرۇق قويمايمەن.

— جان دىلىم بىلەن، ھەزرىتى ۋەزىرى ئەئزەم، قېنى بۇيرۇڭ! — دېدى-دە، ئامىل ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ كۆڭلى تىندى ۋە ئامىلغا بۇيرۇدى:

— مەن كۆرسەتكەن ئادەملەرنى دەرھال زىندانغا تاشلا. مال-مۈلكىنى بولسا مۇسادىرە قىل!

— دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ، جانابىي ۋەزىرى ئەئزەم! — دېدى ئامىل قول قوشتۇرۇپ. شۇندىن باشلاپ ئامىل ئادەملەرنى زىندانغا تاشلاشقا باشلىدى. ۋەزىر ئۇلاردىن كۆپلەپ پارا ئېلىپ، قويۇپ بېرىۋەردى. ۋەزىرى ئەئزەم پارا-پارا خەزىنە باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاستا-ئاستا خەزىنىنىمۇ قۇرۇتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ قوشۇن توپلىماقچى بولۇپ، خەزىنىنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر دىنار پۇلمۇ قالماپتۇ. پادىشاھ شەھەرنىمۇ ئايلىنىپ چىقتى. بازارلار، رەستىلەر، قەھۋەخانىلار، ... ھەممىسى قۇپقۇرۇق. بەھرام گورنىڭ بېشى قېتىپ مۇشرىفنى چاقىرتىپ تاناۋىنى تارتتى:

— سەلتەنەتتە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ سېنىڭ كۆزۈڭ نەگە كەتتى؟

مۇشرىف جاۋاب قىلدى:

— ئەي ھەزرىتىم، پۇقرانىڭ كۆپ قىسمى يۇرتنى تاشلاپ ئەتراپلارغا قېچىپ كەتتى.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدىم...، — دەپ تىز پۈككىنىچە ئولتۇرۇۋەردى.

شۇندىن كېيىن پادىشاھ باشقا مەنسەپدارلىرىنىمۇ چاقىرتىپ تەپتىش قىلدى. لېكىن ئۇلارمۇ ۋەزىردىن قورقۇپ پادىشاھقا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىدى. بەھرام گور نېمە قىلىشنى بىلمەي، خالى ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تاقاپ، بۇ ھەقتە ئىككى كېچە، ئىككى كۈندۈز باش قاتۇردى. لېكىن

ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئاخىرى ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەنها ئۆزى شەھەردىن چىقىپ، چۆل تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. كۆپ يول باستى، لېكىن چۆلنىڭ چېتى كۆرۈنمەيتتى. كۈن پاتاي دېگەندە يىراقتىن ئىس كۆرۈندى. پادىشاھ «ئوت بار يەردە ئادەم بار» دەپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى شۇ تەرەپكە تارتتى. بىر چاغدا چوپاننىڭ ھۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن چېدىرى ئالدىدىن چىقىپ قالدى. چېدىردىن خېلى نېرىدا قويلار توپلىشىپ ياتاتتى. ئۈنىڭدىن ئىككى-ئۈچ قەدەم نېرىسىدا يوغان بىر سېرىق ئىت دارغا ئېسىقلىق تۇراتتى. بەھرام گور بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەندى. ئەنە شۇ چاغدا چېدىردىن چوپان چىقىپ كەلدى ۋە ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، مۇنداقلا باش ئىرغىتىپ سالام بەردى-دە، ئاندىن سورىدى:

— يول بولسۇن، مۇساپىر؟

بەھرام گور چوپاننىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىدىن خۇشال بولدى ۋە كەمتەرلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئىسفاھانغا كېتىۋاتاتتىم. يولدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايمەن. ياق دېمەي بىر كېچىگە باشپاناھ بولسىڭىز.

چوپان رازى بولدى ۋە ناتونۇش مېھماننى چېدىرىغا تەكلىپ قىلدى. تاپقىنىنى قويۇپ ئۇنى مېھمان قىلدى. چاي ئۈستىدە پادىشاھ ئىتنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئېغىر جازاغا تارتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراشتۇردى. چوپان مانا بۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

— بۇ ئىت ماڭا بەكمۇ سادىق ئىدى، ئاز دېگەندە ئۈچ-تۆت بۆرىگە تەڭ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، چارۋىنى ئىككى-ئۈچ كۈن تاشلاپ قويۇپ قىشلاققا چۈشۈپ كېلەتتىم. قويلاردىن بىرەرسىمۇ كېمىيىپ قالمايتتى. لېكىن يېقىندىن بېرى ئىت ئاينىپ قالدى.

بىر كۈنى قىشلاققا بېرىپ كەلسەم، قويلاردىن بىر-ئىككىسى يوق بوپتۇ، «ھە، بوپتۇ، بىرەر ئەھۋال بولغاندۇ» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. يەنە بىر قېتىم قىشلاققا بېرىپ كەلسەم تۆت-بەش قوي يوقلىپتۇ. كېيىنكى قېتىمدا ئون قوي يوق. مېنى ۋەھىمە باستى. ئويلاپ-ئويلاپ ماراپ بېقىشنى قارار قىلدىم. بىر كۈنى كەچتە بىر پاناھ جايغا يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. يېرىم كېچە بولغاندا ئەتراپتا بۆرە پەيدا بولدى. ئىتمۇ شۇ ئەتراپتىكەن. قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ بۆرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بۆرە بىلەن ئىت بىر-بىرىنى يالىشىپ كەتتى... ئاندىن بۆرە مۆكۈنۈپ ياتقان قويلارغا تاشلاندى. بىر قوينىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى، ئىككىنچىسىنىڭ بوغۇزىدىن چىشلەپ، پادا ئارىسىدىن سۆرەپ چىقتى... «ئىت نېمە قىلدى؟» — دەپ سورارسىز بەلكىم. ھېچنېمە قىلمىدى. قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ تۆك باسقان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يېتىۋەردى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەنە شۇ يەردە كۆردۈم ۋە بىر ئىلاج قىلىپ ئىتنى تۇتۇۋېلىپ «جازايىڭ شۇ!» — دەپ ئېسىپ قويدۇم. بولغان ئەھۋال شۇ، بۇرادەر.

ئەتىسى ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن پادىشاھ شەھەرگە قايتتى ۋە شۇ كۈنىلا ۋەزىرنى ھەپسىگە ئېلىپ، دارغا ئاسقۇزدى...

## ۋەزىرنىڭ كېرىكى يوق

بىر كۈنى سىيىستان④ ھاكىمى

www.uyghurkitap.com



ئەمىر ئابدۇلفازىل سۇلتان ئالىپ ئارسلاندىن سورىدى:

— شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھ تۇرۇقلۇق نېمىشقا ۋەزىر تۇتمايسىز؟

— نېمە، سەن ماڭا دۈشمەنمۇ سەن؟ دۆلىتىمىزنى بەربات قىلماقچىمۇ سەن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ھەزرىتىم؟ — دېدى تەئەججۇپلىنىپ ئەمىر ئابدۇلفازىل، — كاشكى، مەن شۇنداق ئادەم بولسام؟ مەن سادىق بىر قۇلىڭىزمەن. قانداق قىلىپ دۆلەتنى بەربات قىلاي! مۇنداقلا سوراپ قويغانىدىم.

ئارىدا بىرئاز سۈكۈنات چۈشتى. ئاندىن ئالىپ ئارسلان بۇنىڭ سەۋەبىنى دوستىغا چۈشەندۈردى.

— كىم ماڭا دوست، كىم ماڭا دۈشمەنلىكىنى بىلەي دەپ ۋەزىر تۇتمىدىم، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بار زادى؟ مۇبادا شۇنداق قىلغۇدەك بولسام دوستلىرىمغۇ توغرا چۈشىنىدۇ، ئەمما دۈشمەنلىرىم ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇپ پارا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ماڭا دوستلىرىم ھەققىدە يامان گەپلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. ياخشى سۆزمۇ، يامان سۆزمۇ خۇددى نەيزىگە ئوخشايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىشانغا تېگىدۇ. ئاقىۋەتتە دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى دۈشمەنلىرىم ئىگىلەپ ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ۋەزىر تۇتمايمەن.

## مۇترىبنىڭ ھىممىتى

خۇسرەۋ پەرۋىز⑤ مۇلازىملىرىدىن بىرىگە غەزەپلىنىپ ئۇنى زىندانغا تاشلىدى. پادىشاھدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا مۇترىب بەزمىدىن باشقا ھېچكىم بىر پارچە نان، بىر يۇتۇم سۇ ئېلىپ بارمىدى. بىر كۈنى بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خۇسرەۋ پەرۋىز دەرغەزەپ بولدى ۋە «مۇترىب دەرھال ئېلىپ كېلىنسۇن!» — دەپ ئەمىر قىلدى. مۇترىبنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تاناۋىنى قاتتىق تارتتى.

— بىز زىندانغا تاشلىغان ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ بىز زىندانغا تاشلىغان بۇ ئادەمنىڭ ياشاش، مەئىشەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

— ئاڭلىغان، ھەزرىتىم، — دېدى مۇترىب بەزمىدىن، — بىراق مېنىڭ قىلغان مۇرۇۋۋىتىم، سەن ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئالىي ھىممەت ئالدىدا بىر تېيىنغا ئەرزىمەيدىغۇ؟

خۇسرەۋ پەرۋىز ھەيران بولدى، كېيىن سورىدى:

— بىز ئۇنىڭغا قانداق ئالىي ھىممەت كۆرسىتىپتۇق؟

— شاھىنشاھىم، سەن ئۇنىڭغا ئۆمۈر بېغىشلىدىڭ، — دەپ جاۋاب قىلدى مۇترىب.

## بوھتاننىڭ ئاقىۋىتى يامان

سۇلتان ئالىپ ئارسلان⑧ زامانىسىدا ھىرات شەھىرىدە بىر مۆمىن بوۋاي بارئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇلتان شەھەر دەرۋازىسى ئەتراپىغا كېلىپ چۈشتى ۋە شۇ يەردە بىرمۇنچە ۋاقىت تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يېقىن مۇلازىملىرىدىن بولغان تاغىسى ئەمىر ئابدۇرەھمان مۇشۇ دانىشمەن بوۋاينىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بەزم - ساپا

ئەۋجىگە چىققان بىر ۋاقىتتا ئەمىر ئابدۇرەھمان سۇلتاننىڭ قولىقىغا شىۋىرلىدى:

— مەن چۈشكەن ھويلىنىڭ ئىگىسى ھەر كۈنى كېچىسى كىچىك بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن چىرىقى ئەتىگەنگىچە ئۆچمەيدۇ. باشتا ناماز ئوقۇپ، كېچىچە تائەت - ئىبادەت قىلىپ چىقسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سەۋر قىلىپ تۇرالماي، كېچىسى ئاستا بېرىپ، ئۇ ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن مارىدىم. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆردۈمكىن، بوۋاي مۆكدەپ ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىدا بىر كىچىك كوزىدا شاراب ۋە بىرونزىدىن ياسالغان بۇت. بوۋاي مۇشۇ بۇتقا چوقۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەمىر ئابدۇرەھمان ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان خىزمەتكارغا ئىما قىلدى. ئىشىك ئېچىلىپ، قولىدا شۇ بۇت بىلەن كوزىنى كۆتۈرۈپ، ئەمىر ئابدۇرەھماننىڭ غۇلامى كىرىپ كەلدى. غۇلام بۇت بىلەن كوزىنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئاستاغىنە قويدى ۋە ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئەمىر ئابدۇرەھمان سۇلتاننىڭ كۆزلىرىدە ھاياجان ۋە غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان بۇ قېرىنى ئېپكەلدۈرۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم ئېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. دەرھەقىقەت سۇلتان ۋەزىرى ئەززەمگە ئىشارە قىلىپ، بوۋاينى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ۋەزىرى ئەززەمنىڭ غۇلامى سارايدىن تېخى چىقمىغانىدى، سۇلتاننىڭ تەنتەك غۇلاملىرىدىن بىرى تېزلىنىپ مۇراجىئەت قىلدى:

— سۇلتانىم، بوۋاينى چاقىرتماڭ. ھەممىسىنى ئۆزۈم ئېيتىپ بېرىمەن.

غۇلام سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇ شىۋىرلىدى. ھەممە ھەيران بولدى. ۋەزىرى ئەززەم سۇلتانغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەلا ھەزرەت، غۇلام بېرىۋەرسۇنمۇ؟

— ياق، قايتسۇن، — دېدى سۇلتان، — ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك بولدى. بۇ ھادىسە تاغام ئەمىر ئابدۇرەھماننىڭ يۈزسىزلىكى ئارقىسىدا يۈز بېرىپتۇ.

— ماشائاللا! — ھەممەيلەن ياقىسىنى تۇتتى.

ئاندىن سۇلتان تاغىسىغا قاراپ دېدى:

— سەن بوۋاي ھەققىدە ئۇرغۇنلىغان يامان گەپلەرنى قىلدىڭ ۋە ئالدىمغا شاراب قويۇلغان كوزا بىلەن بۇتنى ئېپكېلىپ قويدۇڭ. لېكىن بىلىپ قوي، ھەقىقەتنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، بوۋاي توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارمايمەن. قېنى، «دېگەنلىرىم توغرا» دەپ قەسەم ئىچ!

ئەمىر ئابدۇرەھماننىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنىنى تىترەك باستى. سۇلتاننىڭ پۇتىغا يىقىلدى:

— ئەپۇ قىلىڭ، سۇلتانىم! مەن يالغان ئېيتقانىدىم!

— ھۇ، مۇناپىق، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ بىچارە بوۋايغا شۇنچە ناھەقچىلىق قىلدىڭ ۋە ئۇنىڭ قېنىنى بىھۇدە تۆكمەكچى بولدۇڭ؟!

— ئۇنىڭ ھويلىسى ئىنچام ۋە قولايلىق ئىكەن. سەن ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلساڭ، بۇ ھويلا ماڭا قالارمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، — دەپ جاۋاب

قىلدى ئەمىر ئابدۇرەھمان.

يۇرتنى تەكشۈرمىگىچە...

سۇلتان مەھمۇت كىرماننى ئېلىكىگە كىرگۈزگەن كۈنى بىر خوتۇن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەرز قىلدى:

— مەن كارۋان بىلەن دىيارگەچىن دېگەن جايغا چۈشكەنىدىم. كېچىسى ھەممە نەرسەمنى ئوغرىلاپ كېتىشتى، نەرسىلىرىمنى تېپىپ بەر، يا بولمىسا قىممىتى بويىچە تۆلە.

— دىيارگەچىن دېگىنى قەيەردىكەن؟ — دەپ سورىدى سۇلتان.

— قانچە-قانچىلىغان دۆلەتلەرنى ئۆزۈڭگە قاراتتىڭ، دىيارگەچىننىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەيمەن: ئۆزۈڭ ئوغرىنىڭ كىم ۋە قايسى يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەرسەن؟

— بىلىمەن. ئۇلار بەلۇجىستانلىق. بۇ دۆلەت كىرمانغا يېقىن.

سۇلتان بېشىنى قاشلاپ بىر مەھەل ئويلىنىپ تۇردى. ئاندىن خوتۇنغا دېدى:

— بۇ دۆلەت مېنىڭ قول ئاستىمدىكى يۇرتلاردىن يىراقتا ۋە ماڭا قارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىلتىماسىڭنى ھۆددە قىلالمايمەن.

خوتۇننىڭ ئەرۋايى ئۇچتى ۋە دېدى:

— يۇرتنى تەكشۈرمەي، قانداق قىلىپ ئۆزۈڭنى جاھان ھاكىمى ھېسابلاپ يۈرىسەن؟ قوينى بۆرىدىن ساقلىمساڭ، قانداقلارچە پادىچىسەن ئۆزۈڭ؟ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىككىمىزمۇ بىر ئادەم — ئاجىز ئىكەنمىزدە.

ئالغاندا ئارامجان، بەرگەندە چىقار جان

خەلىفە نۇئتەسىم⑦ زامانىدا دۆلەتمەن ۋە تۇپۇزلۇق ئەمىرلەردىن بىرى سەركارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

— زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ بەش يۈز دىنار پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قالدىم. باغدادتا ماڭا قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر تونۇشۇڭ يوقمۇ؟

— بار، — دېدى سەركار بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — دۇكاندار تونۇشۇم بار. ئۇنىڭ پالان بازاردا[8] كىچىك دۇكىنى ۋە ئالتە يۈز دىنار ئەتراپىدا سەرمايىسى بار. ئۇنى ھۇزۇرىڭىزغا تەكلىپ قىلىڭ، ئۆيىڭىز تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىڭ، بەلكىم ھاجىتىڭىزدىن چىقىپ قالار.

ئەمىر دۇكاندارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، زور ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا داستىخان يايدى، ئاندىن ئاستا-ئاستا مۇددىئاغا كۆچتى.

— سىزنىڭ ئىنساپلىق، ۋىجدانلىق، دىيانەتلىك ۋە قولى ئوچۇق ئادەم ئىكەنلىكىڭىز ھەققىدە كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغان. مۇنداق ئويلاپ قارىسام باغداد بازارلىرىدا سەندىن ئىنساپلىق ۋە ھالال ئادەم يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزنىڭ توغراڭدا ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ، غايىبانە ياقتۇرۇپ قالدىم. سەن بىلەن ئاكا-ئۇكا بولۇشماقچىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئۆيۈمنىڭ تۆرى سىزنىڭكى، سىزنىڭ ئۆيۈڭمۇ مېنىڭكى بولسۇن.

— رازىمەن، ئاكا، — دېدى ئىچ-

ئىچىدىن سۆيۈنۈپ دۇكاندار، — سىز دەك
ئالىي نەسەپ كىشى بىلەن ئاكا - ئۇكا
بولۇش مېنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى پەخىرلىك
ئىش.

دۇكاندار بىلەن ئەمىر ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇپ بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى،
سۆيۈشتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرىغىچە ئاكا-
ئۇكا بولۇپ قېلىشقا ئەھدۇ پەيمان قىلىشـ
تى. ئەمىر دۇكاندار ئىنىسىنى ھەددىدىن
ئارتۇق ھۆرمەتلەپ، مېھمان قىلدى. مېھـ
ماندارچىلىق ئاخىرلىشىپ، داستىخان
يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئەمىر بۇرادىرىـ
نىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ قولىقىغا
شىۋىرلىدى.

— سېنى ئاۋارە قىلىپ چاقىرىتقىـ
نىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىشىڭ مۇمكىن؟

— ياق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب
بەردى دۇكاندار، — بۇنىڭ سەۋەبىنى
ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئۆزى ئوبدان
بىلىدۇ.

ئۇ بىر ئاز سارالىمىغە چۈشتى:

— ھە، بىلىمەن، — دېدى ئەمىر ئۆزىگە
خاس ئۇلۇغۋارلىق بىلەن، — ئەسلىدە
شەھەردە ئاغىنىلىرىمنىڭ سان - سانىقى
يوق، ئۇلار نېمىكى بۇيرۇسام دەرھال
بەجا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرـ
سىدىن ئەللىك مىڭ دىنار قەرز سوراپ
قالغۇدەك بولسام، گېپىمنى ياندۇرماي،
دەرھال تېپىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭـ
مۇ ماڭا تېز - تېز ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىـ
دۇ - دە، راستىنى ئېيتسام، مەن بىلەن
دوست بولغانلاردىن ھېچقايسىسى پۇشايمان
يەپ باقمىدى. ئەمدى گەپنىڭ ئوچۇقىنى
ئېيتسام، ئەزىز بۇرادەر مۇشۇ كۈنلەردە
قىرىق مىڭ دىنار پۇلغا ھاجەتمەن

بولۇپ قالدىم، قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلارمۇ
كۆپ، بىراق ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىنمۇ
سورىغۇم يوق، «يوق» دېمىسەڭ شۇ پۇلنى
سەندىن ئالسام دەيمەن، ئۇزاق بولسا،
بەش - ئالتە ئاي ئىچىدە قايتۇرىمەن،
ئۈستىگە مىڭ دىنار پۇل، باش - ئاياغ
سەرۇپا قوشۇپمۇ بېرىمەن. «يوق» دېمە
بۇرادەر! سەندە شۇنچىلىك، بەلكى بۇنىڭـ
دەك ئىككى باراۋەر كېلىدىغان پۇلنىڭ
بارلىقىنى بىلىمەن.

دۇكاندار دەسلەپ بىر ئاز ھەيران
بولدى، ئاندىن كېيىن تەۋەككۇل قىلدى.

— خوپ، تەقسىر. لېكىن مەندە
ئۇنچىلىك پۇل يوق. ئالىيجاناب ئادەملەر
ئالدىدا راست سۆزلەش كېرەك، خۇدا
ھەققى مەندە بۇنچىلىك جىق سەرمايە
يوق. ئۇزۇن جاپا - مۇشەققەت چېكىپ،
ئۇزۇن يىللار ئىچىدە توپلىغان سەرمايەم
ئالتە يۈز دىناردىن ئاشمايدۇ.

— ھىم، — دېدى ئەمىر تەۋەن
لېۋىنى چىشلەپ ۋە بېشىنى ئۇيان - بۇيان
چايقاپ، — خەزىنەمدە ئالتۇن - جاۋاھىر
دېگەنلەر ھېسابسىز. قەرز سوراشتىن كۆزـ
لەن ئەسلى مەقسەت سەن بىلەن دوستـ
لۇق يىپىنى باغلاشتىن ئىبارەت ئىدى،
خالاس. بىر سىناپ كۆرمەكچى بولغاـ
نىدىم.

ئەنە شۇ چاغدىلا سۆھبەتكە سەركار
ئارىلاشتى.

سەن تېخى ئەمىرىمىزنى ياخشى
بىلمەيسەن. بۇنداق ئالىيجاناب ئادەمنى
دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە تاپالمايسەن.

شۇندىن كېيىن سۆدىگەر بىساتىـ
دىكى ئالتە يۈز دىنارنى ئەكىلىپ بېرىـ
دىغان، ئەمىر بولسا ئۇنى ئالتە ئايدىن

كېيىن يەتتە يۈز دىنار قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى....

قەرزنى قايتۇرۇش مۆھلىتى توشۇپ تەخمىنەن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سودىگەر ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، ئەمىر ئۇنى مېھمان قىلدى، لېكىن قەرز توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپ ئاچمىدى. دۇكاندار قۇرۇق قايتتى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەمىرنىڭكىگە يەنە كەلدى. بۇ قېتىممۇ ئەمىر قەرز ھەققىدە گەپ-سۆز قىلمىدى، گەپنىڭ قىسقىسى، دۇكاندار ئەمىرنىڭكىگە يەنە كۆپ قېتىم باردى، لېكىن ئەمىردىن سادا چىقمىدى.

ئاخىرى دۇكاندار ئەمىرنىڭ قەرزنى تۆلەشتىن باش تارتقانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرنىڭ نامىغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت يېزىپ ئەۋەتتى: «مەن بىرئاز قىينىلىپ قالدىم، قەرزنىڭ مۆھلىتى بولسا ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئەمىر جانابلىرى ئۇشبۇ بىچارىگە مۇرۇۋۋەت قىلماقچى بولسىلا، پۇلنى سەركاردىن ئەۋەتىپ بەرسىلە» ئەمىر جاۋاب قىلدى: «قەرز يادىدىن چىقىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاۋاتقان بولساڭ كېرەك. ياق بۇرادەر، يادىمدىن چىققىنى يوق. غەم قىلما، يەنە بىرئاز كۈت. پۇلۇڭنى ئەلۋەتتە قايتۇرۇپ بېرىمەن...»

شۇندىن كېيىن يەنە سەككىز ئاي ئۆتتى. لېكىن ئەمىردىن دېرەك بولمىدى.

## ئىككى قىلىچ بىر قىنغا سىغماس

خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ ۋەزىرى بەھرام چۇبىن بىلەن مۇناسىۋىتى باشتا ياخشى ئىدى، ئۇنى كۆپ ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭسىز ھەتتا غىزا يېمەيتتى، بىرەر پىيالە گۈلاپنىمۇ ئىچمەيتتى، ئوۋدىمۇ، سارايدىمۇ ئۇلار ھەمىشە بىللە بولاتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ھىرات بىلەن سەرەخسىنىڭ ئەمەلدارلىرى پادىشاھقا ھەر بىرىسى بىر ھارۋىدىن زۆرۈر ۋە قىممەتباھا يۈك ئارتىلغان ئۇچيۈز تۆگە ئېلىپ كەلدى. خۇسرەۋ پەرۋىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەھرام چۇبىنگە بېرىۋەتتى.

ئەتىسى خۇسرەۋ پەرۋىزگە «بەھرام چۇبىن غۇلامىنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولدى ۋە بەھرام چۇبىننى دەرھال چاقىرتىپ كەلدى. ئاندىن قۇر بېشىغا «قۇرخانىدىن بەش يۈز قىلىچ ئېلىپ چىق!» — دەپ بۇيرۇدى. قىلىچ ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن، بەھرام چۇبىنگە قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

— قېنى، بەھرام قىلىچلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللا!

بەھرام يۈز ئەللىك قىلىچنى خىللىۋالدى. شۇندىن كېيىن پادىشاھ يەنە دېدى:

— شۇ قىلىچلارنىڭ ياخشىسىدىن ئوننى تاللا!

بەھرام تاللاپ چەتكە قويۇپ قويدى.

پادىشاھ يەنە بۇيرۇدى:

— ئەمدى ئەنە شۇ ئون قىلىچ ئىچىدىن ئۆتكۈر ئىككىسىنى تاللا!

بەھرام ئەڭ ياخشى ۋە ئۆتكۈر ئىككى قىلىچنى تاللاپ ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەمدى، — دېدى پادىشاھ، — ھەر ئىككىلا قىلىچنى بىر غىلاپقا سال.

بەھرام چۇبىن ھەيران بولدى ۋە

ئاندىن دېدى:

— ئەي ھەزرىتىم! قانداقلا قىلغان بىلەن ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغمايدۇ-دە؟

پادىشاھ دېدى:

— ئانداق بولسا بىر دۆلەتتە ئىككى ھۆكۈمدار سىغامدۇ، ئۆزى؟...

**ياخشىلىق بىر جەبرى-جاپا چەككۈچىگە ھىممەت كۆرسىتىشتۇر**

مەرۋ شەھىرىدە رەشىد ھاجى ئىسىملىك بىر مەنسەپدار ئۆتكەن ئىكەن. بۇ شەھەردە بەلكىم پۈتۈن ۋىلايەتتە ئۇنىڭدىن ئابرويلۇقراق ئادەم يوق ئىكەن. ئۇ سۇلتان مەسئۇد ⑩نىڭ ئىشەنچلىك خىزمەتكارى بولغان، پۇقرالارغا كۆپ جەبرى-زۇلۇم سالغان كىشى ئىكەن. لېكىن ياشىنىپ قالغاندا، قىلمىشىدىن پۇشايمان قىپتۇ ۋە گۇناھلىرىنى يۇيماقچى بولۇپ، مەسچىت، مەدرىسلەرنى سالدۇرۇپتۇ، ئىككى قېتىم ھەج قىپتۇ، يېتىم-يېسىرلارغا نۇرغۇن سەدىقە بېرىپتۇ. ھەتتا ئىككىنچى قېتىم ھەجدىن كېلىۋاتقىنىدا مانا مۇنداق بىر خەيرلىك ئىشنى قىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا باغدادتا بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. كونىلاردىن بىر كونى بازار ئايلىنىپ يۈرگەندە، پۈتۈن بەدىنىنى يارا-جاراھەت باسقان بىر ئىتقا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ ۋە خىزمەتكارىغا بۇيرۇپ، ئىتنى ئۆزى چۈشكەن يەرگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، تاپساقايغىچە داۋالىتىپتۇ.

رەشىد ھاجى مەرۋگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بوپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، بىر دوستىنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى، بەختىيار ئىمىش. دوستى «پەرۋەردىگارىم نېمە ياخشىلىقلىرىڭ ئۈچۈن سېنى بۇنچىلىك بەخت تەختىگە مىندۈردى؟» — دەپ سوراپتۇ. رەشىد ھاجى جاۋاب قىپتۇ:

— ئاللا تائالا ماڭا شەپقەت قىلدى ۋە بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈردى. لېكىن سالدۇرغان مەسچىت-مەدرىسلىرىم، بەرگەن سەدىقە-ئېھسانلىرىم، ھەتتا ئىككى نۆۋەت ھەج قىلغىنىممۇ ئەسقاتمىدى، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىتنىڭ دەردىگە داۋا قىلغانلىقىم ئۈچۈنلا، ئۇ ماڭا شەپقەت-مۇرۇۋۋەت قىلدى.

**ئىزاھلار**

نىزامۇلمۇلك—سالجۇقىي سۇلتانلىرى مالىكشاھ ۋە سانجارلارنىڭ ۋەزىرى يىرىك تارىخشۇناس ئالىم ۋە دۆلەت ئەربابى (1018—1092).

② ھاجىبى دەرگاھ-پادىشاھ ئىستىقامەت قىلىدىغان جايلارغا مەسئۇل خىزمەتكار، ساراي نازىرى.

③ ئامىل — ۋەزىرگە تەۋە مەنسەپدار.

④ سىيىستان — بۇرۇنقى نامى درانگىئانا. ئىران بىلەن ئافغانىستاننىڭ ئارىسىغا جايلاشقان تارىخىي ۋىلايەت.

⑤ خۇسرەۋ پەرۋىز — ساسانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ (531 — 579) كلاسسىك ئەدەبىياتتا نۇشىرۋانى ئادىل نامى بىلەن مەشھۇر.

⑥ بۇزۇرجىمېھىر — خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ ۋەزىرى.

⑦ مۇئتەسىم — ئابباسىيە خەلىپىلىرىدىن (842 - 833).

⑧ سۇلتان ئالىپ ئارسلان — سالجۇقىيلار سۇلالىسىدىن چىققان ھۆكۈمدار 1063—1072 — يىللىرى ئىراق بىلەن ئىراننى ئىدارە قىلغان.

⑨ سۇلتان مەھمۇد — غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆكۈمدار.

⑩ سۇلتان مەسئۇد — غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆكۈمدار.

www.uyghurkitap.com

# «دىۋانى ئەمىرى»دىن

ئەمىر ئۇمەرخان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نامايەندىلىرىدىن بولغان تالانتلىق شائىر ئەمىر ئۇمەرخان 1787 - يىلى قوقاندا ساراي ئەمەلدارى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شائىر «دىۋانى ئەمىرى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ نەسەبىنى بابۇر سۇلتان ئارقىلىق ئەمىر تۆمۈر كورەگانغا باغلىغان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىر ئىمتىيازلىق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، بىرقەدەر ياخشى تەربىيىلىنىش شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقى ئېنىق. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش، ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆز زامانى ۋە ماكانىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. بولۇپمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن ناھايىتى ئەتراپلىق تونۇشقان. ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. شۇ ئاساستا ئۇ كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۈركىي ۋە پارسىيدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان. ئۇ شېئىرىيەتتە «ئەمىرى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. قوقان خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۇمەرخان دەۋرىدە خېلى راۋاجلانغان. ئۇمەرخان ئۆزى ئىلىم ئەھلى بولغاچقا، قوقان خانلىقىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا بىرقەدەر جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ، خانلىق دائىرىسىدە خېلى نۇرغۇن ئىجابىي ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئالىملار ۋە شائىرلارنى يىغىپ، بەزى ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇڭا ئۇنىڭ سارىيىدا بىر قىسىم دىنىي ۋە دۇنياۋى مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇمەرخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن فەزلى ۋە مۇشرىف قاتارلىق ئەدىبلەر تەرىپىدىن «مەجمۇئەتۇش - شۇئەرا» ناملىق توپلام تۈزۈلگەن. بۇ توپلامنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان. بۇ توپلام 1902 - يىلى تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان. ئۇنىڭ چاپ نۇسخىلىرىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەمىر ئۇمەرخان سارىيىدا ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شەخسلەر ئىچىدە بىر قىسىم ئايال تالانت ئىگىلىرىمۇ مەيدانغا چىققان. ئۇلاردىن ماھلەر ئايىم نادىرە (1792—1842) جاھان ئاتىن ئۇۋەيسى، دىلشاد بەرنا (1800—1905) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇلار چاغاتاي ئەدەبىياتىدا XIX ئەسىردە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شائىرەلەردىندۇر. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئۆمرى ئۇمەرخان سارىيىدا ئۆتكەن. بۇ دەۋردە ئايال تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپرەك يېتىشىپ چىقالىشىدا ئۇمەرخاننىڭ ئايالى ئىستېداتلىق شائىرە ماھلەر ئايىم نادىرەنىڭمۇ رولى چوڭ بولغان. ئەمىر ئۇمەرخان

1822 - يىلى ۋاپات بولغان. ئايالى نادىرە ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قوقان خانلىقىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدە بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان.

ئەمىرى شېئىرلىرىدىن شۇنىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر ئۆمەرخان تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرىيەتنىڭ نادىر جەۋھەرلىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ بەدىئىي ئوزۇق ئالغان. جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى بىرقەدەر مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ دىۋان ياكى شېئىرلىرىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان. بۇ ھال ئۇنىڭ مۇھەممەد سىددىق زەلىلى غەزەللىرىگە باغلىغان مۇخەممەسلىرىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شائىر ئەمىرى ئۆزىدىن بۇرۇنقى شېئىرىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىدىن - يېڭى ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ ئاساستا يەنە ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي جەھەتتە بەزى ئىلغار ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە تەشەببۇسلارنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن بىر دىۋان تۈزگەن. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر پارچە نەسرىي مۇقەددىمىنى ئىلاۋە قىلغان. بۇ كىتاب «دىۋانى ئەمىرى» نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا قولدىن قولغا كۆچۈرۈلۈپ كەڭ تارقالغان. «دىۋانى ئەمىرى» 1882 - يىلى ئىستامبولدا، 1898 -، 1902 - ۋە 1905 - يىللىرى تاشكەنتتە ئارقا- ئارقىدىن چاپ قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان خىلمۇ خىل بايازلاردىمۇ ئەمىرى شېئىرلىرىغا خېلى كەڭ ئورۇن بېرىلگەن.

خەلقىمىز ئەمىرى شېئىرلىرىنى ئاز كەم ئىككى ئەسىردىن بېرى سۆيۈپ ئوقۇپ، كۆچۈرۈپ ساقلاپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدىن «دىۋانى ئەمىرى» نىڭ تۈرلۈك قول يازمىلىرى، چاپ نۇسخىلىرى ۋە ئەمىرى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بايازلارنى خېلى كۆپ تېپىشقا بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 0.12 نومۇرلۇق قول يازما «دىۋانى ئەمىرى»نىڭ بىزدە ساقلىنىۋاتقان بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە سەنئەتلىك كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىدىن بىرى. بۇ نۇسخا مۇزېيغا ئازادلىقتىن كېيىن ئۈچتۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان. بۇ قول يازما ھىجرىيە 1293 - (مىلادى 1876 -) يىلى ئوشتا موللا رەھمقۇلى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. قول يازما جەمئىي 185 ۋاراق، فورماتى 21 × 33 سانتىمېتىر. بۇ قول يازمىغا ئەمىرىنىڭ 454 غەزەل، 58 مۇخەممەس، بەش مۇسەددەس، ئىككى مۇسەممەن، 23 تۇيۇقتىن تەركىب تاپقان لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار ئىچىدىن 129 غەزەل، 19 مۇخەممەس، ئۈچ مۇسەددەس، بىر مۇسەممەن پارسىي، قالغانلىرى تۈركىي تىلىدا يېزىلغان. كۆپچىلىكنىڭ كۆرۈپ بەھرە ئېلىشى، بۇ شائىرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، «دىۋانى ئەمىرى» دىن بىر قىسىم شېئىرلارنى تاللاپ، كىتابخانلار ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى. بۇ شېئىرلارنى نەشرگە تەييارلاشتا «دىۋانى ئەمىرى» نىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن 0.12 نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. 1898 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «دىۋانى ئەمىرى ئۆمەرخان» ناملىق چاپ نۇسخىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## غەزەللەر

جەھان ۋۇجۇدى ۋۇجۇدۇڭدىن ئولدى تا پەيدا،
يۈزۈڭ تەجەللىسىدىن تاپتى يۈز سەفا پەيدا.

جەھان مەزاھىرىدىن جىلۋەگەر بولۇپ ھۇسنۇڭ،
جەمالىڭ ئەكسى جەھان كۆزگۈسى ئارا پەيدا.

ئىكى جەھان چۇ سىنىڭ بىرلىگىڭنى شاھىددۇر،
بولۇپ تانۇغلۇق ئۇچۇن بۇ ئىكى سەرا پەيدا.

ئۇلۇسقە قىلغالى ئەسرارى رەھمەتىڭنى ئەيان،
زەلالەت ئەھلى ئارا بولدى ئەنبىيا پەيدا.

بۇ باغى دىللارى ھۇسنۇڭدىن ئابى رەگى تاپىپ،
كى قىلدى شەۋقىدە جان بۇلبۇلى نەۋا پەيدا.

توقۇز سىپىھردىن ئىشقىڭ مەقامى كەلدى بىيىك،
ئەجەب ئەمەسكى كۆڭۈل ئەيلەسە ھەۋا پەيدا.

مۇيەسسەر ئولدى ماڭا دەرگاھىڭ گەدايلىغى،
ئەمرىڭدىن ئولۇپ ئۇشبۇ مۇددەئا پەيدا.

* *

ھەق ئىلاھى ھۇسن ئىلە ئۇمرۇڭنى كۆپ قىلسۇن ئەتا،
چەرخى دەۋرى فانى ئۆلگۈنچە ساڭا بولسۇن بەقا.

تىيرە بەختىمنى بەناگۇشىڭنى سۇبھى يارۇتۇپ،
شامى ھىجرانىمنى رەۋشەن ئەيلەدى ماھىلىقا.

جان بىرىپ دەردىڭنى ئالدىم، بەرمەك ـ ئالماقنى كۆرۈڭ،
مەندەدۇر يۈز مىھنەتۇ غەم، سەندە مىڭ جەۋرۇ جافا.

مىھرى رۇخسارىڭ كۆڭۈلنى گەرچە رەۋشەن ئەيلەمىش،
روزگارىم سۇرمەدىن مىژگانىڭ ئەيلەپدۇر قارا.

ۋەسل ئۇممىدى مەنى مەھزۇنغە ئىمكان يوقكى بار،
سەن غەنى، مەن بىنەۋا، سەن پادىشاھۇ مەن گەدا.

ساڭا يوقتۇر ھەددىكىم، قارشۇ تۇشەر ئول خىيرە كۆز،
ئەكسى رۇخسارىڭ كۆرۈپ، ئايىنە دۇندۇردى سەفا.

بولدى تا ھۇسنۇڭنى شاھى ئىشق مۇلكىدە ئەمر،
جانۇ دىل بىرلە كۆڭۈل دىۋانەسى ئەيلەر دۇئا.

*　　　*

ئاپتى جىسمىم تۇپراغى ئول بەرقى جەۋلاندىن ھەۋا،
زەررە يەڭلىغكىم ئاپار خۇرشىدى تاباندىن ھەۋا.
يار كويى تۇپراغىدىن ئەتر كەلتۇردى نەسىم،
گۇل ئىسىن يەتكۇردى بۇلبۇلغە گۇلىستاندىن ھەۋا.
قەددى نەخلىغە كۆڭۈل تا بولدى ئاشىق نازى بار،
فاختە ئاپقان كەبى سەرۋى خىراماندىن ھەۋا.
ئاھ چەكتىم، يىغلادىم چەندان فىراقىڭ دەشتىدە،
تولدى ئۇشبۇ بەرقى لامىئ بىرلە تۇفاندىن ھەۋا.
سەلتەنەت ئول ھۇسن شاھى ئىشقىدىن ئاپمىش كۆڭۈل،
بۇيلەدۇر ھالى ئەگەر قۇل ئاپسە سۇلتاندىن ھەۋا.
ئەشكۇ ئاھىمدىن جەھان ئەھلىغە كۆيمەك، يىغلاماق،
ئادەت ئولدى، خالىي ئىرمەس بەرقۇ باراقدىن ھەۋا.
تارى زۇلفىن ياد ئېتىپ بىخاست فەرياد ئەيلەدىم،
ھەجر شامى تىيرە بولدى دۇدى ئەفغاندىن ھەۋا.
نافەئى مۇشكىن خوتەن ئەترىن فەرامۇش ئەيلەيۇپ،
ئايلانۇر ھەر لەھزە ئول زۇلفى پەرىشاندىن ھەۋا.
چۇن ئىرۇر ھەر مىسرەئىم بارىن جەۋاھىردار ئەمىر،
كەتمىش ئانى خەۋفىدىن فەغفۇرۇ خاقاندىن ھەۋا.

*　　　*

خەت چىقاردىڭ لەئلى خەندانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا،
خىزرە ۋەردىڭ ئابى ھەيۋانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا؟
تازە قىلدىم ناخۇنى غەم بىرلە كۆكسۇم داغىنى،
ياد قىلماسسەن گۇلىستانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا؟
بىر ئىتىڭمەن دەرگەھىڭدىن قاۋماغىل ئەغيار ئۇچۇن،
ئەي نىكۇلار شاھى، دەربانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا؟
كەلدى ۋەيران كۆڭلۇمە ئول ئاي خەيالى ياشۇرۇن،
پاس تۇت، ئەي دىيدە، مىھمانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا؟
جەۋر ئەيلەپ كېچەلەر ياندۇرمە ئاھىم ئوتىنى،
ئەي فەلەك، بۇ قەسرۇ ئەيۋانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا؟
كۆڭلىن ئالغانلار ھىسابى بىرلە سالمە كۆپ تۇگۇن،
رىشتەئى زۇلفى پەرىشانىڭ كىبرەكمەسمۇ ساڭا؟

باقمه، ئەي ئايىنە، ئول ئاي ئارەزىغە، بولماسۇن
ئىنتىزارى چەشمى ھەيرانىڭ كىرەكمەسمۇ ساڭا؟
زىنھار ئەغيارلار بەزمىدە لەئلى شەۋقىدىن،
ئەي كۆكۈل، دەم ئۇرماغىل، جانىڭ كىرەكمەسمۇ ساڭا؟
چىقتى ئول كافىر ئاچىپ رۇخسارىدىن يەغماسىنە،
ئەي كۆكۈل، كۆز ساقلە، ئىمانىڭ كىرەكمەسمۇ ساڭا؟
بەرقى ئاھىم ئەنجۇمىڭ جەمئىيەتىن ئەيلەر تەباھ،
جەۋر ئېتەرسەن، چەرخى سامانىڭ كىرەكمەسمۇ ساڭا؟
ئارەزى شەۋقىدە بىر ئوتلۇغ سۆز ئايدىم، ئەي ئەمىر،
سالماغىل دەفتەرغە، دىۋانىڭ كىرەكمەسمۇ ساڭا؟

* *

ئول گۇلى رەئناكى باردۇر گۇلشەنى رۇخسارى خۇب،
ھەم لەبى جان بەخشى مەرغۇبۇ قەدى رەفتارى خۇب.
سەرۋ قامەتلەرنى رۇخسارىن تەماشا قىلغانىم،
سەن ئېرۇرسەن مۇددەئا ھەرچەند بولسە بارى خۇب.
سەرۋ قەددىڭ ئۇزرە لەئلىڭ، ئارەزىڭ ھەيرانىمەن،
تۇرفە نەخلىدۇر ئانى شەفتالۇ بىرلە نارى خۇب.
قەد بىلە ئارەز گىرىفتارى بولۇپدۇر بۇ كۆكۈل،
زۇلفى سۇنبۇل فامنى ھەر ھەلقەسىدە تارى خۇب.
يار ئىشقىدىن مېنى مەنئ ئەتمە، ئەي زاھىد، ئەگەر
ساڭا جەننەت ئارزۇ بولسە، ماڭا دىدار خۇب.
نې نەزاكەتلەركى باردۇر يار بەلۇ ئاغزىدا،
ھەم ئەدەم بىرلە ۋۇجۇدى يوقى بىرلە بارى خۇب.
ۋەسل ئارا تەكلىفى جەننەت قىلماكىم مەقبۇل ئەمەس،
ھۇر قىلماس ئارزۇ ھەر كىمنى بولسە يارى خۇب.
ئەي كۆكۈل گەر قىلسەلەر تەھقىق ئىشق ئەسرارىنى،
قىلماغىل ئىنكارىكىم، بۇ خىرمەنى ئىقرار خۇب.
نامە بىرلە بۇ غەزەلنى ئەرزە قىلدىم يارغە،
كۇلدىيۇ ئايدى: «ئەمىرىم كىلكى ئەنبەر بار خۇب».

*　　　*

ئەي خەرابى چەشمى مەخمۇرىڭ كۆڭۈل پەيمانە تۇت،
بىر قەدەھ لەئلىڭ زەكاتىدىن بىرىپ مەستانە تۇت.
ھۇسن دەۋرىدۇر غەنىمەت ئەيلەگىل تەركى جەفا،
رەسمى ئايىنى ۋەفاۋۇ ئىشۋەئى جانانە تۇت.
تەلبەرەپ ئەتفال تاشى بىرلە مەجرۇھ ئولماسۇن،
ھەلقەئى زۇلفۇڭنى زەنجىرى دىلى دىۋانە تۇت.
ئۆرتەدى كۆڭلۈم شەرارۇ نالەدىن ئەفلاكنى،
ئارەزىڭ ھەجرىدە جان مۇلكىنى ئاتەشخانە تۇت.
گەرچە مىھرۇ ماھ ئىرۇر، ئەي شوخ، سەرگەردان ساڭا،
جان قۇشىن ھەم ئارەزىڭ شەمئىغە بىر پەرۋانە تۇت.
ھەر ستەم قىلساڭ مىنى جانىمغە قىل، ئەي مۇغبەچە،
غەيرىدىن بۇ شيۋەنى جانىڭ ئۇچۇن بىگانە تۇت.
ئارتۇرۇر ھەر لەھزە ناسىھ پەند ئىلە غەفلەت ماڭا،
ئەل ئارا ئانداقكى ئۇيقۇ بائىسى ئەفسانە تۇت.
غەم ئىلاجىن مەي ئىتەر ئايدى فۇزۇلى ھەم ئەمىر،
ئەي ئەسىرى دامى غەم، بىر گۇشەئى مەيخانە تۇت.

*　　　*

نىچە سالسۇن كۆڭلۈم ئىچرە ھەجر شامى بارى ئوت،
ئەي بۇتى شىرىن شەمايىل، لۇتف ئىتىپ مەن سارى ئۆتە
بەسكى بىھەد يىغلادىم بىر ئاتەشىن خۇ ئىشقىدىن،
تاڭ ئەمەس سۇ ئورنىغە بولسە كۆزۈمدىن خارى ئوت.
نى ئۇچۇن بەرقى بەلا بىرلە ئۇلۇسنى كۆيدۇرۇر،
بولماسا گەر ئوتلۇغ ئاھىمدەك جەھاننى بارى ئوت.
ناتەۋان كۆڭلۈمكى لەئلىڭ ھەسرەتىدىن خەستەدۇر،
بول سەبەبدىن بولدى بۇ بىمارنى تىمارى ئوت.
ئول شەرەر خۇ گۇلشەن ئۆزرە سەير ئىتەر، ئەي باغبانە
يانماغىلكىم ساچىلۇر رۇخسارەئى گۇلنارى ئوت.
چوق كۆڭۈللەردۇر تەلەب دەشتىدە سىنغان شىشەدەك،
گەر بۇ يول بىرلە ئۆتەرسەن خەستەلەردىن نارى ئۆت.
ئىستەر ئىسەڭ دەھردىن جەمئىيەتى خاتىر، ئەمىر،
ئۇشبۇ ئالەمدە ھەۋا بىرلە ھەۋەسدىن، ئارى، ئۆت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



*          *

ئەي خەتىڭ خىزىردۇرۇر، سايەئى زۇلفۇڭ زۇلۇمات،
زۇلۇمات ئىچرە ماڭا لەئلى لەبىڭ ئابىھەيات.

باش ـ ئاياغىڭغە تۇشۇپ قىلدى غۇبارىمنى بەلەند،
رەھى ئىشقىڭدە بۇ تەدبىر ئىلە تاپتىم دەرەجات.

بىستۇن تاغىدە ھەيرانىڭ ئېرۇر يۈز فەرھاد،
كۆرمەدىم سەن كەبى بىر دىلبەرى شىرىن ھەرەكات.

لەئلى ئىرگۈزدى مېنى ھەرنىچە ئۆلتۈردى كۆزى،
ئۆيلەكىم بار ئىدى دەھر ئىچرە ھەيات ئىلە مەمات.

ئادەتىم ئىشقىڭ ئىدى، زۇلم ئىلە مەنئ ئەتتىڭ ئانى،
كى مەھال ئولدى مەنى خەستەغە تەركى ئادات.

ھېچكىم ئەيلەمەگەي تۇبىنى جەننەت سارى مەيل،
قامەتىڭ كۆرسە قىيامەت ئارا ئەھلى ئەرەسات.

ئاشىقى خەستەنى مەھجۇرى ۋىسال ئەيلەمەكىم،
ئىشق فەييازى سېنى ھۇسنۇڭگە بەرگەي بەرەكات.

تايىرى دىل سەرى كويۇڭ ئۇزە ئەيلەر پەرۋاز،
ماڭا ئاتكەن ئوقۇڭنىڭ پەرلەرىدىن قىلدى قانات.

كۆرسە ئۆز ئەكسى جەمالىنى بولۇر شەيداسى،
ئالماسۇن ئىلكىگە ئول شوخ پەرىۋەش مىرئات.

سەلكى ھۇسن ئەۋجىنى ماھىيۇ كەتانىدۇر كۆڭلۈم،
دەۋلەتى بەزمى ۋىسالىڭە يېتىشمەك ھەيھات.

ئاستانىڭ ئۇزە ھەر غەمزەدەكىم يەر تۇتتى،
تاپتى ئەل ئىچرە بىلىڭ رۇتبەئى ئالىي دەرەجات.

جانۇ دىل كەئبەئى كويۇڭ سارى باغلار ئەھرام،
ئەي يۈزۈڭ قىبلە، تەۋافى سەرى كويۇڭ ئەرەفات.

ئىستەسەڭكىم ساڭا تالىئ ئولە خۇرشىدى ۋىسال،
سەيلى غەم يەتكەنىدە تاغ كەبى ئەيلە سەبات.

ئەيلەدى بادى سەبا باغدە كۆپ سەيرۇ سۇكۇن،
كۆرمەدى لىبىڭ بۇ يەڭلىغ ھەرەكاتۇ سۇكۇنات.

يار ۋەسلىغە يېتىشمەكنى خەيال ئەتتى ئەمىر،
ھەزرەتى سەيىيدى كەۋنەينغە ئايتىپ سەلەۋات.

*

كۆكۆل لەئلى تەمەننىاسى بىلە قان ئولدى ئوخشايدۇر،
كۆزۈم ئايىنەدەك ھۆسنىگە ھەيران ئولدى ئوخشايدۇر.
كۆرۈپ ئاشۇفتە ھالى زارىمى ئەھبابلار ئايتۇر،
گىرىفتارى، كەمەندى زۇلفى جانان ئولدى ئوخشايدۇر.
ئوقۇك زەخمىنى پىنھان ئەيلەدىم جىسىم ئىچرە جان بىرلە،
كۆكۆل گەنجىنەسىدە داغى سامان ئولدى ئوخشايدۇر.
بىناگۇشىدا گۇش ئاۋىزەنى گەۋھەر ئەمەس بىلدىم،
شەرەف بۇرجىدا يۇلدۇز دۇررى غەلتان ئولدى ئوخشايدۇر.
كۆكۆل ئەفغانىدىن شورى قىيامەت ئاشكار ئولدى،
ئەسرى گەردىشى ئول چەشمى فەتتان ئولدى ئوخشايدۇر.
ھەرىمى ۋەسلىمە ۋاسىل ئىتەرمەن دەرئىدى ئول شوخ،
بۇ زالىم بىزگە قىلغان ۋەئدە يالغان ئولدى ئوخشايدۇ.
فەنا ئامادە بولدى جىسمى زارىم ئىشق دەشتىدە،
كۆزۈم ياشىن تۆكۈپ يەر ئۈزرە تۇفان ئولدى ئوخشايدۇر.
ئىرۇر رەۋشەن زۇمۇررەد مەۋجەسى لەئلى خۇشاپ ئۈزرە،
لەبىدىن سەبزەئى خەتتى نەمايان ئولدى ئوخشايدۇر.
كۆزۈم گەنجىنەسىدىن دۇر فىشانلىغ رايىگان كەتتى،
سىرىشكى شەش قەتارىم ۋەقفى دامان ئولدى ئوخشايدۇر.
چىنقىپدۇر كارۋان خەتتى مەتائى ھۆسن ئىلكىندە،
بۇ مەزمۇن ئىلە نەرخى بۇسە ئەرزان ئولدى ئوخشايدۇر.
ئەمىر ئەشئارىغە بولدى مۇسەللەم گەۋھەر ئىفشالىق،
ھەۋا پەرۋەردەئى ئول لەئلى خەندان ئولدى ئوخشايدۇر.

*         *

شوخىكى ناز ئىلە ئولتۇرماي، ئۆلتۈرۈر،
مىژگانى ناۋەك ئەفكەنى ئولتۇرماي، ئۆلتۈرۈر.
يار ئۆلتۈرۈرگە كەلدىيۇ ئولتۇرمادى دەمى،
ئەھدۇ ۋەفالارى قەنى ئولتۇرماي، ئۆلتۈرۈر.
بىلىگە ئىتەك چىكىپ كىلەدۇر يار تۇند ئولۇپ،
باشىمغە گەردى دامەنى ئولتۇرماي، ئۆلتۈرۈر.
لەئلى مەسىھى خىزمەتىدە مەن مەرىزنى،
ئول ئىككى تۈركى زەھرەنى ئولتۇرماي، ئۆلتۈرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاشىقلارنى ئۆلتۈرۈبان تىرگۈزۈرسىنە،
كۆر تالىشمىنىكىم، مىنى ئۆلتۈرماي، ئۆلتۈرۈر.
ئول شوخ كەلدى ئىلكىدە شەمشىر، ئەي كۆڭۈل،
يا خۇد مىنىيۇ يا سىنى ئول تۇرماي، ئۆلتۈرۈر.
تا يار ئىشىش رەقىب ماڭا يوقتۇرۇر ھەيات،
ئول بىۋەفا مىنى، ئانى ئۆلتۈرمەي، ئۆلتۈرۈر.
گۈل خۇسرەۋنى خىدمەتىن ئەيلەپ چەمەن ئارا،
شەمشادۇ سەرۋۇ سەۋسەنى ئۆلتۈرماي، ئۆلتۈرۈر.
ھەرچەندە، ئەمىر، ۋەقت كىرەر يار بەزمىگە،
گۈللار تۇرار كۆرۈپ ئانى، ئول تۇرماي، ئۆلتۈرۈر.

*　　*

جەفا تىغى بىلە گەرچە مىنى ئەفكار دەرمىشلەر،
سىنى شوخى سىتەمكارۇ ۋەفا بىزار دەرمىشلەر.
كۆڭۈلنى بەند ئېتىپ زۇلفى ئارا مەندىن نىشان ئىستەر،
ئانى ئەھلى نەزەر بۇ شىيۋەدىن ئەييار دەرمىشلەر.
تەئالەللاھ، نە رەئنا نەخل ئېرۇرسەن بۇ چەمەن ئىچرە،
ساچىڭ سۇنبۇل، قەدىڭ شەمشادۇ لەئلىڭ نار دەرمىشلەر.
لەبىڭ قىلغاچ تەكەللۇم مۇردەلەر جان تاپسە تاڭ ئېرمەس،
نىبدىنكىم، ئول مەسىھانى شەكەر گۇفتار دەرمىشلەر.
تىخىمنى تىيرى بارانى غەمىڭدىن يۈز شىكاف ئەتتىڭ،
فىغانىمنى ئىشىتكەن سازى مۇسىقار دەزمىشلەر.
ئەمىرى ئىشق ئېرۇرمەن كۆزلەرىم رەۋشەن جەمالىڭدىن،
مىنى مەجنۇن، سىنى شوخى پەرى رۇخسار دەرمىشلەر.

*　　*

سەرۋ قەددىڭ ئېرۇر ئىككى ئۇزارى گۈلنار،
تۇرفە نەخلىدۇر ئانىڭ كەلدى بەھارى گۈلنار.
چېھرەسىن قىلدى قىزىل قان تۆكۈپ ئاشىقلارىدىن،
بادە تابىدىن ئەمەس چەشمى خۇمارى گۈلنار.
قەدىنى سەرۋ كۆرۈپ بەندەلىك ئەتتى ئىزھار،
يۈزىگە باقتى چەمەن، قىلدى نىسارى گۈلنار.
يۈزىنى ئاچتى چەمەن سەيرىدە يۈز ناز بىلە،

بولدی گۇلشەندەکی هەر سەبزەنی باری گۇلنار.
کۈج بىلەن چەکتی مەگەر ئاقتی دىماغىدىن قان،
ئىشق بارىدىن ئولۇپ ناقە مەهاری گۇلنار.
ئەرغەۋان پۇشۇ گۇل ئەندام ئىلە ئەهد ئەتتىم، ئەمىر،
بولماسۇن رەڭگ ئىلە کۈزلەرنی غۇباری گۇلنار.

*   *

بۇ گۇلشەن ئىچرە چوق سەرۋی سەر ئەفراز،
ۋەلێ يوقتۇر سىنىڭدەك ساهىبی ناز.
کۈزۈمغە چىقدی ئەشکىم ياشلىغدىن،
يۈزۈمگە کەلدی، بولدی کاشىفی راز.
فۇسۇن ساز ئولدی يۈز نەيرەڭگی بىرلە،
نىچۈنکىم، نەرگىسىڭدۇر سىهر پەرداز.
نىچۈن مەخمۇرلىغدىن چەکمەيىن ئۈن،
قىلۇر ساغەر تەمى بولغاندا ئاۋاز.
جەهان ساۋۇقلىغىدا بار ئىسغلىغ،
نێ ئۈچۈنکىم کىلۇر قىشدىن کىيىن ياز.
قىلۇر مەغلۇبلارنی ئىشق غالىب،
کەبۇتەردۇر بۇ ۋادی ئىچرە شەهباز.
مۇهەببەت کىشۋەری ئىچرە ئەمىرەم،
مێ ئىگدەك بار ئىکەنمۇ تالىئی ساز؟

*   *

ئاهکىم يار ماڭا يار ئولماس،
غەمی ئۈلتۈردیۇ غەمخار ئولماس.
نێ بەلا نازۇ تەغافۇلدۇر ئاڭا،
کۈيدۇم ئىشقىدا خەبەردار ئولماس.
بۇلهەۋەس ئىشق رەمۇزی نەبىلۇر،
بىخىرەد مەهرەمۇ ئەسرار ئولماس.
زۇلـۇفىنە تالاشۇر سۇنبۇل، ۋەه،
هەر خەشەك نافەئی تاتار ئولماس.
ئارەزىن کۈر خەتىدىن بولمە مەلۇل،
قايسی گۇلدۇرکی ئاڭا خار ئولماس.
ئىشق ۋەيرانەسىدۇر تۇرفە مەقام،
ئاندا هەرگىز دەرۇ دىۋار ئولماس.
کۈلمەگىزلەر مىنی ئايىنە مىسال،
تەلبەغە نەڭگی بىلە ئار ئولماس.
نىگىراندۇر کۈزۈم ئايىنە مىسال،
نىگە شايىستەئی دىيدار ئولماس.
ئاشق ئولدۇم، نىگە سەندىن ياشۇراي،
بۇ گۇنەه مۇجىبی ئىنکار ئولماس.
بۇ جەمالۇ بۇ لەتافەت بىرلە،
کىمدۇر ئول ساڭا گىرىفتار ئولماس.
قايسی کۈنىدۇرکی يۈزۈڭ هەسرەتىدىن،
کۈزلەرىم ئەشك ئىلە سەرشار ئولماس.
خەتىدىن شىکۋە نەهاجەت، ئەي کۈز،
قايسی ئايىنەدە زەڭگار ئولماس.
نە بىلۇر ئىشقىنی کەيفىيەتىنی،
ياخشىلارگە کىشىکىم زار ئولماس.
هەر کۈکۈل ئىشقىدىن ئاگاه ئىرمەس،
هەر سەدەفدە دۇری شەهۋار ئولماس.
گەۋهەری نەزم بەهاسىزدۇر، ئەمىر،
ئاڭا هەر سەفلە خەرىدار ئولماس.

*   *

دىمە نێ يۈزدىن کۈرۈندی دىيدەئی جانىڭدا فاش،
خەت چىقاردىڭ زاهىر ئولدی لەئلی خەندانىڭدا فاش.

www.uyghurkitap.com



ئەي كۆكۈل، قاشى كەمان ئەبرۇ غەمىدىن زارسەن،
كىم ئېرۇر پەيۋەستە يا ئورنىغە قۇربانىڭدا فاش.
كۆكدە ئەنجۇم ئىچرە كۆپ زىيبا ئېرۇر شەكلى ھىلال،
كۆرگۈزۇر ھالىڭ رەۋاجىن چەشمى فەتتانىڭدا فاش.
ئەلگە ھەيرەت تۇشتى كۆرگەچ ئافتاب ئۇزرە ھىلال،
ئاشكارا ئولدى تا رۇخسارى تابانىڭدا فاش.
ئۇمرەئى ناز ئوقىدىن قان ئىچرە پىنھان ئولدىلار،
ھەردۇمى چەشمەم كۆرۈپ بازۇيى تابانىڭدا فاش.
قاشلارىڭنى ۋەسمەدىن رەڭگىن كۆرۈپ ئايدى ئەمىر،
ئابرۇ تاپتى ياشىل تون كىيدى ئېھسانىڭدا فاش.

* *

ۋەفا تا بولدى جانانىمغە مەخسۇس،
جەفاۋۇ جەۋر ئېرۇر جانىمغە مەخسۇس.
خىرامۇ جىلۋەۋۇ نازۇ مەلاھەت،
ئېرۇر سەرۋى خىرامانىمغە مەخسۇس.
گۇلىستان بولدى كۆڭلۈم لالە يەڭلىغ،
ۋەفا داغى گۇلىستانىمغە مەخسۇس.
كېچە تاڭ ئاتقۇچە كۆڭلۈم چېكەر ئاھ،
ئېرۇر بۇ شەمئى ۋەيرانىمغە مەخسۇس.
كۆڭۈل كانىدادۇر لەئلىڭ خەيالى،
بۇ گەۋھەردۇر بەدەخشانىمغە مەخسۇس.
غەمىڭدە ئىشق رەنجى راھەتىمدۇر،
بۇ دەردىڭ ئولدى دەرمانىمغە مەخسۇس.
غۇبارى تۇتىيايى خاكى پايىڭ،
بولۇرمۇ چەشمى گىريانىمغە مەخسۇس؟
كۆڭۈل خۇشتار ۋىسال ئۇممىدى بىرلە،
بۇ مەرھەم داغى ھىجرانىمغە مەخسۇس.
شەھىدى نازى مىژگانىڭ ئېرۇرمەن،
بۇ خەنجەردۇر مېنى قانىمغە مەخسۇس.
كېرەك شەھدىن گەدا ھالىنى سورماق،
بۇ دەۋلەت كەلدى سۇلتانىمغە مەخسۇس.
ئېرۇرمەن ئىشق مۇلكىنى ئەمىرى،
جۇنۇن ئەۋباشى دەربانىمغە مەخسۇس.

*

ساڭا تا بادەدىن تابانىدۇر ئارەز،
ماڭا ھەجرىڭدە غەرقى قانىدۇر ئارەز.
نەزاكەت مەخزەنى، جان گۇلشەنىسەن،
لەبىڭ ياقۇت ئېرۇر، رۇممانىدۇر ئارەز.
دېدىم: «كۆرمەك تىلەرمەن ئارەزىڭنى،»
دېدى: «كۆرمەككە نې ئىمكانىدۇر ئارەز.»
دېدىم: «كۆرسەت يۈزۈڭنى»، دېدى: «يوخ-يوخ،
ھىجابى ناز ئارا پىنھانىدۇر ئارەز.»
ئەمىرى، ئول يۈز غەمىدىن ۋالەدۇرمەن،
مەگەركىم ئافەتى دەۋرانىدۇر ئارەز.

*

جەھان، جانا، جامالىڭغە تەسەددۇق،
دىلۇ جان خەتتۇ خالىڭغە تەسەددۇق.
چەمەندە سەرۋۇ شەمشادۇ سەنەۋبەر،
ئېرۇر مەۋزۇن نىھالىڭغە تەسەددۇق.
لەبىڭ سەر چەشمەئى ئابى بەقادۇر،
خىزىر خەتتى زىلالىڭغە تەسەددۇق.
تۇتارمەن تەن ئارا جاننى كىرامى،
بولۇر بىر كۈن ۋىسالىڭغە تەسەددۇق.

لەبىڭ ھەجرىدە زەھرى غەم يۇتارمەن،
ھەلاۋەت يادى بالىڭگە تەسەددۇق.
كۆڭۈل ئايىنەسىدە جۇشى ھەيرەت،
جەمالى بىمىسالىڭگە تەسەددۇق.

قالىپ ئېردى ۋۇجۇدۇمدىن خەيالى،
ئانى قىلدىم خەيالىڭگە تەسەددۇق.
ئېرۇرسەن ھۇسن مۇلكىنى ئەمىرى،
جەھان جاھۇ جەلالىڭگە تەسەددۇق.

*

ئېرۇر ھەركىمنىكىم جانانى بىباك،
نە غەمدۇر بولسە تىفلى جانى بىباك.
كۆڭۈل سەرۋەقتىغە كەلدى خەيالىڭ،
ئېرۇر بىباكنى مېھمانى بىباك.
كىشىكىم بولسە ئاشىقلىقغە مايىل،
جەھان ئەھلى دېگەيلەر ئانى بىباك.
بەسى زالىمدۇر ئول شوخى ستەمگەر،

يۈزى گۇل، نەرگىسى فەتتانى بىباك.
غەمىدە جان بىرەردىن باك يوقتۇر،
ئانىڭ بار ئاشىقى ھەيرانى بىباك.
قۇتۇلماس جانىم ئول بىباكلاردىن،
كۆزىدە خەنجەرى مىژگانى بىباك.
ئەمىرى ئىشقى فەريادىغە يەتمەس،
ئەسىرىكىم ئېرۇر سۇلتانى بىباك.

*

نىگارى كۆرمەدىم سەن سىيمبەردەك،
يۈزۈڭدۇر خۇي ئارا گۇل بەرگى تەردەك.
ساچىڭ سەۋداسىدىن مۇشكى خىتايى،
كېزەر ھەريان نەسىمى دەربەدەردەك.
ئەجەب شىرىن شەمايىلسەنكى دەرلەر،
قەدىڭنى جىلۋەسىنى نەيشەكەردەك.
لەبىڭ ھىجرانىدە گىريان كۆزۈمدە،
ئېرۇر ھەرقەترەئى ئەشكىم گۇھەردەك.
لەبىڭنى ياد ئېتىپ قانلار يۇتارمەن،

شەكەر شىرىن ئەمەس بۇ ماھەزەردەك.
ھەزەر قىلماس بەلادىن تەلبە كۆڭلۈم،
مۇھەببەت بىيشەسىدە شىرى نەردەك.
ھەۋا ئەيلەر كۆڭۈل پەيكانلارىڭدىن،
ئاڭا بولدى خەدەڭگىڭ بالۇ پەردەك.
ئېرۇر زۇلفۇڭ سەۋادى شامى دەيجۇر،
بەناگۇشىڭ ئېرۇر فەيزى سەھەردەك.
ئېرۇرسەن مۇلكى ئىستىغنا ئەمىرى،
گەدايى دەرگەھىڭدۇر شاھلەردەك.

*

ساچىڭدۇر شامۇ رۇخسارىڭ قەمەردەك،
مۇنەۋۋەردۇ بەناگۇشىڭ سەھەردەك.
ياپۇشمىش بىر-بىرىگە سۆزلەمەكدە
دۇداغىڭ، بەسكى شىرىندۇر شەكەردەك.
سەنەۋبەر بىرلە گۇل، نەيلەيكى، باردۇر،
قەدىڭ سەرۋۇ يۈزۈڭ گۇل بەرگى تەردەك.
نېتاڭ ئول گۇل غەمىدىن ئەشكى ئالىم،

كۆرۈنسە كۆزۈمە لەختى جىگەردەك.
كۆڭۈلغە ئىشق سەۋداسىدىن ئۆزگە،
جەھانىنىڭ بارچە سۇدىدۇر زەرەردەك.
غەنىمەت تۇت زەمانى ئۇمرى بۇ دەم،
نەچۈنكىم، ئىمتىدادى يوق شەرەردەك.
باشىدىن ئۆتتى سۇدەك ۋەسل چاغى،
ئەمىرىم ھەجر ئىلە ساكىن ھەجەردەك.

*

ئەي قەدىڭ سەرۋى چەمەن سىمادەك،
ئاي يۈزۈڭ مېھرى جەھان ئارادەك.
روزگارىمنى ساچىڭ سەۋداسى،

قىرگۇن ئەتتى شەبى يەلدادەك.
كۆرگۈزۈر كۆزلەرە يۈز رەڭگى بىلە،
ئۆزنى ئول شوخ گۇلى رەئنادەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشق ئەھلىنى گىرىفتار ئەيلەر،
زىينەتۇ زىيب ئىلە دۇنيادەك.
كۆپ ھەرىس ئۇلمە جەھان لەززەتىغە،
كامنى ئاچچىغ ئېتەر سەكفرادە.

دەھردىن مۇمكىن ئېرۇر كام ئالماق،
لېك مەۋجۇد ئەمەسۇ ئەنقادەك.
ئەدل يار ئۇلسە، ئەمىر، ئاساندۇر،
بولماق ئىسكەندەر ئىلە دارادەك.

*

شەربەتى لەئلىك شەرابى نابدەك،
ئارەزىڭ بەرگى گۈلى سىرابدەك.
يۈز گىرىپھدۇر رىشتەئى جانىم ئارام،
سۇنبۇلۇڭ تارىدا پىچۇ تابدەك.
نەقشى دىۋارى تەھەييۇر بولمىشەم،
ئەگمە قاشىڭ يادىدا مىھرابدەك.
قىل كەبى نازۇك بېلىڭنى قۇچقەنى،
بولدى زۇلفۇڭ ھەلقەسى قۇللابدەك.
مەسكەنىم ھەر كېچە كويۇڭدۇر، ماڭا،

ئىتلار ئۇل كوي ئارا ئەھبابدەك.
راھەتىم ئەسبابىنى گۇلخەندە كۆر،
كۇلدۇر ئاندا بىستەرى سىنجابدەك.
ئىزتىراب ئەتمە كۆڭۈل، يار ئالىدا،
ھېچ ئىش مەقبۇل ئەمەس ئادابدەك.
غۇسسە چەككىمەن فىراقىڭ ئالىدا،
رەڭگلەرىمدۇر جىسم ئارا مىزرابدەك.
ئايدىم ئىنجۇ تىشلارىڭ ۋەسفىن، ئەمىر،
ھەر سۆزۈمدۇر گەۋھەرى نايابدەك.

*

ئەي جەمالىڭ مىھرى ئالەمتابدەك،
پارە ـ پارە كۆڭلۈم ئۇستۇرلابدەك.
ياش تۆكۈپ گىريان كۆزۈم كويۇڭ ئارا،
ئايلانۇر باشىم مىنى دۇلابدەك.
مۇغتەنەم بىل سۇھبەتى ئەھبابنى،
كىم ئۆتەر ئالەم خەيالى خابدەك.
شەھنەئى ھىجران ئېتىپ زۇلمۇ ستەم،
بۇزدى كۆڭلۈم كىشۋەرىن ئەربابدەك.
دەم بەدەم ھىجرانىڭ ئاتەشگاھىدۇر،
ئىزتىراب ئەيلەر كۆڭۈل سىيمابدەك.

فۇرقەت ئەييامىدا غەم بىمارىغە،
تاپمادىم دارۇ شەرابى نابدەك.
زاھىد ئەر قاشىڭغە ئىنكار ئەيلەدى،
يۈز ئۈگۈردى قىبلەدىن مىھرابدەك.
زەخملەر كۆكسۈمدە ھەجرىڭ تىغىدىن،
ئىشق دىۋانىدە فەسلى بابدەك.
ئاھكىم، سەبرى سۇكۇن بۇنيادىنى،
ئەشك ۋەيران ئەيلەدى سەيلابدەك.
گەر فەلەك ئەرز ئەتسە خۇرشىدىن ئەمىر،
بولماگەي شاھ ئۇلۇل ـ ئەلبابدەك.

*

ھۇسنۇڭ كەمالە يەتتى، ئەي مەھلىقا مۇبارەك،
ئايىنەئى جەمالىڭ تاپتى سەفا مۇبارەك.
خۇب ئۇلدى ئارەزىڭنى ئايىنەدىن ياشۇردۇڭ،
ئەي شۇخ ماھ تەلئەت، شەرمۇ ھەيا مۇبارەك.
تا يۈزگە غازە چەكدىڭ، قانىمنى تۆكتى ئۈمرىڭ،
ناز ئىلكىدە، نىگارا، بولسۇن ھىنا مۇبارەك.

هەرچەند ماڭا پەيمانەسىن ئۇشاتدىڭ،
قىلدىڭ رەقىبلەرغە ئەھدۇ ۋەفا مۇبارەك.
تۇن قايدا مەست ئېردىڭ، كىم بىرلە بادە ئىچتىڭ؟
گۇل جەيبىدەك ئۇزۇلگەن بەندى قەبا مۇبارەك.
ئەي خۇبلارنى شاھى، بولمە رەقىبە ھەمدەم،
يانىڭدا نە مۇناسىپ، ئول شۇم نامۇبارەك.
تا مەسنەدى مەلاھەت سۇلتانىسەن، ۋەفا قىل،
شەھدىن كەرەم مۇناسىپ قۇلدىن دۇئا مۇبارەك.
بىر شوخ دىلرەبانى بولدۇم ئەسىرى زۇلفى،
باشىمغە تۈشتى سەۋدا قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.
ئول سەرۋ قەد خەيالىن قىلدىڭ ئەمىرى ئىنشا،
تەبئى سەلىم بىرلە فىكرى رەسا مۇبارەك.

* *

شاخى گۇلنى سىندۇران تەرفى كۇلاھىڭدۇر سېنىڭ،
شانە ھەم بىر دامكەن زۇلفى سىياھىڭدۇر سېنىڭ.
ئىككى ئاي بىر ھالە ئىچرە كۆرمەمىش ئەھلى زەمان،
ئول مۇئەتتەر زۇلفۇڭ ئىچرە ئىككى ماھىڭدۇر سېنىڭ.
خىرمەنى گۇل ئىچرە كۆردۈڭ دانەئى خالىم، دېدىڭ:
«زەئفەران يەڭلىغ سارىغ رۇخسارى كاھىڭدۇر سېنىڭ.»
دىلرەبالار ئىچرە قىلساڭ دەئۋەئى دىلدارلىغ،
ئىككى مۇشكىن زۇلف يانىڭدا گۇۋاھىڭدۇر سېنىڭ.
ھۇسنى ئىقلىمىنى شاھىسەن، كۆكۈل فەتھى ئۈچۈن،
چەشمى ئەبرۇيى سەفى مىژگان سىپاھىڭدۇر سېنىڭ.
كېچەلەر كىمدۇر دېدىڭ كويۇمدا ئەفغان ئەيلەگەن،
ئاشىقى مەزلۇم، يەئنى دادخاھىڭدۇر سېنىڭ.
ئىشق دىۋانىدە بىر مىسرەئى كۆرۈندى، ئەي كۆكۈل،
دەرد باغى سەرۋىدۇر يا مەددى ئاھىڭدۇر سېنىڭ.
يارنى جان بەخش لەئلىدىن ماڭا بىر سور دېدىڭ،
ئەي ئەمىرى كامران، تەگرى پەناھىڭدۇر سېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



*        *

ئۇن چېكەرمەن تا ئىشىتكەي سەرۋى ئازادىم مېنىڭ،
قۇمرىدەك بىھۇدە ئېرمەس ئاھۇ پەريادىم مېنىڭ.
يارسىز تەكلىفى گۇلشەن قىلماڭىز، ئەي باغبان،
لالەئى گۇلدىن ئاچىلماس تەبئى ناشادىم مېنىڭ.
تەلبە ئەيلەر ئادەمىغە گەر يەقىن بولسە پەرى،
ئەيلەدى مەجنۇن يىراقلىغىدىن پەرىزادىم مېنىڭ.
نې قىلۇر مەھزۇن كۆڭۈل شىرىن ئەدالار ئىشقىدىن،
كىم بەلا تاغىدا ساكىندۇر بۇ فەرھادىم مېنىڭ.
سەيد ئېتەر نەخچىرنى سەييىاد، كۆرگىل تۇرفەكىم،
بولدى جادۇ كۆزلەرىڭ نەخچىر سەييادىم مېنىڭ.
ئۇتلۇغ ئاھىم ئۇزرە جارى ئەيلەدى ئەشكىم سۈيى،
ئىشقىدىندۇر ئىختىرائى جەمئى ئەزدادىم مېنىڭ.
ئىشق مۇلكىدە ئەمىرەم، دەردۇ غەمدۇر ھىشمەتىم،
ئاھ بىرلە نالە بولدى ئەدل ئىلە دادىم مېنىڭ.

*        *

ۋىسالىڭغە كۆڭۈل مۇشتاق ئىدى، ئەي يار، خۇش كەلدىڭ،
كۆزۈم نۇرىنى رەۋشەن ئەيلەدىڭ بىسيار خۇش كەلدىڭ.
خۇمارىم زەئفىدىن بىتاب ئىدىم بەزم ئىچرە، ئەي ساقى،
خىرامان شىشەئى ساغەر تۇتۇپ سەرشار، خۇش كەلدىڭ.
كۆڭۈل باغىدا ھەريان داغى ئاھىم سەرۋ ئىلە گۇلدۇر،
بۇ گۇلشەن سەيرىغە، ئەيسەرۋى گۇل رۇخسار، خۇش كەلدىڭ.
بۇ شەكلۇ بۇ شەمايىل بىرلە بەزمى ناز ئارا كىردىڭ،
سەھى قەدلەرنى قىلدىڭ سايەئى دىۋار، خۇش كەلدىڭ.
ھەزىن مۇشتاقلارغە يار فىردەۋسى خەيالىدىن،
يېتۈردۇڭ مۇژدە، ئەي تاۋۇسى خۇش رەفتار، خۇش كەلدىڭ.
كەمەر بەندى تەكەللۇم زاھىر ئەتتى بەلۇ ئاغزىڭنى،
نىسارى مەقدەمىڭدۇر بارچە يوقۇ بار، خۇش كەلدىڭ.
تۈن ئاقشام يار كەلتۇردى ماڭا تەشرىفى مېھمانلىغ،
رەقىب ئارقاسىدىن كەلدى، دېدىم ناچار: «خۇش كەلدىڭ.»
كېچە كۇلبەمغە پىنھان كەلدى ئول مەھۋەش، ئەمىر، ئايدىم:
«بۇ لۇتفۇ مەرھەمەتنى بىلمەسۇن ئەغيار، خۇش كەلدىڭ.»

*

نىگە مۇنچە سىياھدۇر كاكۇل،
مۇكەررەم دۇدى ئاھدۇر كاكۇل.
ھەلقەئى زۇلفىدىن كۆرۈندى يۈزى،
ھالەئى بەدرى ماھدۇر كاكۇل.
ھۇسن ئىقبالىنى ياشۇرماق ئۈچۈن،

*

تاجى زىرى كۇلاھدۇر كاكۇل.
ھۇللەئى قەتل ئىتەرگە خالۇ خەتى،
ئىككى زالىم گۇۋاھدۇر كاكۇل.
كىشۋەرى ھۇسنىنىڭ ئەمىرىدۇر،
سەلتەنەت دەستىگاھدۇر كاكۇل.

*

ئىرۇر خاكى تىنىم يولۇڭدا پامال،
باشىمغە سەرۋ قەددىڭ سايەسىن سال.
قەدۇ زۇلفۇ يۈزۈڭنى ھەسرەتىدىن،
ئىرۇرمەن ۋالەۋۇ ھەيران مەھۇ سال.
دىدىم: «زۇلفۇڭ ئاياغىڭغە تۆشۈپدۇر،»
دىدى: «شەمشاد ئاستىدا ئىرۇر دال.»
دىدىم: «لەئل ئاستىدا گەۋھەردۇر، ئايا؟»
دىدى: «مەيگۇن لەبىم دەۋرىدە تەبخال.»
جەۋانا، بۇ قارىلارغە ۋەفا قىل،

*

ئەجايىب بىۋەفادۇر بۇ كۇھەن زال.
مەلاھەت گۇلشەنىسەن، ئەي گۇل ئەندام،
ساچىڭ سۇنبۇل، خەتىڭ سەبزە، يۈزۈڭ ئال.
سەنەۋبەرنى قەدىڭغە نىسبەتى يوق،
نىچۈككىم سەرۋ بىرلە تەڭ ئەمەس تال.
دەمادەم جەۋرۇ بىدادىڭ ئوقىدىن،
مۇشەببەك بولدى كۆڭلۈم مىسلى غەربال.
ئەمىرى ھۇسن ئىرۇرسەن، ئەي پەرى رو،
كەرەم قىل بۇ گەدالاردىن دۇئا ئال.

*

خەتىڭ رەيھانى جەننەت ئارەزىڭ گۇل،
ساچىڭ ئول گۇلنى ئەترافىدا سۇنبۇل.
فىراقىڭ سەئبۇ ھىجرانىڭ بەلادۇر،
قىلىپ بولماس ئاڭا سەبرۇ تەھەممۇل.
كىچە كويۇڭ ئارا فەرياد قىلدىم،

*

كى تۆشتى ئىتلارىڭ خەيلىغە غۇلغۇل.
يۈزۈڭ كۆرگەندە نالەم تاڭ ئەمەسدۇر،
فىغان ئەيلەر گۇلىستان ئىچرە بۇلبۇل.
ئىرۇرمەن ئىشق مۇلكىنى ئەمىرى،
ۋىسالىڭدۇر ماڭا تەختۇ تەجەممۇل.

*        *

ئارەزىڭنى كۆرۈبان تەركى گۇل ئەتتى بۇلبۇل،
شەمئى رۇخسارىڭە پەرۋانە ئىرۇر جانۇ كۆڭۈل.
قەدەمۇ رويۇڭا شەمشادۇ سەنەۋبەر ئىكەۋى،
بىرى ئازادىڭ ئىرۇر، ئول بىرىسىدۇر ساڭا قۇل.
بەزم ئارا خۇش ياراشۇر بولسە ئەگەر شاھىدۇ مەي،
نەيۇ بەربەت ئىلە سىھتارۇ سەدايى قۇلقۇل.
خەتى سەبزىغە بىنەفشە قىلىپ ئىركەن دەئۋى،
باغبان باغ ئىچىدە سالدى ئانى بويىنىغە غۇل.
باغ سەيرى ماڭا ھاجەت ئەمەس، ئەر كۆرسەم ئانى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈزى گۈلدۇر قەدى شەمشادۇ ساچىدۇر سۇنبۇل.
سىدقەسى بولماغى ئاشىقلارە مۇمكىن يوقدۇر،
باشىدىن ئۆيرۈلەدۇر شەۋق ئىلە زۇلفۇ كۆكۈل.
ساقىيا، بولدى يەنە ھۆسنۇ لەتافەت باغى،
تابى مەيدىن ئاچىلۇر ئىككى ئۇزارىڭ گۈل ـ گۈل.
ساقىيا شىشەنى كەلتۈركى ئېرۈر دەۋرى ئەمىر،
بولدى رەئنا يەنە گۈل چاغىدە پەيمانەدە مۇل.

*　　　*

كۆزلەرىڭ زالىم ئىدى، ھالىمە گىريان تاپتىم.
شاھ ئېرۈرمەنكى بۇ كافىرنى مۇسۇلمان تاپتىم.
مەھفىل ئاراي بولۇپ كۈلبەمە كەلدى بۇ كېچە،
ئارەزى لەمئەسىدىن شەمئى شەبىستان تاپتىم.
ساقىيا، سەرۋى قەدۇ زەر قىزىنىڭ جىلۋەسىدىن،
بەزم فىردەۋسى ئارا ھۈر ئىلە غۇلمان تاپتىم.
سەن پەرى پەيكەرە ھەر لەھزە نىسار ئەتمەك ئۈچۈن،
كۆزۈم ئۈممانى ئارا گەۋھەرى غەلتان تاپتىم.
يۈزىگە باقتىمۇ لەئلىدە تەبەسسۇم كۆردۈم،
بۇ چەمەن سەيرىدە بىر غۇنچەئى خەندان تاپتىم.
كۆزى جەللادۇ لەبى لەئلى مەسىھا ئېردى،
بىرى ئۆلتۈردى ۋە لېكىن بىرىدىن جان تاپتىم.
مەن گەدا ئەرزى دىلىم كىمگە دەرىن بىلمەس ئىدىم،
لىللاھۇل ـ ھەمدىكى، سۇلتانى سۇخەندان تاپتىم.
لەبىنى ياد قىلىپ، شەۋقىدە قان بولدى يۈرەك،
ئارزۇ مەخزەنىدىن لەئلى بەدەخشان تاپتىم.
خەتى سەۋداسىدە ئاۋارە ئىدىم لەئلى ئۈچۈن،
زۇلۇمات ئىچرە بۇ كۆن چەشمەئى ھەيۋان تاپتىم.
فىترەتى فەھمى دەقىق ئىلە مەن ئېردىم يەكتا،
ئاسەفى ۋەقت ئىدىم، ئەمدى سۇلەيمان تاپتىم.
قىسمەتىم داغى فىراق ئولدى ئانىڭ كويى ئارا،
ۋەسل ئۈممىدى بىلە باردىمۇ ھىجران تاپتىم.
يار ۋەسلى بۇ كېچە ماڭا مۇيەسسەردۇر، ئەمىر،
كۆزۈم ئايىنەسىنى ھۆسنۈڭە ھەيران تاپتىم.

* *

گۈزەللەر شيۋەسىنى ئەيلەدى كۆپ ئىمتىهان كۆڭلۇم،
بىرىنى كۆرمەدى مىهرى ۋەفاسىدىن نىشان كۆڭلۇم.
خەيالىم ئۆيىدە ئول گەنجى هۆسن ئەتكەن كەبى مەسكەن،
مۇئەللەق تۇردى گوياكىم، تامارىدىن قەترە قان كۆڭلۇم.
قۇيۇندەك چەرخ ئۇرۇپ، جەۋلان ئېتىپ تاپماي سۇراغىڭدىن،
جۇنۇن دەشتىدەدۇر ئاۋارەئى بىخانىمان كۆڭلۇم.
خىزىردىن ئابى هەيۋان ئىلتىماس ئەتمەسمەن، ئەي ساقى،
مەسىهايى لەبى لەئلىڭ مەيىدىن تاپتى جان كۆڭلۇم.
بېرىپ بىر ئاه ئىلە بەرباد ئالەم بارى ئەندۇهىن،
كۆتەردى يەر يۈزىدىن تاغلارنى ناتەۋان كۆڭلۇم.
مىيانىڭ رەمزىنى سىررى دەهانىڭدىن ئەسەر تاپماي،
ئەدەم دەشتىدە نابۇد ئولدى بىنامۇ نىشان كۆڭلۇم.
يۈزۈڭ ئابى ئۈچۈن غەم شامىدا قەرنى قىران ئەتتىم،
ئەمىرى لەشكەرى سەۋدا ئېرۇر ساهىبقىران كۆڭلۇم.

* *

ئېچۈك ئۆلمەيكى جانىم كەبى جانىمنى ساغىندىم،
بۇ گۈلشەن ئىچرە ئول سەرۋى خىرامانىمنى ساغىندىم.
سەبەب بولغايمۇكىن بۇ چەرخى زالى ۋەسلىغە، يا رەب،
كۆرەي دەپ يۇسۇفىمنى پىرى كەنئانىمنى ساغىندىم.
مۇيەسسەر بولمادى بۇ زەررەغە ۋەسلىڭ قۇياشىكىم،
فىراقىڭ شامى ئىچرە ماهى تابانىمنى ساغىندىم.
ئەگەرچە مۇر يەڭلىغ زەئفدىن چوق ناتەۋاندۇرمەن،
نەزاكەت كىشۋەرى ئىچرە سۇلەيمانىمنى ساغىندىم.
يۈزىن كۆرگەچ بولۇر ئېردى كۆزۈم هۆسنىغە مەهۋ ئانداق،
كىم ئول كۆزگۈ ئارا بۇ چەشمى هەيرانىمنى ساغىندىم.
پەرىشان ئەتتى ساچى شانەدەك كۆڭلۇم هەۋاسىنى،
نېتەيكىم غۇنچە يەڭلىغ جەمئى سامانىمنى ساغىندىم.
خەتى زۇلفۇڭنى سەۋداسىدە دەرمىش ناتەۋان كۆڭلۇم،
خىتا بىرلە خوتەندە خانۇ خاقانىمنى ساغىندىم.
كىرىپ بوستانغە هەرگىز كۆرمەدىم بىر نەخلى ئانىدەك،
يۈزى گۈل، سەرۋ قەد، زۇلفى پەرىشانىمنى ساغىندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەرچەندى ئەمرى ۋەقتمەن بۇ ئەسكى دەھر ئىچرە،
مۇھەببەت كشۋەرى ئۈستىدە سۇلتانىمنى ساغىندىم.

* *

قەدى سەرۋى رەۋان رۇخسارى گۇلنارىمنى ساغىندىم،
تەغافۇل بادەسىدىن مەستى سەرشارىمنى ساغىندىم.
غەمۇ فۇرقەت ئىلە ئازۇردە جان ئولسام ئەجەب ئىرمەس،
غۇرۇرى ھۇسن بىرلە ئاشىقى زارىمنى ساغىندىم.
لەتافەتلىك يۈزى بىرلە مۇتەررا زۇلفىنى ئىستەرمەن،
نەزاكەت شىيۋە گۇل رۇخ، كۆزى خۇمارىمنى ساغىندىم.
فەلەك تاقىدىن ئۆتكەردىم فىغانۇ نالە ئىقبالىن،
غەزەلخانۇ نەۋا پەرداز دىلدارىمنى ساغىندىم.
مەجۇ ئاۋارە مەجنۇن ھەجر ۋادىسىدە يار ئىردۈك،
ئول ئۆز لەيلىسىنى ياد ئەتتى، مەن يارىمنى ساغىندىم.
ئىچىپ زەھرى فىراقىن ئاچچىغ - ئاچچىغ يىغلاسام كۈلمەك،
كىم ئول شىرىن شەمايىل شەھد گۇفتارىمنى ساغىندىم.
ۋىسال ئىچرە، ئەمىر، ئول يار ۋەسلى خۇب ئىرۇر، لىكىن،
دەمى فۇرقەتدە ھەردەم نالەئى زارىمنى ساغىندىم.

* *

ئارەزىن رەڭگىنى قىلىپ ئاشىقلارىنى زار ئەيلەگەن،
خەنجەرى مىژگان بىلە كۆكسۈمنى ئەفگار ئەيلەگەن.
سۇرمە چەككەن چاغدە بەختىمنى قارا قىلدى كۆزى،
لەئلى نابى ھەسرەتى دىيدەمنى خۇنبار ئەيلەگەن.
بىلمىيۇ ئاغزى خەيالى سىررىنى ئىزھار ئەيلەبان،
تەبەسسۇمنى نازۇك قىلىپ ھەم مەزھەبىنى تار ئەيلەگەن.
ئافتابى ھۇسن فالىڭ ئەتتى دۇنياغە تۇلۇئ،
خۇبلۇغدە يۇسۇفى كەنئانىنى بىكار ئەيلەگەن.
كاكۇلىنى تارىدىن بەند ئەيلەپ ئول جادۇ كۆزى،
ئىككى ئەژدەر زۇلفىنى ئەفسۇن بىلە مار ئەيلەگەن.
ئول تەجەللى لەمئەسىنى كۆرگۈزۈر ئايىنەدەك،
تۇر بەرقىنى يۈزى شەمئىدىن ئىزھار ئەيلەگەن.
كۆزى ئۆلتۈردى ئەمىرۇ تىرگۈزۈپ لەئلى لەبى،

زۇلم زاھىر ئولماسۇن دەپ ئۆزنى غەمخار ئەيلەگەن.

*   *

لەبلەك ئاچچىغ سۆز ئايتىپ بولدى ئاندىن كامى جان شىرىن،
بۇ ساغەر ئىچرەدۇر مەۋجى شەرابى ئەرغەۋان شىرىن.
مەن ئۆلدۈم يار ئۈچۈن، سەن جان تالاشتىڭ لەئلىدىن، ئەي دىل،
ساڭا جان ئېردى شىرىنۇ ماڭا ئارامى جان شىرىن.
لەبلەك ۋەسفىنى تەكرار ئەيلەبان لەززەت تاپار كۆڭلۈم،
ئەگەرچەندىكى ھەلۋا زىكرىدىن بولماس دەھان شىرىن.
شەكەر گۇفتارلار لەئلى ھەدىسىدىن دېسەم ھەرفى،
بولۇر ھەر لەھزە تۇتىدەك ماڭا كامى زەبان شىرىن.
قىلىپ زۇھدى رىيايى، ئىشقدىن ئىنكار ئېتەر زاھىد،
ئانى مەئزۇر تۇت ئېشەككە ھەلۋادىن سەمان شىرىن.
قەنائەت پىشەگە راھەت ئېرۇر ئالەمد قاتتىغلىغ،
تەئەججۇب قىلما گەر بولسە ھەممەغە ئۇستىخان شىرىن.
بۇ كۈن قايىسى شەكەر لەب ۋەسفىنى قىلدىڭ، ئەمىر، ئىنشا،
دېدى نەزمىڭنى كۆرگەچ ئول بۇتى شىرىن: «زەبان شىرىن».

*   *

ساڭا ئەرزى ھالىمنى ئەيلەي بەيان،
قۇلاق سالغىل، ئەي سەڭگى دىل بىر زەمان.
ئېرۇرسەن پەرى چېھرەلەر سەرۋەرى،
كى يەتمەس ساڭا مۇنچە ئاھۇ فىغان.
سەن ئەغيار بەزمىدە سەر خۇش بولۇپ،
مېنى ئەيلەدى دەردى غەم ناتەۋان.
بۇ مەجنۇننى رەسۋايى دەھر ئەتتىلەر،
پەرى رويلار ئىلكىدىن ئەل ـ ئەمان.
يۈزۈڭ ئولدى خەت سەبزەسىدىن بەھار
مېنى باغى ئەيشىمنى قىلدى خەزان.
يۈزۈڭ بىرلە خەتتىڭ غەمىدىن ماڭا،
گۇل ئېرمىش ھەمانۇ تىكەندۇر ھەمان.
ئىشىم بولدى ئىشق ئىچرە دىۋانەلىق،
ئەگەرچەند ئېرۇرمەن ئەمىرى زەمان.

*   *

پەرى رويا، فىدادۇر ساڭا يۈز جان،
مېنى قىلمە غەمىڭدە زارۇ ھەيران.
يولۇڭدە خاك بولدۇم قويمادىڭ ھېچ،
قەدەم باشىمغە، ئەي سەرۋى خىرامان.
نەچە قان يىغلادىم كويۇڭ ھەرىمى،
كۆزۈمنى ياشىدىن بولدى گۇلىستان.
ساچىڭ سۇنبۇل، خەتىڭ رەيھانى جەننەت،
يۈزۈڭ گۇل ئاندا خالىڭ نەجمى رەيھان.
نەچە ئۇششاقلار جەۋرىڭدىن ئۆلدى،
جەفادىن ئولمادىڭ ھەرگىز پۇشەيمان.
كۆزۈم يۈز داد ئېتەر كافىر كۆزۈڭدىن،
ئىشتمەسسەن بۇ سۆز، ئەي نامۇسۇلمان.
ئۇمىدىم سۇبھە تارىدىن ئۈزۈلدى،
ئېرۇر ئۇششاقە كۇفرى زۇلفۇڭ ئىمان.

جەۋاھىر سۇرمە ئىستەر تۇتىياغە،
غۇبارى دەرگەھىڭدىن چەشمى گىريان.
تەرەھھۇم ئەتمەدىڭ، ئەي بىمۇرۇۋۋەت،
يۇرەكنى تىغى ھەجرىڭ ئەيلەدى قان.

مىژەم قان ـ ياش بىلە خەتتىڭ غەمىدىن،
يۇزۇمنى سەفھەسىنى قىلدى ئەفشان.
خەتىڭ دەۋرىنى ۋەسفىن قىلدىم ئىنشا،
مىنى دەرلەر ئەمىرى مۇلكۇ دەۋران.

* *

زۇلفىدىن مەن، بەرھەمەن زۇنناردىن ئايرىلماسۇن،
ھىچكىم ئالەم ئارا ئۆز كاردىن ئايرىلماسۇن.
غەملۇ كۆڭلۇم فۇرقەت ئىچرە شامدىن تا سۇبھى دەم،
دەر ئىدى: «يارەب، كىشى دىلداردىن ئايرىلماسۇن».
يەتكۇزۇڭ، ئەي دوستلار، مەجنۇنى سەرگەردانغەكىم،
مەن كەبى غەم دەشتى ئىچرە ياردىن ئايرىلماسۇن.
كەتتىيۇ مەجنۇن، جۇنۇن دەشتىدە مەن قالدىم غەرىب،
ھىچكىم ھەمپىشەئى ھەمكاردىن ئايرىلماسۇن.
بولماسۇن داۋران ئارا شورى قىيامەت ئاشكار،
جىلۋە چاغى پەردە گۇل رۇخساردىن ئايرىماسۇن.
بەلۇ ئاغزى ھەجرىدە ھەسرەتدىن ئۆلدۇم، ھىچكىم،
مەن كەبى دەھر ئىچرە يوقۇ باردىن ئايرىلماسۇن.
زۇلفىدىن ئايرۇ نى سەۋدالار تۇشۇپدۇر كۆڭلۇمە،
بۇ ھەزىن مەجنۇن جۇنۇن تۇمماردىن ئايرىلماسۇن.
نۇش دارۇدۇر ھەزىن كۆڭلۇم ئۇچۇن لەئلى لەبى،
يارەب ئول بىمار بۇ تىماردىن ئايرىلماسۇن.
ھەجر ئۆلمەكدىن بەتەردۇر، ئاشىقى بىخانۇمان،
جانىدىن ئايرىلسۇن، ئەمما ياردىن ئايرىلماسۇن.
بائىسى راھەت ئىمىش كۆڭلۇمغە غەفلەت زۇلمەتى،
بۇ سىنۇق ئايىنە ئۆز زەڭگاردىن ئايرىلماسۇن.
خەستە كۆڭلۇم تارى مۇشكىن زۇلفىدىن ئايرۇ، ئەمر،
تۇشمەسۇن يەئنى بۇ گەۋھەر تاردىن ئايرىلماسۇن.

(مۇخەممەس ئەمرى بەرغەزەل زەلىلى)

سەھەر چەمەندە قۇلاغىمە باڭى ئۇد يېتەر،
بىشارەتى كەرەمى ۋاجىبۇل ـ ۋۇجۇد يېتەر.
بۇ كىچەكىم تولۇن ئاي، سارىغە ۋۇجۇد يېتەر،

فەلەك فىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر،
سەۋادى سۇرمە دىمە، كۆزلەرىمگە دۇد يېتەر.

تەرىقەت ئەھلىنى ئەندىشەسى قەنائەتدۇر،
ۋۇجۇد شەمئىنى كۆيدۇرمەك ئاڭا ئادەتدۇر،
چۇ ساف بولسە كۆڭۈل ئەنجۇمەندە خىلۋەتدۇر،
چىراغى خانەقەھۇ سۇفىيان نې هاجەتدۇر،
ستارەئى فەلەكى گۇنبەزى كەبۇد يېتەر.

هەۋايى ئىشقىدە پەرۋاز مىسل تەير ئەتكىل،
ئانى ۋىسالى ئۇمىدىدە تەركى غەير ئەتكىل،
ۋۇجۇد كىسۋەتىنى تاشلا، كارى خەير ئەتكىل،
تەمامى دەشتى تەرىقەت بەرەھنە سەير ئەتكىل،
كۇلاهى خىرقەئى پەشمىنەدىن نې سۇد يېتەر.

ۋىسالىڭىز بۇ چەمەندىن كۆزۈمگە زىندان خۇب،
نىشان مەھفىلىدىن كۇنجى بەيتۇل ئەھزان خۇب،
ئەگەرچە بۇلبۇلى شورىدەغە گۇلىستان خۇب،
ماڭا جەھان ئىلىنى بەزمىدىن گورىستان خۇب،
نەۋائى نەۋھەئى هەر قەبرىدىن سۇرۇد يېتەر.

فىغانكى هەسرەت ئىلە نەقدى ئۇمر بولدى هەبا،
هەبىب رەۋزەسىغە يەتمەدىم چۇ بادى سەبا،
ئەمىرى ئىردىم ئەگەرچە مۇهىببى ئالى ئەبا،
نەسىبەئى بۇ جەراهەت زەلىلى، ۋاه، ئەجەبا!
مۇهەممەدى ئىدىمۇ شەربەتى جۇهۇد يېتەر.

* *

فەمىڭدىن، ئەي پەرى رۇخسارە جانى ناتەۋانىم بار،
قىلۇركىم زەڭگى هىجرانىڭ قىلىچىن قەترە قانىم بار،
فىراقىڭ باغىدا بۇلبۇل كەبى مىڭ داستانىم بار،
يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ، ئەي، گۇلئۇزارىم، يۈز فىغانىم بار،
جەهان باغىدە ئىستەرمەن سىنى تا تەندە جانىم بار.

تۇتاشتى ئىشق ئوتى كۆڭلۈم ئارا تەدبىر ئېتەلمەيمەن،
گۇلى سىيرابى رۇخسارىڭ ئاڭا تەسۋىر ئېتەلمەيمەن،
مۇھەببەت شەرھىنى جان ئۆرتەتۇر تەھرىر ئېتەلمەيمەن،
جۇنۇن مەكتۇبىنى مەزمۇنىنى تەقرىر ئېتەلمەيمەن،
ئېشىتكەن خەلق يىغلار شۇئلەئى تىغى زەبانىم بار.

قەدەم ئۇرغان مۇھەببەت كويىغە ئەفسانە بولماسمۇ،
پەرىلەر بىرلە سۇھبەت ئەيلەگەن دىۋانە بولماسمۇ،
غەمى يار ئىستەگەن ئەغياردىن بىگانە بولماسمۇ،
جۇنۇن شەھرى سەراسەر ئاقىبەت ۋەيرانە بولماسمۇ،
كۆزۈم ياشى چۇ دەريا ھەر تەرەف ئابى رەۋانىم بار.

پەرى رۇخلار يۈزىنى ماھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
سەھى قەدلەر غەمىدىن ئاھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
ھەرىمى دىلنى بەيتۇللاھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
كۆڭۈلنى پايى تەختى شاھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
ۋۇجۇدىم شەھرىدە لەشكەركەشى ساھىبقىرانىم بار.

ئەمىرا، مەنگە ئوخشاب غەمدە مۇئتاد ئولماغىل ھەرگىز،
ئەسىرى جىلۋەئى ئول سەرۋى ئازاد ئولماغىل ھەرگىز،
مېنى مەھزۇن تاپىپ، ئەي ئىشق، جەللاد ئولماغىل ھەرگىز،
يىقىلدى دەپ زەلىلىنى، ئەدۇ، شاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەدكارىم مېنى سۇلتانى سۇتۇق 'بۇغراخانىم بار.

# مەدەنىي مىراسلار ۋە مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

(ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز» نىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

قادىر ئەكبەر

يولداش ماۋزېدۇڭ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئاۋۋال دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە ئۇلۇغ ئەل ـ جۇڭگو ئۈچۈن مەنىۋى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدېئولوگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئىدېئولوگىيە ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسىدىن تاكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىگىچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبيېكتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي رولىغىچە، زامانىۋى ـ ئاكتۇئال بەدىئىي مەھسۇلاتلاردىن تاكى مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىگىچە بولغان كەڭ قاتلاملىق نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىللىق مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگو ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ھەم مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلىنى توغرا يۆنىلىشكە باشلاش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتى، گۈللىنىشى، زامانىۋىلىشىشى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى بىلەن، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

مەن تۆۋەندە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا» ئوتتۇرىغا قويغان ۋە 50 يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئويناپ كەلگەن ئىدىيىسىنى بويلاپ، مىراسلار ۋە

ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

(1)

مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆتمۈش دەۋرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە، قەدىمىي ئەجدادلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىپ كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر مۇئەييەن دەۋرىدە، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گەۋدىسى بىردىنلا، تاسادىپىي يارىتىلمايدۇ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلار ياراتقان ۋە كۆپ ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆز قىممىتىنى، رولىنى ساقلاپ كەلگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلاش ئاساسىدا ئۆز دەۋرىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭى بىر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى يارىتىدۇ. مەدەنىيەت مۇشۇنداق بىر جەريان ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، دەۋر روھىغا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، مەنىۋى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەربىر دەۋردە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

مەدەنىيەت بايلىقلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا ئېھتىياج ۋە تەقەززا نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ۋە روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، لېكىن دەۋر ئالمىشىپ، كونا ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئىگىلىگەندىمۇ، كونا دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۆز دەۋرى بىلەن بىللە يوقلىپ كەتمەيدۇ بەلكى كېيىنكى دەۋر ئەۋلادلىرى ئۈچۈن، «مەدەنىيەت مىراسى» ۋە «ئەنئەنە» بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە ئەنە شۇنداق مىراسلار ۋە ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىراسنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىيلىكىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، ۋارىسلىق قىلىشتىن ئاۋۋال مىراسنىڭ ئۆزىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆز لايىقىدا باھالاش كېرەك. ھەرقانداق مەدەنىيەت مىراسى ئۆتكەن دەۋرنىڭ ماددىي، مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى سىنىپلار ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ پائالىيىتىگە مەنسۇپ. شۇڭا مۇئەييەن دەۋردىكى يېڭى ئەۋلادلار مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندا، ئۆتكەن زاماننىڭ ھەممە نەرسىسىنى قانداق بولسا، شۇ پېتىچە قارىغۇيۇق قوبۇل قىلماي، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاساسىي روھى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئېھتىياجى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى

ئاساس قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ماس كېلىدىغان ۋە قىممىتى بار ئىلغار تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭىلاپ قايتا ئىشلەپ ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. مىراسلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم. بۇنى يولداش ماۋزېدۇڭ «مېغىز بىلەن شاكال» نى ئايرىش، دەپ ئوبرازلىق ئاتىغانىدى.

دەرۋەقە، ھەرقانداق مىللەتكە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھەممىسى «مېغىز» دىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئۇنىڭ شاكىلىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، فېئودالىزم دەۋرىدىن قېپقالغان بەزى ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە ئەجدادلارنىڭ ئىجابىي دۇنيا قارىشىنى، ئۇمىدۋارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق ۋە خەلقپەرۋەرلىك غايىلىرىنى، تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەزى ئىلغار مەزمۇنلار بار. بۇلار قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرى بولۇپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈرنەك، نەمۇنە بولۇش قىممىتىگە ئىگە، بۇ ــ مىراسنىڭ «مېغىزى»، يەنى بىز ئۆگىنىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ئىجابىي تەرىپى. يەنە بەزى ئەدەبىيات ئابىدىلىرىدە بولسا، سەلبىي مەزمۇنلار ساقلانغان. ئۇلاردا فېئوداللىق دۇنيا قاراش، زۇلۇم ـ ئادالەتسىزلىك، ساختىپەزلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىككە ئوخشاش ناچار ئادەتلەر، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان، ئىنساننىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشىنى چەكلەيدىغان كۆپلىگەن چۈشكۈن يەنى خۇراپىي نۇقتىئىنەزەرلەر تەرغىپ قىلىنغان. بۇلار بولسا، مىراسنىڭ «شاكىلى»، يەنى بىز رەت قىلىدىغان ۋە تەنقىدىي باھا بېرىدىغان ۋە ئۆز نۆۋىتىدە «ساۋاق» قىلىدىغان سەلبىي تەرەپلەر. ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندا «مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈش» تىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار، ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ، سەلبىي، قالاق تەرەپلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەنقىدىي تەھلىل قىلىشنى ۋە شۇ ئاساستا يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلىشىدا ئۆتكەن زامانلاردىن قېپقالغان ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى، خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى، مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممەتلىك دۇردانىلىرىنىڭمۇ بەلگىلىك رولى بولىدۇ. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت، لېكىن بۇ، ئۆتكەن زامانلاردىن قېپقالغان ھەرقانداق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ــ قارىقويۇق ھالدا سوتسىيالىستىك يېڭى فورماتسىيىگىمۇ ماس كېلىدۇ، پايدىلىق، دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر ئۆتمۈشنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى سوتسىيالىزم ئۈچۈنمۇ بىردەك قىممەتكە ئىگە، دەپ قارالسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆتمۈشنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋردىكى مەدەنىيىتىدىنمۇ يۈكسەك، ئۆزىگە خاس ۋە يېپيېڭى بىرخىل مەدەنىيەتنى يەنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى يارىتىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

سوتسىيالىزم دەۋرىگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە مەلۇم تارىخىي، ئىجتىمائىي ئاساسقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا بولغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ «خام ئەشياسى» لا بولالىشى مۇمكىن، خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك «... بىز ھەربىر مىللىي مەدەنىيەتتىن ئۇنىڭ دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئامىللىرىنىلا قوبۇل قىلىپ ئالىمىز» («لېنىن ئەسەرلىرى» ئۆزبېكچە نەشرى. 20- تومىنىڭ 9- بېتىدىن)، چۈنكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يېڭى بىر خىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم شارائىتىدا، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزم مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرقلەنگەن ھالدا بارلىققا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەسىلىسىدە يولداش ماۋزېدۇڭ يەنە «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ۋە «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ پرىنسىپ جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يېقىنقى 50 يىللىق ئەمەلىيەت جۇڭگوچە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۇ پرىنسىپلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

مەدەنىيەت ساھەسىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتكەن مەزگىللەردە، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئالغا سۈرگەن ۋە تارىخنىڭ ئەمەلىيەت توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىلمىي پرىنسىپلار ئۇنتۇپ كېتىلدى. نەتىجىدە، ئەمدىلا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ئوبرازىنى غەربتىن كىرگەن ياكى ئاسارەتلىنىك فېئودالىزمدىن قېپقالغان ھەرخىل مەنىۋى ئەخلەتلەر توسۇۋالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە خاس بولغان گۈزەل ۋە ئورگىنال ئىجتىمائىي ئەخلاقتا، تىنچ-مۇقىم ۋەزىيەتكە، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان قىسمەن «ئەدەبىيات مىراس» لىرى تارقالدى. بۇ ئەھۋال يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا سەل قارىغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى دەۋردە مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن ئەدەبىيات مىراسلىرىنى تەھلىل قىلىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تۈپ روھىغا ئۇيغۇن:

1. ھەرقانداق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەينى دەۋردە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قانداق رول ئوينىدى، ئۇ پۈتۈن جەمئىيەت مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە سەلبىي تەسىرگە ئىگىمۇ، دېگەن نۇقتىلارنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

2. فېئودالىزم ۋە «غەرب مەدەنىيىتى» نىڭ مەزمۇنى شەھۋانىي، قالاق، قۇرۇق سەپسەتىلىرىدىن ئىبارەت بولغان ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا، ئاغار مىللىي ئەنئەنىلەرگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان چىرىك نەرسىلەرنى كەسكىن تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭ تەسىرلىرىنى چەكلەش كېرەك.

3. ھەربىر مەدەنىيەت مىراسى ئۆزىگە خاس تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن، ئۇنى تەھلىل قىلغاندا ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى باھالىغاندا، مۇئەييەن مەدەنىيەت ھادىسىسىنى كونكرېت تارىخىي مۇھىت، ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئۇنى ياراتقان دەۋر نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن كۆزىتىش، ئۇنى ئۆز دەۋرىگە قويۇپ، تولۇق ئۆگىنىپ چىقىش، قەدىم ئۈچۈن توغرا، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خاتا بولغانلىرىنى ئېنىق ئايرىش، قەدىمكىدىن ھازىرقى زامان ئۈچۈن ئۆلگىلىك بولغانلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى قايتا ئىشلەپ ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. قەدىمكى مىراسلارنى قانداق ئۆگىنىش ۋە قانداق قوبۇل قىلىش جەھەتتە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ جىيەن قىزى ۋاڭ خەيرۇڭ① بىلەن قىلىشقان بىر سۆھبىتىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش كۇپايە:

... ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ خەيرۇڭدىن تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر دۇفۇنىڭ «شىمالغا ھىجرەت» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىنى سورايدۇ. ۋاڭ خەيرۇڭ خۇددى دەرسخانىدا سوئالغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك سەل ھودۇقۇپ: ئوقۇمىدىم، بۇ شېئىر تاڭ شېئىرلىرىدىن 300 كۇپلېت، دېگەن توپلامدا يوق ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ماۋ زېدۇڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىتاب جازىسى ئالدىغا بارىدۇ-دە، دۇفۇنىڭ «شىمالغا ھىجرەت» توپلىمىنى تېپىپ، ۋاڭ خەيرۇڭغا بېرىدۇ ۋە «بۇنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقساڭ بولىدۇ» دەيدۇ. شۇ چاغدا ۋاڭ خەيرۇڭ: «بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ئالدى بىلەن ئازراق ‹مۇداپىئە ئوكۇلى› قويۇلسا، كېيىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ يۇقۇملىنىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ!» دەيدۇ. ماۋ زېدۇڭ جىيەن قىزىغا قاراپ: «سەن-زە، ئازا مېتافىزىك ئىكەنسەن! ‹مۇداپىئە ئوكۇلى› ئۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇنداق قىلىش كېرەك ئەمەس! ئازراق تەسىرى يۇقسا ياخشى بولىدۇ! ئازراق يۇقتۇرۇپ، ھەزىم قىلىپ ئاندىن قايتۇرۇپ چىقارساڭ بولىۋېرىدۇ...»② دەيدۇ.

بۇ قىسقىغىنا سۆھبەت 1974-يىلى يۈز بەرگەن. دېمەك، يولداش ماۋ زېدۇڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە ئىزچىل ھالدا جۇڭگو ئۈچۈن ئەڭ توغرا تەلىماتنى يارىتىپ، «سول» خاتالىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن مەزگىللەردىمۇ بىزگە توغرا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى.

دەرۋەقە، خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ كەلگەن ۋە پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ قوشۇلغان نادىر مىراسلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېپتىخارىدۇر. جۇنداق ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى بىزدە ناھايىتى نۇرغۇن.

(2)

مىللىي ئەنئەنىلەر — مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ سىمۋولى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەرقانداق مىللىي ئەنئەنىنىڭ شەكىللىنىشى ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەت، خەلقنىڭ ياشاش شارائىتى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا بارلىققا كەلگەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

مىللەتنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ تەركىبى نۇقتىسىدىن قارىغاندا مىللىي ئەنئەنە، ئاساسەن، ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، مىللەتنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان، مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي تېپىش جەريانى بىلەن بىللە ياشاپ راۋاجلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىلەر، بۇلار ـــ ساپ مىللىي ئەنئەنىلەردۇر.

ئىككىنچى، ئەسلىدە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنە بولماي، بەلكى دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي تەلىماتلاردىن كەلگەن، ئاستا ـ ئاستا مىللەت ئەنئەنىسى تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئۆزلەشكەن دىنىي ئادەتلەر.

ئەنئەنىلەرنىڭ بۇ ئىككى تىپى نىسپىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھامان مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، يېڭىلىنىدۇ ياكى يوقايدۇ.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق مىللەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدە ئىجابىي، ئىلغار تەرەپلەرمۇ، سەلبىي ـ قالاق تەرەپلەرمۇ بولىدۇ.

مىللىي ئەنئەنىلەر مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى، گۈللىنىشى ۋە زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولغاندىلا ئىلغار ۋە ئىجابىي رول ئوينىيالايدۇ. مەيلى مىللىي ئەنئەنىلەر بولسۇن ياكى مىللىي تۈس ئالغان دىنىي ئادەتلەر بولسۇن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، دەۋر تەلىپىگە، مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە زامانىۋىلىشىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولغاندا، سەلبىي رول ئوينايدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانى ـــ قىممىتىنى يوقاتقان كونا ئەنئەنىلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە مۇئەييەن دەۋر ئۈچۈن ئۇيغۇن بولغان ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەۋجۇت بولۇشنى تەقەززا قىلغان يېڭى ئەنئەنىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى جەريانىدىن ئىبارەت. كونا ئەنئەنىلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى ئەنئەنىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر ھادىسە بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق كۈچنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن مۇستەسنا ھالدا يۈز بېرىدۇ. ئەمما مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە يوقىلىشى يەنە ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگىمۇ ئىگە. كونا مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى مىللىي ئەنئەنىلەر ئىگىلىگەندە كونا ئەنئەنىلەر تۈپ ماھىيىتى بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇ پەقەت «سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشى» گە ئۆتىدۇ ـ خالاس! شۇڭا ھەربىر مۇئەييەن دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى مىللىي ئەنئەنە ئۆز ۋۇجۇدىدا «مىللىي» ئامىللارنى ئوخشاشلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىدە قەدىمدىن تاكى ھازىرقى زامانغىچە رەڭمۇرەڭ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ساقلىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب

ئەنە شۇ. بۇ يەردە ئەسلەپ ئۆتۈشكە ۋە سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ مەملىكىتىمىزدە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم — سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنە ۋە تارىخىي مىراسلارغا قارىتا قوللانغان سىياسىتى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى شەرھلىگەن پرىنسىپلارغا ئاساسلاندى. مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەيلى تىنچ - مۇقىم ۋەزىيەتتە ياكى ئەگرى - توقاي، بوران - چاپقۇنلۇق ۋەزىيەتتە بولسۇن، ھەتتا چېكىدىن ئاشقان سول ئېقىملار تەسىر كۆرسەتكەن يىللاردا بولسۇن، جۇڭگوچە بىرخىل رىتىم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بارلىق «كونا» نى ئىنكار قىلىدىغان «چېكىدىن ئاشقان» شىددەتلىك ئېقىممۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە خاس ئورگىنال ئەنئەنىلەرنى «يوقىتىش» مەقسىتىگە يېتەلمىدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى گەرچە ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — مىللىي پۇرىقى ھەرقانداق شارائىتتا مىللەت خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۈپ ئامىللار سۈپىتىدە راۋاجلاندى: بۇ ئامىللارنى جۇڭگو كومپارتىيىسى يولغا قويغان ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن توغرا نەزەرىيىۋى تەلىمات قوغداپ قالدى ۋە رىغبەتلەندۈردى. بۇ خىل ئەھۋالنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان باشقا ئەللەردە ئۇچرىتىش تەس. بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ! مانا بۇ — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئەنئەنە ساھەسىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بىر ئۇلۇغۋار ئەۋزەللىكى.

ئېيتىش مۇمكىنكى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئەمەلىيىتىدە توغرىلىقى ئىسپاتلانغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەۋلادلار پائالىيىتىدە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىشى ئىنسانىيەت مەنىۋى تەرەققىياتى تارىخىدا چوڭ ۋە تەڭداشسىز تۆھپىدۇر.

ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتقى» نىڭ ئەللىك يىللىقىنى خاتىرىلىگەندە، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى قەدىرلەپ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەتقىقاتتا ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى توغرا چۈشىنىپ ۋە ئەمەلىيەتكە تەدبىق قىلىپ، مىراس ۋە ئەنئەنىلەرگە بىر تەرەپلىملىك قارايدىغان، مىللىي ئەنئەنىلەرنى «زامانىۋىيلىككە قارىمۇ قارشى» قويىدىغان، بىرەر مىراسنىڭ ئازغىنا سەلبىي تەرىپىنى كۆرۈپلا ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان، بىرەر مىللىي ئەنئەنىنى ئىككىنچى بىر مىللىي ئەنئەنىدىن ئۈستۈن قويىدىغان خاھىشلاردىن ساقلىنىش لازىم، شۇنداقلا ئىلغار ۋە ئىجابىي ئەنئەنىلەرنى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق خەلققە كۆپلەپ مەنىۋى ئوزۇق بېرىش، ئىلغار ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشى ئىنتايىن مۇھىم.

---

ئىزاھات:

① ۋاڭ خەيرۇڭ — ماۋزېدۇڭنىڭ تۇغقىنى ماۋزېمىننىڭ قىزى.

② ر. تەيلۇ: «ماۋزېدۇڭنىڭ تەرجىمھالى». خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل 4 - نەشرى (خەنزۇچە) 364 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلەتكەن

ھەر بىر يازغۇچى ـ شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلەتكەنلىكى ئۇنىڭ سۆز تالانتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىر مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى نەشر قىلغان، پىلولوگىيە كاندىداتى بەھرىمەن باقايېۋ يازغان «نەۋائىي ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابتا مۇئەللىپ بۇ مۇھىم نۇقتىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردا يازغان 24 پارچە ئەسىرىدە ئىشلىتىلگەن بارلىق سۆزلەرنى ستاتىستىنىڭ، لېكسىك ـ گىراماتىكىلىق، سېمانتىنىڭ، ئېستىلىستىنىڭ، ئېتىماتىنىڭ، گېنېئالوگىنىڭ جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققان ۋە ئۇنى مەشھۇر ئەدىبلەر بىلەن سېلىشتۇرغان.

ئۇزۇن يىللىق ئىلمىي ئىزدىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بۇ كىتابتا ھېسابلاپ چىقىلىشىچە: پۇشكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىي 21197 سۆز، شېكسپىر 20 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، سېرۋانتېس 18 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، ئابدۇللا تۇقاي 14 مىڭ، ئاباي 6 مىڭ سۆز ئىشلەتكەن. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن بىر مىليون 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار 26 مىڭ 35 لېكسىكىلىق بىرلىككە ئومۇملاشقان. شائىر پەقەت «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىلا 5431 سۆز ئىشلەتكەن.

«نەۋائىي ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابتا يەنە شائىر ئەسەرلىرى لېكسىكىسىنىڭ ستاتىستىكىسى ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، نەۋائىي «خەزايىنۇل ـ مەئانى» ئەسىرىدە 7669 سۆزلۈك قوللانغان بولسا، «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەيىن» دە 665 سۆزلۈك قوللانغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نەۋائىي ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىنى ئىخچام ئىپادىلىگەن، شېئىرىي ئەسەرلىرىنى كەڭ مەنالىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ياراتقان.

نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئومۇمىي تۈركىي سۆزلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز دەۋرىدە قوللىنىلغان قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر،

دىئالېكتال (مەھەللىي شېۋىگە ئائىت) سۆزلەرمۇ، ئەرەب - فارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ، موغۇلچە سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ هال نەۋائىنىڭ يالغۇز ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ئالاقە ۋە ھەمكارلىقتا ياشىغان باشقا مىللەتلەر تىللىرىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇئەللىپ يەنە نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ لېكسىك، گراماتىك كۆلىمىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، قايسى سۆزنىڭ قايسى ئەسەردە قانچە قېتىم ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە قانداق مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىنىمۇ ئىنچىكە ھېسابلاپ چىققان. مەسىلەن، نەۋائىي «باش» سۆزىنى «چاھار دىۋان» نىڭ تۆتىنچىسىدە 249 ئورۇندا قوللانغان. بۇ سۆز قەدىمىي تۈركىي يادىكارلىقلىرىدا توققۇز خىل مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، نەۋائىي ئۇنى 50 خىلغا يېقىن مەنىدە ئىشلەتكەن. نەۋائىي «باش» سۆزىنى بىر ئورۇندا سىنېكدوخا يولى بىلەن «چاچ» مەنىسىدە:

ئاقىرا باشلادى باشۇ، تۆكۈلە باشلادى تىشىن،
سەفەر ياراغىنى قىلغىلكى، تۈشتى باشىگە ئىش.

دەپ ئىشلەتكەن بولسا، بەزى ئورۇنلاردا قىرىماق، ياشىماق، ئەقىل مەنىلىرىدىمۇ ئىشلەتكەن.

كۆز ياشىمكىم ئەۋرەلۇر سەرگەشتە مەجنۇن ياشىدەك،
ئايلانۇر باشىم داغىي قان ئىچرە ھەردەم باشىدەك.

«باش» سۆزىنى بەزى ئورۇنلاردا «باشلىنىش ۋاقتى»، «بىرىنچىسى»، «ھەممىلىكى»، «ئالدى» مەنىلىرىدە ئىشلەتكەن بولسا، بەزى ئورۇنلاردا خەلق تىلىغا ئىنتايىن يېقىنلاشتۇرۇپ: «باشىمە سىنىق تاش ياغدۇردى»، «باشقا قۇش قونغان»، «باش ئېلىپ كەتمەك»، «قولىنى باشتىن ئايلاندۇرۇپ» دېگەندەك ئىبارىلەردە ھەر خىل مەنىلەردە ئىشلەتكەن.

بىز نەۋائىي ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتى، ھەر خىل سۆزلەرنى ھەر خىل ئورۇنلاردا جايلىق قوللىنىپ، ئۇنى كەڭ مەنىلەرگە ئىگە قىلالىغانلىقىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھازىرقى تىل كەمبەغەللىكى ۋە قاتماللىقىنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

ماتېرىياللاردىن جاپپار ئەھمەت رەتلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi

# كىلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

1

يىللار كالېندار سەھىپىسىگە ھەر قېتىم يېڭى — ئاتەشىن رەقەم چەككەندە، نوۋرۇز شامالىرى كۆكۈل ئۆيىنىڭ تەسەۋۋۇر پەردىسىنى ئۇچۇرۇپ، سېغىنىچ دۇرلىرىنى دىيار جامالىغا چاچقاندا، مەن ئەزىز ماكان — خوتەن ئىشقىنىڭ يېڭى ئۆركەشلىرىگە غەرق بولىمەن. خوتەننىڭ ھەربىر سىقىم قۇتلۇق توپىسىدا بۇ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەت گۈلزارىنىڭ تارىخىي جاۋاھىرات چۆكمىلىرى بىلەن ئۇلۇغ ئەزىمەت ئەجدادلىرىمىنىڭ خاسىيەتلىك قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئېپتىخارلىق نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

مانا، يېقىندىلا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. يىغىن تەسىراتلىرى بىلەن يېڭى يىل ھېسسىياتلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى باغرىم پەلەكىدە خۇددى ئىككى يۇلتۇزدەك جەم بولۇپ، يالتىراپ كەتتى. مۇبارەك نام — خوتەن نامى قولۇمدىكى «دىۋان ھافىز شىرازى» دا يېزىلغان تۆۋەندىكى بېيىت باغرىمغا ئىزدىنىش چاقمىقىنى چېقىۋەتتى:

«ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاب، ھەيران ئېرۇمەنكى سەبا،
ئۆتكەن يولۇڭ تۇپراقلىرى قىلماس نېچۈن مۇشكى خوتەن.»

ئۇلۇغ پارس لىرىك شائىرى، تېرەن تەپەككۇر ۋە ئوت يۇرەك تالانتلىق ھافىز شىرازىنىڭ بۇلبۇلدەك بۇ ناۋاسى مېنىڭ قەلبىمدە مېنىڭ دەۋرىم ۋە مېنىڭ روھىيىتىمگە لايىق ئەكس سادا قوزغىدى. دەرۋەقە، ئۆتكەن ھەربىر ئەسىرنىڭ، مۆچەلنىڭ، يىلنىڭ شامالىرى گۈل ئېچىلدۇرۇپ گۈلاپ تۆكۈپ ئۆتتۇشتى. مەن يازما ئەدەبىياتتىكى خوتەن تەسۋىرىگە نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ بىر قىممىتى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشنى خاسلاشتۇرۇش، تېماتىكىلاشتۇرۇش، مىكرولۇق مۇھاكىمە يوللىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق يىللىق ئىپتىدائىي ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ ھايات سەھنىسى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن قىيا سىزمىلىرى بىزگە بۇ ھەرخىل تارىخىي قاتلامدىكى يىراق ھايات مېلودىيىسىنىڭ غۇۋا ئېنفورماتسىيىسىنى داۋاملىق يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئاندىرسوننىڭ چۆچەكىدىكى يېرىم بەدىنى بېلىق بولۇپ قالغان ساھىبجامال قىزدەك يېرىم گەۋدىسى قۇملۇق دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ ماكاننىڭ يىراق تارىخى داۋاملىق ئايدىڭلاشقۇسى.

خوتەن — قاراقۇرۇم - پامىر ئۇچبۇرجىكىدىكى تارىخى ئۇزۇن شەھەر - قەلئە — دۆلەت

لەر تىزمىسى سۇپىتىدە قىزىقارلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. بىز خوتەندىكى ئارىئان - سىكتاي (سىكىف - ساك) قەبىلىلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھايات يالدامىلىرىدىن بۇ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «ئاۋىستا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «قەھرىمان تۇرلار ساكلار» نىڭ مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى كۆرىمىز، ئالتۇن خۇمار، ئالتۇن - قوچقار ھايۋان ئوبرازىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئۇسلۇبى ئىدى. گاھى ساك ۋە گاھى تۇر دەپ ئاتالغان بۇ سىكتاي تىپىدىكى ئاسىيا ئاق جىنسلىرى كېيىنچە قىسمەن سېرىق جىنسلار سىنكرىتىزىمى تەسىرىدە تۈركىي قەبىلىلەرگە ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا «ئاۋىستا» دا ئەڭ قەدىمكى يازما ھۆججەتلەنگەن «تۇر» نامىنى ئىزچىل ئۆزلىرىگە ئېتنونىم قىلىشقان. «شاھنامە» گە ئاساس سالغان ساك - تۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ يەنە بىر ھۆججىتى ئىدى. ئىلگىرىلەپ ئىزدەنگەن كىشىگە قەدىمكى خوتەن قەبىلىلىرىنىڭ قۇياش ئىلاھچىلىقى، كېيىنكى دىنىي ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋە فولكلور قاتلىمى — كۆپ ئۇچۇرلۇق يوشۇرۇنغان مەۋزۇ ھېسابلىنىدۇ.

بۇددىزم — خېلىلا گۈللەنگەن خوتەن شەھەر مەدەنىيىتى ئۈستىگە كىرىپ كەلگەن. بۇددىزم خوتەن مەدەنىيىتىگە يېڭى تەپەككۇر ۋە خاس سەنئەت قىممىتى بېغىشلىدى. قەدىمكى خوتەن بۇددىزم قەلئە - راباتلىرى ھېسابلانغان يوتقان، راۋاق، مەلىكە ئاۋات، دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيە قاتارلىقلاردىن تېپىلغان تارشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما، تاختا رەسىم، ياغاچ قىرما ھەيكەل، چوڭ - كىچىك لاي - گەج ھەيكەل، توقۇلما بۇيۇملارغا ئىشلەنگەن رەسىم قاتارلىقلار بۇ ماكاندا بۇددىزمنىڭ مىڭ يىللاپ راسا دەۋر سۈرگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. دەرۋەقە، ستەيننىڭ دەندان ئۆيلۈكتىن تاپقان «قۇتلۇق ساماۋىي خانىش» (لاكشمى) نىڭ يالىڭاچ رەسىمى شەرق رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مىسلىسىز نادىر ئۈلگىسى ئىدى. مەن ئۇنى خوتەن رەسساملىرى سىزغان شەرق ۋېناسى دەپ قارايمەن.

خوتەن رەسساملىرىدىن ۋىسارا پۇچىنا، ۋىسارا ئىراسانگا ئېلىمىز سەنئەت تارىخىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇز ئىدى. ئۇلار خاس خوتەن تەسۋىرى سەنئەت ئۇسلۇبىنى ياراتتى. پۈتكۈل ماكان خاراكتېرلىك سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» نى يورۇققا چىقاردى. سىكانانىدو، تايۇن، تانارو، ۋىسارانام، شىرۇداما، ۋىساراشىرۇ قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى بۇددا نوم - سوترا تەرجىمە - تەپسىراتچىلىقىدا غايەت زور شۆھرەتلىك تۆھپىلەر ياراتتى. تېبابەتچىلىك، يىپەكچىلىك، گىلەم - ئەتلەسچىلىك، قەغەزچىلىك، قاشتېشىچىلىق - زەرگەرلىك ۋە يىپەك يولى سودا ماھارىتى بويىچە ئېلىمىز ۋە شەرق خەلقلىرى تارىخىدا ئىزچىل كۆزگە تاشلىنىپ كەلدى.

2

خوتەن ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى يازما ئەدەبىيات بويىچە بىزگە يېتىپ كەلگىنى سېمىرا مەلىكىنىڭ يۇرت ئەسلەش شېئىرى بىلەن سۇي سۇلالىسى (بەلكى شىمالىي سۇلالىلەر) دەۋرىدە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «خوتەندە گۈل سەيلىسى» ناملىق شېئىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولسا كېرەك. بۇ نامەلۇم ئاپتور يازغان شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

«قانچە پەرقلىق بولسىمۇ تاغ ۋە دىيار،
چۆپ دەرەخلەر تەڭ سېزەر كەلسە باھار.
شەرق ۋە غەربتە تۇرسىمۇ يۇرتلار، بىراق
كەلگۈسى گۈل سەيلىسىگە سەيلىگار».

ئىسلامىيەتتىن كېيىن خوتەن دىيارى ئۆز مەدەنىي ھاياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى. ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى يېڭى شەرق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىلا ئەمەس، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قەلەم ئەزىمەتلىرىمۇ خوتەن تەسۋىرىگە ئاتاپ ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار يېزىشتى.

يىپەك يولىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي داستان «شاھنامە» نىڭ مۇئەللىپى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى خوتەننى تۇران شاھى ۋە قەھرىمانى ئەپراسىياپنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ۋە سودا شەھىرى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئىجابىي روھ ۋە ھۆرمەت بىلەن زوقلىنىپ تىلغا ئالغان. ئۇ «سىياۋۇش قىسسەسى» ناملىق داستاندا تۇران قەھرىمانى پىراننىڭ خوتەنگە قايتىشىنى:

بارچەسىن تاپشۇرۇپ خوتەنگە كەتتى،
شاھىن شاھنى كۆرۈشنىڭ ۋاقتى يەتتى»

دەپ، پىراننىڭ ئەپراسىياپنى خوتەنگە بەختەر يەتكۈزگىنىنى:

«بىئازار يەتكۈزدى خوتەنگە لۇتفەن،
كۈتۈۋشتى يىغىلىپ ئۇنى ئەنجۈمەن»

دەپ يازسا، «بىجەن ۋە مەنىجە» داستانىدا ئىران قەھرىمانى رۇستەمنىڭ يوشۇرۇن خوتەنگە بېرىپ، ئەپراسىياپتەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بىجەننى قۇتقۇزۇشىنى مۇنداق يازدى:

«شەھەردىن شەھەرگە سوزۇلدى كارۋان،
ئاقىۋەت كۆرۈندى كارۋانغا تۇران.
خوتەنگە كېتىشكەن ئۇلار دەشت ئېشىپ،
ئەر ـ ئايال چىقىشتى تاماشا قىلىپ.
تۇراندا بار ئىدى گۈزەل بىر ماكان،
ئارامىن ئالاتتى بۇ جايدا پىران».

فىردەۋسى «بەھرەمگور پادىشاھلىقى» داستانىدا:

«كېيىن خەۋەر يەتتى ھىندى ئىلە رۇمغا.
ئابات تۈركۈ، چىنۇ قارا قۇرۇمغا»
«چىن خاقانى ئاڭلاپ بۇ ھەقتە خەۋەر،
چىن خوتەن مۇلكىدىن تارتتى كۆپ لەشكەر».

دەپ يازدى.

ئۇلۇغ پارس شائىرى هافىز شىرازى:

«ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاب، هەيران ئېرۇرمەنكى، سەبا،
ئۆتكەن يولۇڭ توپراقلىرى قىلماش نېچۈن مۇشكى خوتەن»
دەپ يازغانىدى.

لەرنىڭ شائىر سابىر تېرمىزى مۇنداق يازغان:

«يۈزى، قاشى، ساچى مىسلى خەتتا بىرلەن خوتەن ئايى،
بىرى كۆزۈڭ، بىرى مارجان، بىرى سەففاھ تىنىق سىناي»
«بولدى باغ بۇتخانە يەكلىغ لالە گۈلدەك هۆسنىلەر،
راستىن ئىبتىسام چىنۇ قەھقەرلىق سەنەملەر يەرقىدىن».

ئابدۇرەهىم هاپىز خارەزمى خوتەن هەققىدە كۆپ توختالغان:

«ئىشقى پوستىدە قالمىدى هاپىز،
ئورنى بەلگۈردى بويى مۇشكى خوتەن»
«ئول قارا كۆز ئاشنا، ئەركىن راۋان يوگرەپ قاچار،
مۇندايىن ۋەهشى ئەمەستۇر هېچ ئاهۇي خوتەن».
«يۈزى ئۈستىندەگى ئول دانە خالى،
گۈلى لالە ئۈزە مۇشكى خوتەندۇر».

سەككاكى مۇنداق يازغان:

«تۈن ئاخشام تولغىنۇ سۇمبۇل بىكىن زۇلفۇندىن ئاه ئۇردۇم،
هەۋانى غالىيە تۇتتى، جەهان مۇشكى خوتەن بولدى».

ئاتايى ئۆز غەزەللىرىدە خوتەن لالىزارى ۋە مۇشكى توغرىسىدا كۆپ توختالغان.
ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

كۆزۈمكى سۆيدى يۈزۈمنى مىلك ئىتىقادى بىلە
كۆرەر بۇ مۇشكى خوتەننى ساچىڭ سەۋادى بىلە».
«نەرگىس كۆزۈڭ مەنزىلى خوتەن لالەزارىندە،
ئوقى قاشىدا ئويىنغۇچى بىر غەزال يوق».
«تا سەبا زۇلفى نەسىمىن چىن ئەلىدە يايغالى
مۇشك سەۋداسى كېسىلدى شەهرى چىن ئەتتارىدىن».

ئەبەيدۇللا لۇتفى:

«ساچىڭدىن چۈن ئوغۇرلار مۇشكى خۇشبۇيى،
قىلۇرلار بەندۇ بەند ئانى خوتەندە».
گاه تۆكسەلەر خوتەن زىبالارىنى،
زامانى رۇمىنىڭ رەئنالارىنى».

لۇتفى بۇ يەردە خوتەننى رۇم بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ، يۈكسەك ئېتىبار بىلەن تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3

ئۇلۇغ ئەللامە ۋە تەڭداشسىز سەنئەت ئۇستازى ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە خوتەن ئىبارىسى ئالتۇن ۋە ئاتەش بىلەن چىچىلگەن كۆپ قىرلىق، جىلۋىدار ۋە ھۆرمەت، سۆيۈنۈش دۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ئىبارە بولدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز لىرىك شېئىرلىرى — غەزەللىرىدە خوتەن ئىبارىسىنى پەخىرلىك ئورۇنغا قويغان. ئۇ:

«دېمە يۈز كىم خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت، نافەئى تاتارىدۇر بۇ»
«چۈن مەلاھەت جان ئالۇر، ھۈسن ئىچرە ئانى ئىستەگىل،
خاھى دىلبەر كىشۋەرى بولسۇن خوتەن، خاھى ھەبەش»
«كويى تۇپراغى ئىرۇر مۇشكى خىتا ①،
ئىستەگىن ئانى خەتا قىلما ھەۋەس»
«يۈزۈڭ بەيازىيۇ ئول خالى مۇشكىسا ھىندۇ،
غەرىب تۈشتى خوتەن كىشۋەر ئارا ھىندۇ»

(ئاپئاق يۈزۈڭدىكى ئىپار رەڭلىك مېڭىڭ بەئەينى قارا تەنلىك ھىندىغا ئوخشايدۇ. خۇددى خوتەن ئەھلى ئارىسىغا بىر غېرىب ھىندى كېلىپ قالغاندەك.)

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز «خەمسە» داستانلىرىدا خوتەن ھەققىدە كۆپلەپ توختالغان. ئۇ «ھەيرەتۇلئەبرار» دېگەن ئىبارەت پەلسەپە ـ ئېتىكىلىق داستانىدا مۇنداق يازغان:

«تۈركىي خوتەن، ياپتى چۇ زېبا جەمال.
مۇشكى فىشان بولدى نەسىمى شامال»

ئەلىشىر نەۋائىي بۇ يەردە «تۈركىي خوتەن» ئىبارىسىنى ئىككى مەنىدە — تۈركىي رۇم مەنىسىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوچىقى مەنىسىدە ۋە قۇياش سىمۋولى سۈپىتىدە قوللانغان. نەتىجىدە بۇ بېيىت:

«قۇياش گۈزەل جامالىنى كەڭ يايدى،
شامال گويا ئىپار بولۇپ تارالدى»

بولۇپ چىقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا تۇنجى بولۇپ ئىران پادىشاھى خۇسرەۋنى باش قەھرىمان قىلغان نىزامى گەنجەۋى بىلەن خۇسرەۋ دېھلەۋى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈركىي شاھزادە ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ماھىرى پەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان تۈركىي داستان ياراتتى. بۇ غايەت چوڭ ئىپتىخار ۋە جاسارەت

① «خىتا» ئىبارىسى ھەر خىل ئىزاھلانماقتا. ئۇ بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «خوتا» (خوتەن) ئىبارىسىنىڭ گىرىكچە «ئان» «ئەن» (مەسىلەن، يۇنان، ئىران، تۇران) قوشۇمچىسىز يېزىلىشى دېيىلگەن.

ئىدى. ئۇ خوتەن ھەققىدە كۆپلەپ گۈزەل بېيىتلار يازغان:

«خوتەن مۈلكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
ساۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر»

(خوتەن دىيارى جەننەتتىن نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ كۆكلىمى جان بېغىشلىغۇچى جەننەتنىڭ ئۆزىدۇر).

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدىكى ئوتوپىك ئىدىيىلىرىگە بېغىشلانغان ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا خوتەن تەسۋىرىگە ئائىت مىسرالار كۆپ:

«بۇ سۆزلەر دېگەچ شاھى چىنۇ خوتەن،
دۇئاسىغە تىل چەكتىلەر ئەنجۇمەن»

(چىن ۋە خوتەننىڭ پادىشاھى بۇ سۆزلەرنى ئېيتىش بىلەنلا، مەجلىس ئەھلى دۇئاغا تىل ئاچتى.)

بىرى ئول خوتەن زادى مېھرۇ ئىدى،
يەنە مەھۋەشى تۇرفە كۆزگۇ ئىدى»

(بىرى خوتەنلىك مېھرۇ ئىدى، ئۇ ئاجايىپ ئاي يۈزلۈك گۈزەل ئىدى.)

ئەلىشىر نەۋائى خوتەن تېمىسىغا زور ھۆرمەت ۋە تەگداشسىز ئىپتىخار بىلەن يېقىنلاشقان. ئۇنىڭ نەزەرىدە خوتەن تۈركى تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە شەرق سەنئىتى ئۇسلۇبىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەسرى ئىدى. ئۇ خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۈستۈن راھەتلىك دىيارغا، مانى، دانى، قارەن قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان ماھىر رەسساملار يۇرتىغا، ئېپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىب جامال قىزلار بىلەن ئىپارھىدلىك باغ - داللار، ئېپار كېيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالغان.

4

رەھىم بابا مەشرەپ خوتەن دىيارىنى كەزگەن ۋە بۇ قۇتلۇق زېمىننى ئالىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

«مېنىڭ ئاشۇفتە كۆڭلۈم غۇنچىدەك ھەرگىز ئاچىلمايدۇر،
يۈرەكتىن غەم كېتەر دەپ بۇ سەبەبدىن مەن خوتەن كەلدىم»

(مېنىڭ كۆڭلۈم غۇنچىدەك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، يۈرەك غەملىرىم كېتەر دېگەن سەۋەبتىن مەن خوتەنگە كەلدىم.)

«شەھىدانە خوتەننى تەۋۋاف ئېتەرگە، ئەي مۇسۇلمانلار،
چۇ لالە دامەنى سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(ھەي مۇسۇلمانلار، مەن شەھىدالله خوتەنلىك تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەھرا ئىچىدە لەبرىنى لالىزار بىلىپ، خوتەن دەشتىگە كەلدىم.)

«گۇناھىمدىن خەبەر ئالسام جۇھۇد، تەرسا مېنىڭدەك يوق،
خىتايۇ، چىنۇ ماچىندىن خوتەن دەپ ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۇم»

(گۇناھلىرىمنى سورىساڭ جۇھۇد، تەرسادىن ئارتۇقمەن، خىتاي بىلەن چىن ماچىننى خوتەن دەپ ئايلىنىپ چىقتىم.)

«ئاياغ باسقان يېرى سەرسەبز بولدى، ياسۇمەن بولدى،
مەشامىم بويىدىن ھەر سائەتى مۇشكى خوتەن بولدى.

(ئاياغ باسقان يېرىڭ گۈلزار ياكى ياسۇمەنزار بولغاچقا دىمىغىمدىن ھەرسائەت خوتەننىڭ ئىپارھىدى چىقىپ تۇردى.)

«ئاھۇي خوتەن چەشمى سىياھىڭغە تەسەددۇق،
جانانە ئىلى چىن زۇلفى دۇتاھىڭگە تەسەددۇق»

(ئەي خوتەن ئاھۇلىرى قارا كۆزۈڭگە تەسەددۇق، چىن جانانلىرى ئىككى تال چېچىڭغا تەسەددۇق.)

بىز خوجا نەزەر ھۇۋەيدانىڭ:

«كۆرۈپ چۈ زۇلفى خەتىڭنى خوتەندەگى ئاھۇ»

(چاچلىرىڭنى كۆرگەندە خوتەن ئاھۇلىرىنىڭ خۇش بۇيىنى ھېس قىلدىم.)

«مۇزۇپ پىيالەئى مەينى يىغلاسا ئىشرەتە ئەھلى،
سوھارغا مۇھىببەتە مەيتى كاملەئى خوتەن ياخشى»

(پىيالىدە مەي ئىچىپ ئىشرەتە ئەھلى يىغلاشقا چۈشكەندە، مەينى ساقى سۇنۇشقا خوتەن قەدەھى ياخشى.)

«مۇھەببەت بولىدىن ئەي زەۋرە لەززەت قاپماغانلارغا،
دىماغىغا ئۇلارنىڭ مۇشكى ئاھۇيى خوتەن ياخشى»

(مۇھەببەت پۇرىقىدىن ئازراقمۇ لەززەت تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ دىمىقىغا خوتەن كىيىكىنىڭ ئىپارى ياخشى.) دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاپئاق خوجا تەرىپىدىن ئات قويۇلۇپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇ دىيارغا تويلانغان مۇھەببىتىنى كۆرۈمىز.

— مۇھەممەت سىدىق زەلىلى:

«ساچقالى ئىپارىنى ئاھۇي خوتەن ياخشى» دېگەن روھتا كۆپلەپ خوتەن تەسۋىرىگە بېغىشلانغان بېيىتلار يازغان:

«ئەي زەلىلى، گۈلشەنى ماچىندە ئەمدى بادە ئىچ.
مۆھتەسىب گەرشەھر ئىچىدە ئەلنى ئەيلەر ئىھتىساب»

(ئەي زەلىلى، ماچىن گۈلشىنىدە ئەمدى مەي ئىچكىن، گەرچە شەھەر تەكشۈرگۈچىلەر تىنتىشىپ يۈرسىمۇ.)

«شەھرى ماچىندۇر زەلىلى تەلبە ئەيلەپتۇر سەپەر،

ئەردەۋدل ئىلە كۇچاۋۇ سەيرى تۇرفاندۇر تەمەنٛ»

(تەلۋە زەلىلى ماچىن شەھىرىگە سەپەر قىلدى. ئەمدى ئاقسۇ، كۇچا ۋە تۇرپان سەيلىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىدۇر.)

«تەماشايى زەلىلى مەھۋەشانى شۇخى ماچىن ھەر،
خىتا سەھراسىدىن گەر جىلۋەگەردۇر ماھى تۇرفانىم.»

زەلىلى ماچىننىڭ ئاي يۈزلۈك شوخلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقىنىدا، خىتا سەھراسىدىن تۇرپانىم ئايدەك جىلۋەقىلىدۇ)

«خىتا سەھراسىدىن سۇمبۇلنى ھەرگىز بىزگە كەلتۈرمە،
يىبەرگىل ئاھۇيى مۇشكى خوتەن ئەلبەتتە ـ ئەلبەتتە»

(خىتا سەھراسىدىن بىزگە سۇمبۇل كەلتۇرمە، ئەلۋەتتە، خوتەن ئىپار كىيىكلىرىنىڭ ئىپارىدىن ئىبەرت.)

خوتەنلىكلەرنىڭ شائىر نەۋبەتى خوتەن توغرۇلۇق ئاجايىپ غۇرۇر بىلەن گۈزەل مىسرالار يازغان:

«مۇساھىبىم قىلساڭ پەيام ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،
دىلبەرىم، خۇرشىد يۈزۈم ئول سىيمتەندىن باشلاغىل.
باشقا گەپكە ئاچمالەب، يوقتۇر بۇنىڭدا خاسىيەت،
دىل ئارام تەفاخۇرۇم ئول جانۇ تەندىن باشلاغىل.»

«رەۋزىگە مانەند خەيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
خوجەستە خاكى رەھمەت سۇرمەسىدۇر،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بوسەسى تۇرغە شىرىندۇر،
ھۇرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىگە ھىلال ئەت خوتەننى،
مۇئەللىمى ئافاق بىنىشىن سۇخەنگوي
تىغلىگە دەرس مەقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلەرى گۇلشەنى باغى.
خەمسەڭگە قۇرباش ئىشتىسال ئەت خوتەننى،
سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئىلىگە.
رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى»

ھەيدەر خارەزمى «گۇلشەنۇل ـ ئەسرار» ناملىق داستانىدا:

«چۇن يورىدى سۇبھى سەھەر ئۇردى دەم،
تىكتى خوتەن خۇسرەۋى ئالتۇن ئەلەم»

**دېگەن** بېيىت ئارقىلىق خوتەن نامىنى قۇياش سىمۋولى ئورنىدا ئىشلەتتى.

www.uyghurkitap.com


5

خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل تەسۋىرلەرنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى پەسىلدىمۇ ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى.

نادىرە پارسچە يازغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېدى:

«شەرم ھايادىن تۆكۈلەر ياش سۈرمەرەڭ قارا كۆزۈڭ،
خوتەن ئاھۇلىرى كۆزىدىن شوخلۇقلار يوقالغاندەك»
«ھەر كېچە قاراخالىڭ سەۋداسى ئەتىر چاچقاي،
خوتەن ئاھۇلىرى فەرياد قىلىپ مۇشكىن تاراتقاندەك»

فۇرقەت مۇنداق يازغان:

«خوتەن ئاھۇلىرىدەك ئانچە سەرگەردان بولۇپتۇرمەن،
ساچى مۇشكى، خىتا رەشكى خەيالى دىلرەبالەردىن»

لىرىك شائىر مەھزۇن خوتەنى:

«مەنى مەھزۇن نېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،
خوتەن مۇلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم»
«مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەرچارباغىدىن،
كەتكىل مەقامى ئەسلىغە يان ئۆز دىيار خوپ»

دەپ يازسا، موللا نىياز قارى سابىر:

«ئاتا مۇلكۇم خوتەن چاقار تاغى،
تۆت ئىمالار مۇھىببى مەن داغى»

دەپ يازغان.

مۇھەممەد رەھىم راغىبى:

«نېتسۇن ئىھان ئولماي خوتەن مۇشكى جاھانىنىڭ كۆزىدىن،
مۇشكىن مۇسەلسەل كاكۇلۇڭ سۇمبۇلىنى رەسۋا ئەيلەسە»

(سېنىڭ ئىپاردەك قارا ۋە خۇش بۇراقلىق ئۆرۈم چاچلىرىڭ سۇمبۇلنى رەسۋا قىلىۋاتسا، خوتەن ئىپارى جاھان كۆزىدىن ئۆزىنى يۇشۇرماي قانداق قىلسۇن.) دەپ يازغان.

سەدائى:

«نەسىمى سۇبھىدىن قىلغان مۇئەتتەر بۇ دىماغىمنى،
خوتەن سەھراسىدا بۇ مۇشكى تاتارىمدىن ئايرىلدىم»

(تاڭ سەھەرلەردە دىمغىمنى خۇش بۇي قىلىدىغان خوتەن سەھراسىدىكى ئىپار پۇراقلىرىمدىن ئايرىلدىم.)

ئابدۇرازاق ئەندىجانى:

مېھرى رۇخىڭنىڭ دەۋرىدە زۇلفىڭ شىكەن - شىكەن،
تاپار دىماغىم ئاندە نەسىمى خوتەن - خوتەن»

(چېھرىلىك قۇياشنىڭ ئەتراپىدا چاچلىرىڭ ئۇرام - ئۇرام بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەكچىمەن ئۇنىڭدىن خوتەننىڭ خۇش ھاۋاسىنى تاپىدۇ.) دەپ يازسا،

موللا بىلال نازىمى:

«كى ناقىل نەسىيمى كېتۇردى سۇخەن،
نېدۇركى سۇخەن بەيئى مۇشكى خوتەن»

(نەقىل كەلتۇرگۇچى سۆز شامىلىنى كەلتۇردى. گەپ ئەمەس بەلكى خوتەن ئىپارىنى كەلتۇردى.) دەپ يازغان.

چىڭ سۇلالىسى شائىرى شاۋشۇن «غەرب زېمىن نەزمىلىك بايانلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ 1863 — 1878 يىللىرىغىچە 15 يىل تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال - جەنۇبىنى ئايلانغاندا ئالغان تەسىراتلىرىنى توپلىغانىدى. ئۇنىڭغا خوتەن ئالتۇنى، قاش تېشى، كىچىك خوتەن دوپپىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تۆتلىكلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بىرى مۇنداق يېزىلغان:

«مۇندا قاش تاش قوي يېغىدەك يالتىراپ قىلغاي جۇلا،
قارا قۇرۇم تېغىنىڭ تەكتى ئىكەنغۇ باشقىلا!
قارا — يۇرۇڭقاشقا جەمدۇر ئالتە شەھەر قاشچىسى،
سۇغا كىرىپ ئىزدىشەر قاشنىڭ چوڭىنى شۇنچىلا.»

ھەئە - شۇنداق، لۇيازى ئەپەندى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭ ئارىسىدا يېزىلغان مۇشائىرلەردىن بىرىدىمۇ خوتەن (يويتىيەن شەكلىدە) تىلغا ئېلىنغان.

× ×

خوتەن، ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ھېكمەت دىيارى. خوتەن ئۆز بېشىدىن ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. خوتەن دىيارى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ تاماملىغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى زامان يېڭى ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىمۇ بۇ گۈزەل ماكان ھەققىدە كۆپلەپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشتى. ئەمما، خوتەن - ئەبەدىيلىك، پۈتمەس - تۈگىمەس ئۇلۇغۋار تېماتىكا.

خوتەن يېقىنقى قىرىق يىل مابەينىدە ئۆز ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە يېڭى سۈپەت ۋە يېڭى راۋاجلىنىشقا قەدەم قويدى.

مەن خوتەننى كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك ئەزىز دەرگاھنى زىيارەت قىلماقلىق ئىستىكىمنى ئۇنتۇمىدىم. ئاق كۆڭۈل، دىلى ھېكمەتكە تولغان، مەردانە خىسلەتلىك، ئاقىل، مېھماندوست، قابىل ۋە شائىرانە ھېسسىياتچان خوتەن ئاھالىلىرىگە باغرىم ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە سەمىمىي ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن كۈن - تۈن چايقىلىپ كەلدى.

مەن بۈگۈن — خاسىيەتلىك يېڭى يىل ھارپا كېچىسى خوتەن سېغىنىشى بىلەن بۇ سۆيگۈ رىسالىسىنى خوتەن دىيارىدىكى ھەممە ئەزىز ئەھلى جامائەتكە تەقدىم قىلماقچى بولدۇم. ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مەلىكەزەرنىگار

(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇكى، قەدىمكى زاماندا بەلىخ شەھىرىدە سۇلتان شۇجائ ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئۇخلاپ يېتىپ شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پادىشاھ قانداقتۇر بىر جاينى زىيارەت قىلىپ كېتىۋېتىپ ئاجايىپ بىر باغقا كىرىپ قاپتۇ. باغدا ھەر خىل سەرۋىلەر باراقسان بولۇپ كۆككە تاقاشقان. بۇ سەرۋىلەرنىڭ تۈۋىدە ئاھۇ كۆز نىگارلارنىڭ كۆزلىرىدەك گۈزەل نەرگىس گۈللەر ئېچىلىپ، ھەر تەرەپكە پۇراق چاچقان شۇنداق بىر باغ ئىكەنكى، گۈزەللىكتە جەننەتكە مىسال بولىدىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ سۈيى پاكىزلىكتە ھەۋزى-كەۋسەر سۈيىدەك سۈزۈك ئىكەن. ئۇ كۆلنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت شىرنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، كېلىدىغان سۇ شىرلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپ يەنە شۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ تۇرىدىكەن. بىر تەرەپتە بىر مەملىكەتكە بەرگۈسىز قىممەت باھالىق بىر قەپەس كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ قەپەستە ئادەمزاتقا ئوخشاش بىر مەخلۇق تۇتقۇندا ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ تېگىدە قاناتقا ئوخشاش بىر نەرسىسى بار بولۇپ، كۆرگەن كىشىلەر ھەيرانلىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلىشەر ئىكەن.

ئەلقىسسە، ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە سۈرىتىنىڭ مەرغۇبلۇقىدىن ھەيرەتتە قالغان سۇلتان ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغىنىدا بىر ئادەم پەيدا بوپتۇ ۋە شاھنىڭ ھەيران قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

— بۇ نازىنىننىڭ ئىسمىنى مەلىكەئى زەرنىگار دەيمىز. ئۇ، تىلسىمى زەررىدىن ئىچىدەدۇر. بەزى چاغلاردا ئادىمىزات كەبى كۈلىدۇ ۋە يىغلايدۇ. بەزىدە سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئۇ تەبەسسۇمغا لەۋ ئاچىدىغان بولسا، چىشلىرىنىڭ شولىسى ئالەمنى يورۇتىدۇ. ئەگەر سۆزلىمەكچىكە تىل ئاچسا، ئاغزىدىن مۇشكى-ئەنبەر تۆكۈلۈپ ھەممە يەرنى خۇش پۇراقلىق قىلىدۇ. ئەگەر، يىغلىماققا كۆز يۇمىدىغان بولسا، كۆزىدىن ياش ئورنىغا ئۈنچە-ياقۇت تۆكۈلىدۇ. بۇ خىسلەتلەر مۇشۇ مەخلۇقتا باركى، باشقا مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالماس. شاھىم خەۋەردار بولۇڭكى، بۇندىن ئارتۇق نەزەر قىلمىغايسىز. مۇبادا ئۇنىڭ ئىشتىياقىغا گىرىپتار بولۇپ، جاپا-مۇشەققەت دەش-

تىدە سەرگەردان بولمىغايسىز.
بىچارە پادىشاھ بۇ تەرىپلەر بىلەن
ئۇنىڭغا ئاشىقى ـ شەيدا بولۇپ بىر ئاھ
تارتىپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆيـ
غىنىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىھۇش ھالـ
دا شەھەردىن چىقىپ بىر ھامامىنىڭ
گۈلخىنىگە كېلىپ دىۋانىلەرچە چەرخ
ئۇرۇپ ئۆزىنى گۈلخ ئىچىگە تاشلاپتۇ. مىسرائ:

ئەتمىگىل يارەب كىشىنى ئىشقى قەيدىغە ئەسىر.

تاك ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ
سىپاھۇ سەركەردىلىرى ھەر كۈندىكىدەك
سالامغا كەلسە، پادىشاھ يوق. شۇ ئەسـ
نادا ھامام تەرەپتىن بىر كىشى كېلىپ:
ـــ گۈلخ ئىچىدە پادىشاھىمىز سۇرىـ
تىدىكى بىر كىشى لەيلى ۋىسالىدىن مەھـ
رۇم بولغان مەجنۇندەك تولغىنىپ ياتىدۇ، ـــ
دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
سىپاھ ـ ئۇمرالار شاھزادىلەرگە ئەھۋالنى
دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادىلەر
ئاتىسى ياتىدىغان خاس سارايغا كىرىپ،
شۇنچە ئىزدەپمۇ پادىشاھنى تاپالماي
پەريادۇ پىغان بىلەن قايتىپ چىقىپتۇ،
ۋەزىرلەر ھامامغا بېرىپ قارىسا ئۇ يەر ـ
دە ياتقان ھەقىقەتەن پادىشاھ ئىكەن.
ئۇ، گويا مەست شىرغا ئوخشاش نەرە
تارتىپ، ئاغزىدىن ھەر تەرەپكە ئاق
كۆپۈك چاچرىتىپ يېتىپتۇ. بېيىت:

نې پەرۋايى جەھان ئەيلەر ۋە نې پەرۋايى جان ئاندا،
نې بەلكىم تەختىيۇ بەختى مال ـ مۈلكى خانىمان ئاندا.
ئېرۇر مۇستەغرەقۇ بەھرى مۇھەببەت بىخەۋەر ئۆزدىن،
قەرارى يوق چۇسىماب ئىزتىراب بىرلە زەمان ئاندا.

ئەلقىسسە: پادىشاھنى بۇ ھالدا
كۆرگەن ئۇمەرالار ۋە شاھزادىلار:
ـــ ئەي جاھان پاناھىمىز، سىزگە
نېمە بولدى؟ بىزگە بايان قىلىڭ، بىز
ئىلاجىنى كىرىشەيلى. سىزدەك پادىشاھقا
بۇ تەرىقە ئولتۇرۇش خۇپ ئەمەستۇر، ـــ
دەپ ئېلىپ كەتمەكىنى ئىلتىجا قىپتۇ.
پادىشاھ بۇنى رەت قىلىپ:
ـــ مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇڭلار.
ماڭا يېقىن كەلمەڭلار. مېنىڭ بۇ جىسـ
مىم سىلەرنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ـــ
دەپتۇ ۋە شاھزادىلەرغا قاراپ سۆزىنى
داۋام قىپتۇ، ـــ ئەمدى پادىشاھلىقنى
سىلەرگە تاپشۇردۇم. پۇقرالارنى راستلىق
بىلەن تەربىيەت قىلىڭلار، زالىملارنىڭ جا ـ
زاسىنى بېرىڭلار، مەزلۇملارنىڭ دادىغا
يېتىڭلار.
شاھ شۇ سۆزلەردىن كېيىن يەنە
ئاھ ـ ۋاھ چېكىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئا ـ
تىسىنىڭ بۇ ھالىغا شاھزادىلەرمۇ ئېچىنىپ ـ
تۇ ۋە:
ـــ ئەي قىبلەگاھىمىز، ھاياتىمىز ـ
نىڭ سەرمايىسى ئاتا، سىزگە نېمە بول ـ
دى؟ ئون سەككىزمىڭ ئالەمنى ياراتقان
پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى
ئۈچۈن بىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان
قىلىڭكى، قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئاما ـ
لىنى قىلايلى ئاللاتائالا كەرەم قىلىپ

دەردىڭىزگە داۋا بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ ئىلتىجالار قىلىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ دىلى يۇمشاپ، چۈشىدە مەلىكەئى زەرنىگارغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھتىن بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان شاھزادىلەر باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ نۇرغۇن نەسىھەتلەر بىلەن شاھنى تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئاكا-ئۇكا شاھزادە مۇرغى زەرنىگارنى تېپىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە گەپنى شاھزادىلەرنىڭ زەرنىگارنى تېپىش ئۈچۈن دەشتى-باياۋانلارنى كېزىپ ھېسابسىز جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن مەقسىتىنى قولغا كەلتۈرگەنلىرىدىن ئاڭلايلى.

شاھزادىلەر بىر نەچچە كۈن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئاتىسىدىن دۇئا رىزالىق ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇلار دەشتى-باياۋانلارنى كېزىپ قىرىق كۈن بولغاندا ئۈچ ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. ئاچا يولدا بىر تاش تاختا بولۇپ ئۇنىڭدا: «ھەر كىم ئوڭ تەرەپتىكى يولغا ماڭسا، ساق-سالامەت ماكانىغا بارىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىدىكى يولغا ماڭسا، يا كېلىدۇ، يا كەلمەيدۇ. ئەگەر كىمكى سول تەرەپتىكى يولغا بارسا ئۇنىڭ كەلمىكى يوقتۇر.» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. بۇنى كۆرگەن شاھزادە مۇھسىن ئۇكىلىرىغا:

— ئەي ئۇكىلىرىم، ھەر نېمە قىلغان بىلەن مېنىڭ يېشىم سىلەردىن چوڭ، ھەمدە ئۆزۈممۇ ئاجىزراق، شۇڭا ئوڭ يولغا مەن ماڭاي، — دەپتۇ.

شاھزادە ئېھسان ئوتتۇرا يولنى ئىختىيار قىپتۇ. شاھزادە ھەسەن بولسا:

— ئەي ئاكىلار، سىلەر ھەر ئىككىڭلار ئاسان يولنى تاللىدىڭلار. كەمىنىگە خەتەرلىك يول قالدى. ئۆزەمنى ئاللاتائالاغا تاپشۇردۇم، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

قەدەم قويدۇم تەۋەككۇل دەپ خۇداغە،
بولۇپ تەسلىم ئەسبابى قەزاغا.

دەپ ئاكىلىرى بىلەن خەيرلىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە ھەسەن نۇرغۇن مەنزىل-مەراھىللارنى بېسىپ، سەكسەن كۈن بولغاندا، يىراقتىن بىر يېشىل گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كىيىكلەر ئوتلاپ يۈرگۈدەك. شاھزادە ئىچىدە: «بۇ كىيىكلەردىن ئېتىۋالسام، بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇق تاپقۇدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئوقيانى قولىغا ئېلىپ كىيىكلەرنى ئاتماقچى بوپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن كىيىكلەر قاچماستىن ھەممىسى جەمئى بولۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئايىقىغا باش قويۇپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. بۇ ھالدىن ئەجەبلەنگەن شاھزادە كىيىكلەرنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ باقسا، ھەممىسى بىر-بىرىدىن ئوروق-خاراب ئىكەن. شاھزادە كىيىكلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ گۈمبەز ئىچىگە كىرىپتۇ.

گۈمبەزنىڭ ئىچى خىلمۇ خىل بويۇملار بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئىچىدە ھەر خىل تائام-شارابلار تەييار قىلىنغان، ھەر خىل-ھەر ياڭزا جانىۋارلارنىڭ گۆشىدىن كاۋاپ قىلىپ داستىخانلارغا تىزىلغان، ئەمما ئۇلارنى يەيدىغان

ھېچكىم يوق ئىمىش. شاھزادە ھەسەن ھەيران بولۇپ: «ئەمدى بۇ شارابلاردىن نۇش ئېتىپ، بىر مېھمان بولايچۇ» دەپ شۇنداق قول سىزدۇشىغا:

— ئەي، ئادەمىزات! ئۆزۈڭدىن ئۈمىدىڭ بولسا قولۇڭنى تارت! — دېگەن ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

شاھزادە ھەسەن: «بۇ نېمە ھادىسىدۇ؟» دەپ ئەتراپقا قارىسا ئادەم ئىنساندىن ئەسەر يوقمىش. ئۇ، بىر پەستىن كېيىن يەنە تائاملارغا قول سۇنۇپتۇ. يەنە ئاۋۋالقى ئاۋاز تەكرارلىنىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇ، شۇنداق قول ئۇزىتىپ تۇرۇشىغا «قولۇڭنى تارت!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا بىر مومای پەيدا بوپتۇ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى دىۋە كۆرسىمۇ قىرىق كۈنلۈك يەرگە قاچقىدەك ئىكەن. چۈنكى كەمپىرنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، ئاغزى غار مەسەللىك، بارماقلىرى چىنار شاخلىرىدەك، كۆزلىرىدىن ئوتلار چېچىلىپ تۇرغىدەك. شاھزادە ھەسەن بۇ بەد سۈرەت كەمپىرنى كۆرگەن ھامان كۆڭلىدە ئەندىشە قىلىپ: «سەن بەدبەشىرنىڭ بىر ئوقلۇق ھالىڭ بارغۇ» دەپ ئاتماقنى ئىختىيار قىلىپ، ئوقيانى قولىغا ئاپتۇ.

شۇ ئەسنادا كەمپىر ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، پۇت - قوللىرىنى بىر شىلتىغان ئىكەن، شاھزادە ھەسەن مادارىدىن كېتىپ، يەرگە يىقىلىپتۇ، ئاندىن كەمپىرگە قاراپ:

— ئەي قانجۇق ئىت! مەندەك غېرىب مۇساپىرنى بۇ تەرىقە قىلغىلى، مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟ — دەپتۇ. شاھزادە ھەسەندىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەن كەمپىر:

— ھۇ بەدىرەك، تېخىچە ھالىڭ باركەندە؟ — دەپ يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇپتىكەن، شاھزادىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، كېيىك سۈرىتىدە بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالىدىن بىخەۋەر ئىكەن. شۇڭا ئۇ: «بۇ كەمپىر جادۇگەرگە ئوخشايدۇ، بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەتمىسەم، مېنىمۇ ئاشۇ كېيىكلەردەك زار - زەبۇن قىلىۋەتكۇدەك» دەپ ئويلاپ، گۈمبەزدىن چىقىپتۇ.

ئۇ، ئالاھىزەل ئون كېچە - كۈندۈزدەك يول يۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر گۈمبەزگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ گۈمبەز ئاۋۋالقىدىن يۈز ھەسسە ھەشەمەتلىك ئىكەن. شاھزادە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ ياسىداق ئىكەن، خىلمۇ خىل تاماق، رەڭمۇ رەڭ شارابلار تەييار ئىكەن. ئۇ، تەشنالىقنى قاندۇرماق ئۈچۈن شارابلارغا قول ئۇزاتقان ھامان يەنە غايىبتىن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي كېيىك، بۇ شاراپلارغا تەگمىگىن. ئاخىرى پۇشايمان قىلۇرسەن.

شاھزادە ھەسەن ئۆزىنىڭ كېيىك بولۇپ قالغانلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلىپ ئەتراپقا نەزەر ساپتۇ. قارىسا، گۈمبەزنىڭ يۇقىرىسىدا قەددى گۈلدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى كاماندەك، كىرپىكلىرى ئوقتەك، گۈل يۈزلۈك بىر قىز ئولتۇرغىدەك. ئۇنىڭ پەقەت قىزلىقىدىن باشقا ئەيىبى يوق ئىمىش. بېيىت:

كىشى كۆرگەن ئەمەس ئۇشبۇ يەڭلىغ قىز بالە،
قەددى چۇ سەرۋى، لەبى غۇنچەۋۇ يۈزى لالە.

www.uyghurkitap.com



ئەلقىسسە: قىز: «مەن كېيىكنىڭ شاراب ئىچكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ كېيىك شاراب ئىچىدىكەنغۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. شاھزادە ھەسەننىڭ بۇ قىزغا قاراپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپتۇ. قىز كۆڭلىدە «بۇ كېيىك ئەمەس، ئادىمىزات ئىكەن. بۇ بىچارىنى مېنىڭ مومام كېيىك سۈرىتىگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە، دىلى ئېرىپ، بىر كەلىمە ئەپسۇن بىلەن شاھزادە ھەسەننى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈپتۇ. قىز قارىسا، بۇئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك، تۇرقىدىن پادىشاھزادىلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرىدىغان يىگىت ئىكەن. شاھزادىنىڭ ئىشقى-پىراقى قىزنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىپتۇ. ئۇ يىگىتكە تەبەسسۇم بىلەن:

— ئەي لەتاپەت دەرياسىنىڭ يېگانە گۆھىرى، نازاكەت چىمەنىنىڭ گۈلى رەناسى، قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭىز ۋە كىمنىڭ پەرزەندى بولىسىز؟ — دەپتۇ. شاھزادە ھەسەن «تىلىم سۆزگە كەلمەيدۇ» دەپ ئىشارەت قىپتۇ. قىز دەرھال بىر پىيالە شارابقا دەم قىلىپ يىگىتكە ئىچكۈزۈپتۇ، شاھزادە ھەسەن ئۇنى ئىچكەن ھامان داستانچى بۇلبۇللاردەك تىلغا كىرىپ، ئۇشبۇ بېيىت بىلەن ئەرزۇ-ھالىنى بايان قىپتۇ:

مەن ئىرۇرمەن بەلخ شاھى پەرزەندى،
نە پەرزەندى بەلكى دۇرمەن دىلبەندى.
ئاتامنىڭ باشىغا تۈشتى نې سەۋدا،
مۇرغى زەرنىگارغا بولمىشتى شەيدا.
ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەلدىم بۇ يانە،
يوقسە ئاتام بولمىش ئىدى دىۋانە.
يولدا چۈشتۈم بىر ساھىرە قولىغا،
لەۋ تەۋرىتىپ سالدى كېيىك يولىغا.
رازى بولۇپ چۈشتۈم يولغا قەزاغا،
شۈكرى بىھەدلەرنى ئەيلەپ خۇداغا.
ئاقىۋەت رەھم ئەيلىدىڭ تۇرقۇم بۇدۇر،
كۆرگەن زەمان ئادەملىكىم فەھمدۇر.
كەلتۈردۈڭ سەن سەۋەب قىلىپ ئەسلىمگە،
يوقسە خەزان يېتەر ئىدى پەسلىمگە.

دەپ، شاھزادە ھەسەن ئاتىسىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ۋادىئى سەرگەردانلىققا قەدەم قويغانلىقىنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. قىز:

— ئەي بەرنا يىگىت، بۇ ئىشنى قىلماققا ئىختىيار قىپسەن. ئەمما، مەلىكەئى زەرنىگارنى تىلسىمىي زەررىندە بولۇرمىش دەپ ئىشتكەندۇرمىز. تىلسىمىي زەررىن دېگەن، كوھىقاپنىڭ ئىچىدە ئىمىش. ئۇنىڭ ئەتراپى دىۋە-پەرى، جىن-شاياتۇنلارنىڭ ماكانىدۇر. ئۇ يەرگە ھەرگىزمۇ ئادىمىزاتنىڭ قەدىمى يەتكەن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردە دورىلىق ئۈچۈن، بىر مىسقال ئادەم گۆشىنى يۈز مىسقال ئالتۇنغا ئالارمىش. سەن بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن. سېنىڭ ئىشقىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە ئورناشتى. تىرىكلىكىمىزدە ئىككىمىز بىر يەردە بولايلى. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان خەتەرلىكلەر بار. ئادىمىزاتنىڭ ئۇلاردىن سالامەت ئۆتمىكى مۇمكىن ئەمەس. يولدا سېنى كېيىك سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويغان كەمپىر مېنىڭ ئانام بولىدۇ. ئۇنى كەپتار جادۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ، ھەممە جادۇگەرلەرنىڭ ئانىسى ۋە ئۇستادىدۇر. ئۇ سېنى ھايۋان سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ زوۋالىڭنى بەنت قىلىۋەتكەنىكەن. مېنىڭ ساڭا رەھىم كېلىپ، ئەسلىڭگە كەلتۈردۈم. ئەمدى بۇ خام خىيالنى تاشلاپ، مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن... — دەپ نۇرغۇن سۆزلەرنى

قىپتۇ. ئەمما شاھزادە قوبۇل قىلماپتۇ. بىچارە قىز ئۇنىڭغا تولىمۇ ئاشىق بولغانىكەن.

— ئۇنداق بولسا، مېنى ئۆز نىكاھىڭغا ئېلىپ، تۆت - بەش كۈن مېنىڭ بىلەن دەم ئالغىن. ئاندىن بىر نەرسە دەپ جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ. شاھزادە نائىلاج قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ بىر ھەپتە ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراپتۇ. قىز يەنە ئەۋەتمەسلىكىنىڭ قەستىدە:

— ئەي شاھزادە، ھېلىھەم بۇ خىيالدىن يانغىن. يەنە بىرنەچچە زاماندىن كېيىن سېنىڭ ۋىلايىتىڭگە بارايلى. مەندىن زىيان كۆرمەيسەن. ھەر قاچان جاپا - مۇشەققەتكە قالساڭ، مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلماققا يارايمەن، — دەپ ھەر قانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ شاھزادە ھەسەن قوبۇل كۆرمەي:

— ئەي جانۇ جاھانىم، بىز ئۈچ ئاغا - ئىنى بىر مەقسەت بىلەن يولغا چىقىپ ھەر قايسىمىز ھەر تەرەپكە يول ئالغاندۇق، ئاتىمىز بىزگە ئىنتىزار. ئۇنىڭغا مەلىكەئى زەرنىگارنى تېپىپ بەرمەي، بۇ يەردە ئەيش - ئىشرەتتە يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئۇ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، — ئەي نازىنىنىم، ماڭا ئىجازەت بېرىپ، ساق - سالامەت قايتىپ كەلمىكىم ئۈچۈن دۇئادا بولغىن. زەئىپلەرنىڭ دۇئاسى مۇستەجاپدۇر. ئەگەر سالامەت قايتىپ كەلسەم سېنى ئۆزۈم بىلەن يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىمەن ۋە جاھان مەلىكىسى قىلىمەن، — دەپ كۆپ ئىلتىجالار قىپتۇ. شاھزادىنىڭ

بۇ تەرىقە ئۆتۈنۈشلىرىدىن ئامالسىز قالغان مەلىكە:

— خەير، مەن ماقۇل بولاي. ئەگەر، بىرەھىم جادۇگەرلەرگە گىرىپتار بولساڭ ئۆز ۋابالىڭ ئۆزۈڭگە بولسۇن. بۇ يەردىن يولغا چىقىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن سۇمرۇغنىڭ ئۇۋىسىغا يېتىپ بارىسەن. ئۇ، ھەر يىلى شۇ يەردە چۈجە چىقىرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەژدىھا كېلىپ يەۋېتىدۇ. سەن شۇ يەرگە يەتكەن چېغىڭدا ئەژدىھانى ھالاك قىلغىن. سېنى ئاشۇ سۇمرۇغ مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ، — دەپ شاھزادە بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، داغ - نادامەتلەر بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

سەنسىز ماڭا يوقتۇر ئارام ئەلۋىدا،
كۆزگە ئەمدى ئۇيقۇ ھارام ئەلۋىدا.
قولدىن كەلگەن ئىززىتىڭنى ئەيلىسەم،
سۆھبىتىمگە بولمىدىڭ رام ئەلۋىدا.
تۇلۇئ ئەيلەر چاغى سۇبھى ئۈمىدىم،
نېتەي - نەيلەي ئەيلىدىڭ شام ئەلۋىدا.
سەندىن مېنىڭ ئۈمىدلىرىم كۆپ ئىدى،
مىڭدىن بىرى ئالمىدىم كام ئەلۋىدا.
ئاھ، نەيلەي، ھەرنە قىلغان خەيالىم،
بىلدىم ئەمدى ئىكەندۇر خام ئەلۋىدا.
مۇنتەزىرمەن تا كەلگۈنچە يولۇڭغا،
تېزراق يەتكۈر ياخشى پەيام ئەلۋىدا.
بىر مۇئتەبەر زەئىفەڭمەن ناتەۋان،
ساڭا كېرەك مېنىڭ رىزام، ئەلۋىدا.

ئەلقىسسە: شاھزادە ھەسەن قىز بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نۇرغۇن مەنزىل - مەراھىللارنى بېسىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. بۇ تاغ شۇنداق ئېگىز ئىكەنكى، چوققىسى پەلەككە تاقاشـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





قانمىش. تاغنىڭ ئۈستىدە بىر تۈپ چىنار بولۇپ، مىڭ ئادەم قۇچاقلىسىمۇ يەنە بىر تەرىپىگە قول يەتمەيدىكەن. شاھزادە: «قىز دېگەن دەرەخ ۋە سۇمرۇغنىڭ ئۇۋىسى مۇشۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپ، بىر پەس ئارام ئالماق بولۇپ يېتىپتۇ. ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا بېرىشىغا، سۇمرۇغنىڭ بالىلىرىنىڭ چۇرۇقلاپ نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھەيۋەتلىك بىر ئەژدىھا دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋاتقىدەك. شاھزادە دەرھال ئوقيادىن بىر تال ئوق ئۈزگەنىكەن، ئوق ئەژدىھانىڭ پېشانىسىدىن ئۆتۈپ، دەرەخكە قادىلىپتۇ. ئەژدىھا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، بىردىنلا جىمىپتۇ. شاھزادە ئەژدىھانى سويۇپ-پارچىلاپ، گۆشىنى سۇمرۇغنىڭ بالىلىرىغا ئېچىتىپ بېرىپتۇ. ۋە ئۆزى قايتىدىن ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن سۇمرۇغ ھەر چاڭگىلىدىدا ئۈچ تۆگىگە باراۋەر كەلگىدەك پىلنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ پىللارنى بالىلىرىنىڭ ئالدىغا قويسا ئۇلار قاراپمۇ قويماي ئۇخلاپ ياتقىدەك. سۇمرۇغ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قاراپتۇ ۋە ئۇخلاپ ياتقان شاھزادىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ، شاھزادىگە ئېتىلماقچى بولغاندا بالىلىرى پەرياد قىلىپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ:

— ئەي ئانا، ئۇ ئادىمىزاتنى ھەرگىز نابۇت قىلمىغىن. ئۇ بىزلەرگە ھەددىدىن زىيادە ياخشىلىق قىلدى. ئۇ، ھەر يىلى بىزنىڭ ئاغىلىرىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئەژدىھانى ئۆلتۈرۈپ، گۆشى بىلەن بىزگە زىياپەت بەردى!

سۇمرۇغ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قاناتلىرىنى كېرىپ شاھزادىگە سايىۋەن بوپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن شاھزادە ئويغىنىپ قارىسا، ئۈستىدە قارا بۇلۇتتەك بىر نەرسە سايە قىلىپ تۇرغىدەك. ئۇ، قورققىنىدىن كۆزىنى قايتا يۇمۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سۇمرۇغ:

— ئەي ئادىمىزات، قورقما. كۆزۈڭنى ئاچ،— دەپتۇ. شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىپتۇ. سۇمرۇغ:

— ئەي ئادىمىزات! بۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ ئايىقى يەتمەيتتى. نېمە سەۋەب بىلەن بۇ جايغا قەدەم بېسىپ قالدىڭ؟ بۇ ئەرىقە مۇشكۇلاتلارنى تارتقۇدەك بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟— دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە ھەسەن يىغلاپ تۇرۇپ،

ئاتىسى سۇلتان شۇجائىنىڭ چۈشىدە مەلىكە زەرنىگارنى كۆرگەنلىكى ۋە شۇ سەۋەبتىن يولغا چىقىپ، يولدا ئۇچرىغان - تارتقان رەنجۇ مۇشەققەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ، ھەمدە سۇمرۇغدىن مەلىكەئى زەرنىگارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ سۇمرۇغ، — بۇندا كېلىپ ياخشى قىپسەن. لېكىن، ھېلىقى سەۋدايى تاشلىغىن. چۈنكى مەلىكەئى زەرنىگار تىلسىم زەررىندەدۇر. ئۇ يەرگە بارغىچە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايسەن. يول ئۈستىدە تىلسىملار بىلەن بىنا قىلىنغان نۇرغۇن دەريالار بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوت دەرياسى بولسا، بەزىلىرى قان چاچقۇچى دەريالاردۇر. بۇلاردىن ئۆتكەندىمۇ، تىلسىمى زەررىدىن دىۋە - پەرى، جىن - شاياتۇنلارنىڭ ماكانىدۇر. شۇڭا مېنىڭ نەسىھىتىم، سەن بۇ يولدىن يانغىن. سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن سېنى بىر كېچىدە ئۆز ۋىلايىتىڭگە يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ.

شاھزادە بولسا:

— ئەي شاھى مۇرغان، كەمىنە مەردانىلىق بىلەن بۇ يولغا قەدەم قويدۇم. مەقسەتكە يەتمەي تۇرۇپ، ئاتامنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمدىن، دەشتۇ چۆللەردە ئۆلگىنىم ياخشى. سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا مەقسىتىم ھەل بولار دېگەن ئۈمىدتە كەلگەنىدىم. ھازىر ھەم ئۈمىدىم سىزدە، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ بۇ ھالىغا سۇمرۇغنىڭ رەھمى كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولماققا مەشغۇل بوپتۇ ۋە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بىر پەستىن كېيىن، ئىككى چاڭگىلىدا تاغدەك زور ئىككى پىلنى كۆتۈرۈپ يېنىپ كەپتۇ.

— بۇلارنىڭ تېرىسىنى، — دەپتۇ سۇمرۇغ شاھزادىگە، — ئېھتىيات بىلەن سويۇپ تولۇم قىلغىن، سۇ تولدۇرىمىز.

شاھزادە پىلنى تولۇم سويۇپ، گۆشلىرىنى پارچىلاپ راسلاپتۇ.

— ئەمدى، — دەپتۇ سۇمرۇغ، — بۇ سۇ ۋە گۆشلەرنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئارتىپ، ئۆزۈڭمۇ ئۈستۈمدە ئولتۇرغىن. شۇ نەرسە ئېسىڭدىن چىقمىسۇنكى، ئوڭ يېنىمغا قارىسام گۆش، سول يېنىمغا قارىسام سۇ بېرىسەن. تەڭرى ئاسان قىلسا تىلسىمى زەررىنگە يېتىمىز.

شاھزادە ھەسەن خۇش بولۇپ، سۇمرۇغنىڭ دېگىنى بويىچە ھەممىنى تەق قىپتۇ. سۇمرۇغ تىلىغا بىسمىللانى جارى قىلىپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. بىر چاغدا سۇمرۇغ شاھزادىگە:

— يەرگە قارىغىنا، يەر قانداق كۆرۈنىۋاتىدۇ؟ — دەپتۇ. شاھزادە:

— بەزى شەھەرلەرنىڭ دەرەخلىرى تۇماندەك كۆرۈندى، — دەپتۇ. سۇمرۇغ:

— تېخى پەس ئىكەنمەن، — دەپ تېخىمۇ يۇقىرىراق پەرۋاز قىپتۇ. ئاندىن يەنە سورىغاندا شاھزادە:

— ئەمدى شەھەرلەر كۆزگە كۆرۈنمىدى، يەر بولسا كىچىكرەك سۈپۈردەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ. سۇمرۇغ:

— يەنە ھەم پەس ئىكەنمەن، — دەپ، تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قاپتۇ.

— ھازىر بول، — دەپتۇ سۇمرۇغ شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چاغدا، — بىز زۇلمەت دەرياسىغا يېتىپ
تىمىز. تەڭرى تەئالانىڭ ئىسمى ئەزەملە-
رىنى تىلىڭغا جا قىلغىن!
ئۇلار مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە بۇ
يەردىن ئۆتۈپ، يەنە بىر يەرگە يەتكەندە
پۈتۈن ئالەم تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ.
بۇ ئاتەش دەرياسى ئىكەن. بۇ يەردىنمۇ
سالامەت ئۆتۈپ، يەنە بىر يەرگە
كەلگەندە ئاللىقانداق گۈلدۈرمامى-
دىنمۇ قاتتىق، خۇددى تاغنى تاغقا ئۇر-
غاندەك دەھشەتلىك ئاۋازلار پۈتۈن جا-
ھاننى قاپلىغان ئىمىش. بۇ ئەسلىدە سۇ
دەرياسى ئىكەن. ئوتتۇرىسىغا بارغاندا
سۇمرۇغ ھالسىزلىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەرىپىگە
قاراپتۇ. بۇچاغدا گۆش تۈگىگەنىكەن. شاھزادە
دەرھال ئۆز يوتىسىدىن بىر پارچە گۆش
كېسىۋېلىپ سۇمرۇغنىڭ ئېغىزىغا سېپتۇ.
سۇمرۇغ ناھايىتى قۇۋۋەتلىنىپ شۇنداق
ئۇچۇپتۇكى، بىر دەمدە بۇ يەردىن ئۆتۈپ،
ئېگىز تاغنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بۇ كۆھى-
قاپنىڭ بىر تەرىپى ئىكەن. شاھزادە سۇم-
رۇغقا قارىسا تەرلەپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ
ھەر تال پېيىدىن بىر ئېرىق سۇ چۈشۈ-
ۋاتقىدەك. شۇ چاغدا سۇمرۇغ شاھزادى-
دىن سوراپتۇ:
— سەن ئاخىرقى قېتىم بىر لوقما
گۆش بەردىڭ. بۇ گۆش پىل گۆشىدىن
نەچچە ھەسسە لەززەتلىك ئىكەن. بۇنىڭ
سەۋەبى نېمە؟
— ئەي شاھى مۇرغان، — دەپتۇ شاھ-
زادە، — ئاخىرقى قېتىمدا گۆش تۈگىگەنە-
لىكتىن ساڭا ئۆز يوتامنى كېسىپ بەرگە-
نىدىم.
بۇنى ئاڭلىغان سۇمرۇغ دەرھال
گۆشنى ياندۇرۇپ، شاھزادىنىڭ يوتىسىغا
چاپلاپتۇ ۋە قانىتى بىلەن بىرلا سىپاپتى-

كەن، شاھزادىنىڭ يوتىسى ساپساق
بولۇپ ئەسلىگە كەپتۇ.
— ئەي شاھزادە، تاغنىڭ سول تە-
رىپىگە نەزەر سالغىنچۇ، نېمىنى كۆرىدى-
كەنسەن؟ — دەپتۇ سۇمرۇغ. شاھزادە ھە-
سەن قارىسا كۆزىگە بىر شەھەر كۆرۈنۈپ-
تۇ. شەھەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى
قىزىل ئالتۇندىن بولۇپ، گۈمبەزلىرىنىڭ
قۇببىسى گۆھەردىن ئىكەن. قارىغان كىشى-
نىڭ كۆزى قامىشىپ كېتىدىكەن.
— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ سۇمرۇغ، —
مانا بۇ شەھرى زەررىن بولىدۇ. ياخشى
چاغدا كېلىپتىمىز. دىۋە - پەرى، جىن-
شاياتۇنلار بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە -
كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئويغانغاندا قىرىق كې-
چە - كۈندۈز ئويغاق يۈرىدۇ. بۇ دەل
ئۇلارنىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. سەن
خاتىرجەم بېرىپ، مۇرغى زەرنىگارنى
ئېلىپ كېلىۋەر. سەن كەلگىچە، مەن مۇ-
شۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن.
شاھزادە ھەسەن سۇمرۇغدىن چۈشۈپ،
شەھەر دەرۋازىسىغا كەپتۇ. قارىسا، قاس-
ساپلىرى پىچاقلىرىنى، باقساللىرى تارا-
زىلىرىنى تۇتقان پېتى ئۇخلاپ ياتقۇدەك.
ئۇ، زەررىن تىلسىمنى ئىزدەپ كوچىمۇ -
كوچا كېتىۋېتىپ كۆزى بىر دەرۋازىسىغا
چۈشۈپتۇ. شاھزادە «تىلسىمى زەررىن مۇ-
شۇ بولۇپ، مەلىكىمۇ شۇ يەردە بولسا
كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىسمىللا بى-
لەن ئىچكىرىگە قەدەم قويۇپتۇ. ئۇنىڭ
ئالدىدا بىر قەسرى ئالى نامايان بوپتۇ-
كى، بۇ قەسرىنى دۇنيا بىنا بولغاندىن
تارتىپ ھېچكىم كۆرمىگەنىكەن. بۇ قە-
سىر پەرىلەر شاھىنىڭ قەسرى بولۇپ،
ئۇنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدادى-

ۋىلەر بىنا قىلىپ زىننەتلىگەنىكەن.
دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئىسمى رەھـ
قائىل بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرار جايى ماكانى
ئاشۇ قەسىر ئىكەن. ئۇنىڭ مەلىكە دىلـ
كۇشا ئاتلىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇ قىز
مەلىكەئى زەرنىگارغا ئاشىق بولۇپ قالـ
غاچقا، ناھايىتى كۆپ مىھنەت ـ مۇشەققەتـ
لەر بىلەن ئۇنى قولىغا كەلتۈرگەنىكەن،
شۇڭا ئۇنى ئالتۇن قەپەسكە سېلىپ، تىلـ
سىمى زەرنىگاردا ساقلايدىكەن. ھەر كۈـ
نى ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆڭلىنى
ئاچىدىكەن.

ئەلقىسسە: شاھزادە ھەسەن دەرۋاـ
زىدىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىگە قەدەم قويۇپتۇ.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قەسىر ناـ
مايان بوپتۇ. بۇ، ئىلگىرىكىدىنمۇ چىرايـ
لىق ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ دەرۋازىدا
ھېسابسىز دىۋىلەر شىردەك نەرە تارتىپ
تۇرغىدەك. ھەسەن قەسىرگە كىرىپتۇ.
قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تەختتە
پەرىلەرنىڭ سۇلتانى شاھى رەھقائىل ياتـ
قىدەك. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئورغۇنلىغان
دىۋە ـ پەرىلەر پادىشاھىنى ئارىغا ئېلىپ
تۇرغىدەك.شاھزادەھەسەن مەلىكەئى زەرنىـ
گارنى ئىزدىش ئۈچۈن ئەتراپقا نەزەر ساپـ
تۇ. قانچە قىلسىمۇ كۆزىگە ھېچنەرسە
كۆرۈنمەپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭغا قەسىرنىڭ
تۆرىدە بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئىشىكـ
تىن كىرىپ، ئۆزىنى بىر چاھار باغنىڭ
ئىچىدە كۆرۈپتۇ. چاھار باغنىڭ
تۆت تەرىپىدە تۆت كۆل بىنا قىلىنغان،
كۆلنىڭ ئەتراپىنى خام رو ۋە تاشتىن
قوپۇرۇپ چىقىپ ئۈستىگە لەئلى ـ زۇمرەتـ
لەردىن زىننەت بېرىلگەنىكەن، كۆلدە
سۇ ئورنىغا گۇلاپلار جارى قىلىنغانىكەن.
باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە كاتتا بىر كۆل
بىنا قىلىنىپ، ئۇنىڭغا سۇ ئورنىغا شاراب
توشقۇزۇلغانىكەن. بۇمۇ تىلسىم بىلەن
ئىشلەنگەن بولۇپ، كۆل بويىغا يېقىن
كەلگەن كىشىگە، گويا شاراب ئىچىۋالغانـ
دەك خۇش كەيپىلىك پەيدا بولىدىكەن.

ئەلقىسسە: شاھزادە ھەسەن چاھار
باغنىڭ ئەتراپىنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ
كۆزىگە يەنە بىر ئالىي قەسىر جىلۋىگار
بوپتۇ. ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا خەتتى سۇلۇس
بىلەن«بۇ باغ تىلسىمى ئالتۇنلۇق بولۇپ،
كۆكلەم خۇشلۇقى بەرگۈچى گۈلىستان مەـ
لىكەئى دىلكۇشانىڭ تەفەررۇجگاھىدۇر،»
دەپ يېزىلغانىمىش. شاھزادە ھەسەن
ئاشۇ خەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، تىلىغا
ئىسمى ئەئزەمنى جارى قىلىپ، باغقا قەـ
دەم قويۇپتۇ. ئۇ يەردە بىر تەخت ئۈسـ
تىدە بىر پەرىزات ناز ئۇيقۇسىدا ياتقىدەك.
ئۇنىڭ تەرىپىنى قەلەم شۇنداق بايان
قىلىدۇ:

گۇيىياچۇن سۇبھى باسقاندەك ياتۇر ياز ئۇيقۇسى،
يا مەگەر ياز ئۇيقۇسى باسمىش ۋە يا ناز ئۇيقۇسى.
ھەر نەكىم مەقسەت ئىسە ھاسىل قىلۇر بىلمەس ئۆزى،
ئاشىقى ـ مەئشۇقىنى بۇيلە ئېسە ساز ئۇيقۇسى.
ھوش باشتىن، سەبر دىلدىن، ئۇيقۇ كۆزدىن ئايتىدۇ،
ئەيلە دەپ بۇسى كەنار ئول سەرۋى تەنناز ئۇيقۇسى.
ماڭا ھەم ۋەسلى مۇيەسسەر ئولسا ئەردى بىر كېچە،

تەلمۈرۈپ رۇخسارىنى قىلماس ئىدىم باز ئۇيقۇسى.
ئىشقى دەردىدىن دېمەك ھالى ئەگەر ھەر كىمسەنىڭ،
رەڭگى-رويى سارغىيىپ بولسا ئەگەر ئاز ئۇيقۇسى.
كۆزنى يارەب ھوسنىنى ئىپھساندىن ئەتمە بى نەسىب،
ئەيلىگەچ ۋەسلىنى ئاخشام كەلمەككە ئاغاز ئۇيقۇسى.

ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېسابسىز پەرىزاتلارمۇ ئارام ئېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ تىلسىمنى گويا جەننەتۇل فىردەۋس، ئۇلارنى ھۆرى-غىلمان دېسىمۇ بولغىدەك ئىكەن. شاھزادە بىر تەرەپكە نەزەر سالسا زىنخلاردا كاۋاپ، شىشىلەردە شاراب ۋە خىلمۇ خىل تائاملار تەييار تۇرغىدەك. ئۇنىڭ كۆڭلى تارتىپ بىر يۇتۇم شاراب نۇش قىلغان ھامان، كەيىپ تۇتۇپتۇ. ئۇ شارابنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە:

—ئەي، تەن، كەلگىن، بۇ نازنىنلارنى سۆيمىسەڭ كۇفرانى نېئمەت بولۇر،—



دەپتۇ-دە، «يەر ئالساڭ بەلەندىن ئال» دەپتۇ، دەپلا، مەلىكەئى دىلكۇشانى سۆيۈۋېلىش قەستىدە تەختكە چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا «ھاي، ئوغرى كەلدى! ئۆزۈڭگە پەخەس بول!» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. شاھزادە ساراسىمگە چۈشۈپ ئەتراپقا قارىسا، ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. بۇ ئىش قايتا-قايتا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئۈچىلا قېتىمدا ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنى ساقلا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەستىن يۇقىرىغا قاراپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە زەرنىگار ئالتۇن قەپەسكە سېلىنىپ، قەسرىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇلغانىكەن. ئۇنى كۆرگەن شاھزادە ھەسەننىڭ مەستلىكى يېشىلىپ، ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، پەرىزاتلارنى سۆيۈۋېلىش خىيالىدىنمۇ كېچىپ، مەلىكەئى زەرنىگارنى ئېلىش قەستىدە قول ئۇزىتىپتۇ. شۇ ئەسنادا مەلىكەئى زەرنىگار:

—ئەي شاھزادە، ماڭا قول ئۇزاتمىغىن، مېنى ئېلىش نىيىتىڭدىنمۇ يان-

غىن. ئەسلىدە ماڭا مەلىكە دىلكۇشا ئاشىق
بولۇپ ناھايىتى كۆپ تەدبىرلەر بىلەن مې-
نى قولغا كەلتۈرگەنىدى. مەلىكە دىلكۇ-
شاغا مەن تېخىمۇ بەك ئاشىقدۇرمەن. كا-
مال ئىشتىياقىمدىن شۇبۇ تەرىقە قەپەستە
مەھبۇس بولسامۇ، ئۇنىڭ دىدارىغا مۇ-
شەررەپ بولغىنىمغا رازىدۇرمەن. ماڭا با-
غى - ئىرەم گۈلىستانلىرىنىڭ سەيلىسىدىن
بۇ ئەلادۇر. بۇ ھەقتە شائىرلار:

ئىشق ئوتى ئەۋۋەل تۇشەر مەئشۇققا ئاندىن ئاشىققە،
شەمئ ئۆزى تا يانمايىن ياندۇرمىدى پەرۋانەنى.

دېگەنىكەن. سەن خام تاما تەخ-
تىدىن چۈشكىن. ئەگەر مەن تەرەپكە يە-
نە قول ئۇزاتساڭ بىر پەرياد قىلىمەنكى،
بۇ جامائەلەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، سې-
نى پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ،— دەپتۇ.
—ئەي جانىجاھان،— دەپتۇ شاھزادە
ھەسەن، — ئىككى كەلىمە ئەرزىم بار. قۇلاق
سېلىپ ئاڭلىغان بولساڭ شۇ چاغدا ئۆزۈڭ-
مۇ ئىنسابقا كېلىپ، كەمىنەنىڭ گۇناھى-
نى ئەپۇ قىلىپ، خاھىشىمغا قوشۇلار ئىدىڭ،
بۇ ئىشقتىن سەن تېخى بىخەۋەر ئىكەنسەن،
مەلىكە زەرنىگار، شاھزادىنىڭ دې-
گەنلىرىنىڭ كۆپ ئىشلارغا دالالەت قىلى-
ۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ.
—ئۇنداق بولسا،— دەپتۇ مەلىكەئى
زەرنىگار ئەرزىڭنى بايان قىلغىن.
شاھزادە كۆزلىرىدىن مارجان كەبى
ياشلارنى تۆكۈپ سۆزىنى باشلاپتۇ.
—ئەي، مەلىكەئى زەرنىگار! مېنىڭ
ئاتام بەلىخ شەھرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ
ئىسمى سۇلتان شۇجائىدۇر. شىجائەت مەي-
دانىدا شىرى غۇررانىدەك، ئادالەت بابىدا
نۇشىرۋانىدەك، ساخاۋەتتە ھاتەمدەكدۇر.
مەزكۇر ئاتام بىچارە بىر كېچىسى جامال-
جاھان ئارايىشىنى كۆرۈپ ساڭا ئاشىقى
شەيدا بوپتۇ. شۇندىن بېرى ئۇيقۇسىدا
ئارامى، كۈندۈزى ئولتۇرماقتا قارارى يوق
بولغانلىقىدىن بىز ئۈچ ئاغا - ئىنى سې-
نىڭ كويۇڭدا سەرسانلىق - سەرگەردانلى-
قىنى ئىختىيار قىلدۇق. ئىككى ئاغام ئىككى
تەرەپكە كەتتى، مەن بۇ تەرەپكە يول
ئالدىم. يول بويى نەچچەند مۇشكۇلاتلار-
غا ئۇچراپ ئاخىرى بۇ يەرگە يەتتىم،—
دەپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان
قىلىپتۇ. ئۇ يەنە،— ھەر نېمە قىلساڭ
ئىختىيار ئۆزۈڭدە،— دەپتۇ.
مەلىكەئى زەرنىگار:
—ئەي شاھزادە! مەن، مەلىكە دىل-
كۇشانىڭ ۋەسلىدىن نېچۈك ئۈمىد ئۈزۈپ
سېنىڭ بىلەن بارىمەن؟ ئۇنىڭ ئاتىسىنى
رەھقائىل شاھ دەيدۇ. پۈتۈن كوھىقاپ
ئۇنىڭ ھۆكمىدە. سۇلايمان ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ ۋاقتىدىن بۇيان، ھەممە دىۋە -
پەرى، جىن - شاياتۇنلار ئاشۇ مەلىكە دىل-
كۇشانىڭ دادىسىغا ئىتائەت قىلىپ كېلى-
ۋاتىدۇ. مەلىكە بىر نەپەس مېنى كۆر-
مىسە بىئارام بولىدۇ. ئەگەر مەن سەن
بىلەن كېتىپ قالسام بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ
ئاتىسى خەۋەر تېپىپ قالسا، نە سەن ۋە
نە مەن قالۇرمىز؟ يەنە ھەم بۇ تەرىقە
سەرۋ ئازاد، نازۇك مەلىكىنى قويۇپ ئادەم-
زاتنىڭ قېشىغا بارمىقىم كۇفرانى نېئمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمزات ئەھلى بىۋاپادۇر، شۇڭا بۇ خىيالنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ تاشلا،— دەپتۇ.

شاھزادە ھەسەن يىغلاپ تۇرۇپ:

—ئەي، مەلىكەئى زەرنىگار، قەسەم بىلەن ئەھدى قىلايلى، تىرىكلا بولسام، سىزنى خۇش قىلۇرمەن. نېمە خالىسىڭىز شۇنى قىلىپ بېرىمەن. سىزنى جاھان مەلىكىسى قىلىپ، تامام مەملىكىتىمىزنى سىزگە پەرمانبەردار قىلىمەن،— دەپ كۆپ ۋەدىلەرنى قىپتۇ.

مەلىكەئى زەرنىگارنىڭ كۆڭلى ئېرىپ:

—ئەي، شاھزادە! بوپتۇ، گېپىڭىنى قوبۇل قىلدىم، ئاتاڭ ماڭا ئاشىق ئىكەن، ئىشقىنىڭ سەۋداسى ئۆز بېشىمدىمۇ بولغاچقا، سېنىڭ سۆزۈڭنى رەت قىلماقنى ئەقلىمگە مۇناسىپ كۆرمىدىم. لېكىن، مەلىكە دىلكۇشا ماڭا ئاشىق، مەن بولسام ئاڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ئاشىقدۇرمەن. شۇڭا ساڭا بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي. سەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرساڭ مەلىكە دىلكۇشا ئۆز رازىلىقى بىلەن بىزگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ دىدارىدىن ئايرىلىشقا تاقەت قىلالماسمەن،— دەپتۇ.

شاھزادە ھەسەن:

—قېنى مەسلىھەتىڭىزنى بايان قىلىڭ. نېمە دېسىڭىز دەرھال ئورۇندىاي،— دەپتۇ. مەلىكەئى زەرنىگار ئېيتىپتۇكى:

—ئەمدى سەن تەخت ئۈستىگە چىقىپ مەلىكە دىلكۇشانى قولغا كەلتۈرگىن. يەنى ئۇنىڭ بارمىقىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئورنىغا ئۆزۈڭنىڭ ئۈزۈكىنى سېلىپ قوي.

مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەن شاھزادىنىڭ نەپەسلىرى تېزلىشىپ، تومۇرلىرى ئۇرغۇپ، ئىشتىياق بىلەن تەختكە چىقىپتۇ ۋە مەلىكە زەرنىگاردىن:

—ئەي، مەلىكەم. دىلكۇشانىڭ بەدىنىگە قولۇم تەگكەن ھامان، ئويغىنىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟— دەپ سوراپتۇ.

—خاتىرجەملىك بىلەن ئىشىڭنى پۈتكۈز،— دەپتۇ مەلىكەئى زەرنىگار،— بۇلار ئۇخلىغاندا بەندى-بەندىدىن جۇدا قىلساڭمۇ تۇيمايدۇ، قورقما.

شاھزادە تەسكىن دىل بىلەن بېرىپ، مەلىكىنىڭ يۈزىدىن گۈل پەردىنى كۆتۈرۈپتۇ. پەردىنىڭ ئىچىدە ئاي يۈزلۈك، ئاپتاپ مەسەللىك بىر پەرىزات ياتقىدەك. ئۇنىڭ يۈزىدىن پەردە كۆتۈرۈلگەن ھامان، جامالىنىڭ شولىسىدىن ئالەم يورۇپ كېتىپتۇ. شاھزادە شۇ زامان پەردىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ گۈلدەك ئۇزارىغا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. ئاندىن مەلىكە دىلكۇشانىڭ قولىدىن ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكىنى ئېلىپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغىن مەلىكە زەرنىگار قاقاھلاپ كۈلگىنىچە مۇنداق دەپتۇ:

—سەن بۇ ئىشقا چوڭ غەيرەت قىلدىڭ. سەندىن باشقا ھېچكىممۇ بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئەمدى مېنى قولۇڭغا ئال. مەقسىتىڭ ھاسىل بولدى.

شاھزادە مەلىكەئى زەرنىگارنى قەپەس بىلەن ئېلىپ تەختتىن چۈشۈپتۇ. ئۇ خۇشال ھالدا سۇمرۇغنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سۇمرۇغمۇ چاۋاك چېلىپ:

—مەقسىتىڭ ھاسىل بولغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن!— دەپ قۇتلۇقلاپتۇ. ئاندىن ئىككىسىگە قاراپ،— سىلەر بىردەم

ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار. مەن يول جابدۇقىنى قىلىپ كېلەي،— دەپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن بارماقلىرىدا ئىككىدىن تۆت دانە پىلىنى ئېلىپ كەپتۇ. شاھزادە بىردەمدە ئۇلارنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ئىككىسىگە گۆش، ئىككىسىگە سۇ قاچىلاپ تەقمۇ-تەق قىپتۇ. شۇندىن كېيىن سۇمرۇغقا مىنىپ قولىغا قەپەسنى ئېلىپ ئۇچۇپتۇ.

ئەلقىسسە: سۇمرۇغ پەرۋاز قىلغىنىچە ھەممە خەتەرلىك دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئۆز ئۇۋىسى بار تاغنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. شۇ چاغدىلا سۇمرۇغنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەلگەنلىكلىرىنى بىلگەن شاھزادە سۇمرۇغدىن چۈشۈپ، قولىدىكى قەپەسنى يەرگە ئاپتۇ.

—ئەي، شاھزادە،— دەپتۇ سۇمرۇغ خوشلىشىش ئالدىدا،— مەلىكەئى زەرنىگار ناھايىتى كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن قولۇڭغا كەلدى. ئۇنىڭ قەدرىنى بىل. ھەرگىزمۇ خار قىلما،— دەپتۇ، ئاندىن مەلىكە زەرنىگارغا قاراپ،— ئەي جاھان مەلىكىسى! سىزمۇ غەم يېمەڭ. شاھزادە ھەسەن مېنىڭ پەرزەنتىمدەك بالا. سىزنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلدىم. ئىنشائاللا كۈندىن-كۈنگە ئېزىز بولغايسىلەر، دەپتۇ. ئاندىن بىر تال پەيىنى يۇلۇپ شاھزادىگە بېرىپتۇ.

بۇ پەيىنى بېشىڭغا سايىۋەن قىلغىن. مەلىكەئى زەرنىگار ناھايىتى نازۇك مىزاج قىز. ئۇ ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ئازار تارتمىسۇن، شاھزادە پەيىنى ئېلىپ سايىۋەن قىپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە شۇ يەردە بىر سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن، سۇمرۇغ بىلەن خەيرلىشىپ، مەلىكەئى زەرنىگارنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، نۇرغۇن مەنزىل-مەراھىللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەلىكە جادۇنىڭ ماكانىغا يېقىن كەپتۇ. مەلىكە جادۇمۇ ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىغا تاقەت قىلالماستىن، ھەر كۈنى ئىككى كۆزى يولدا ئىكەن. ئۇ يىراقتىن شاھزادىنى كۆرۈپلا، گويا قۇشتەك ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ.

شۈكرىكىم روھى رەۋانىم كەلدىلەر،
گۈيىيا جىسىم ئىچرە جانىم كەلدىلەر،
قىلغان ئول غەيرىلەر سارىنە سەپەر،
سوڭ سەلامەت كارۋانىم كەلدىلەر.
ئەيلەر ئەردىم ئەندەلىپدەك نالەلەر،
ئاڭلىنىپ نالە-ئەفغانىم كەلدىلەر.
مۇددەتى ئەردىم ئىدى ھىجران ئارا،
ۋەسلى باغى بوستانىم كەلدىلەر.
زاھىر ئەيلەپ كۆزگە مانەندى قۇياش،
ئارزۇ مەندىن نىھانىم كەلدىلەر.
مەقدەمى يەتكەچ، باشىم گەردۇن سىرى
يەتتى بولدەم شادىمانىم كەلدىلەر.
ئەمدى دىل ئائىنەسى تاپقاي سەفا،
نې ئۈچۈنكىم دىلىستانىم كەلدىلەر.

دەپ، ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلدى، شاھزادىنى گۈمبەز ئىچىگە ئەپكىرىپ، مەلىكەئى زەرنىگارنى قولىغا كەلتۈرگىنىگە مۇبارەكلەر ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز ئارامگاھىدىن جاي تەئيىن قىپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە ھەسەن ئۇ يەردە تۆت-بەش كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، كېتىش ئۈچۈن مەلىكە جادۇدىن رۇخسەت سوراپتۇ، لېكىن مەلىكە جادۇ:

www.uyghurkitap.com



— ئەي، شاھزادە! ئاۋۋالقى ئەھدىڭدە، مېنى ئۆز شەھرىڭگە ئېلىپ كەتمەكچى ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئەي ئارامى جانىم، — دەپتۇ ھەسەن مەلىكە جادۇغا، — نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلاي. بىراق، سېنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ كېتىشكە خەۋپسىرەيمەن. چۈنكى، ئادەمزات دائىم بىر مىزاندا تۇرۇپ بولالمايدۇ. سەن بولساڭ سېھرىي ئىلىمدىن خەۋەردارسەن. ۋاقتانى - ۋاق كۆڭلۈڭ مەندىن زەنجىپ قالسا، ماڭا مۇقەررەركى ئازار بېرىسەن.

— بۇ تەرىقە خىيال ۋە ئەندىشىلەرنى كۆڭلۈڭدىن يىراق قىل، —دەپتۇمەلىكە جادۇ يىلىنىپ، — مېنىڭ بارلىق سېھرى - جادۇ ئىلىملىرىم مۇشۇ كىتابىمدىدۇر. ئەگەر سۆزلىرىمگە ئىشەنمىسەڭ، بۇنى ئۆزۈڭ ساقلا. ئەپسۇسكى، ئۇ مەندە بولسا، بەزى ۋاقىتلىرى ساڭا ھېسابسىز پايدا - مەنپەئەت كەلتۈرگەن بولاتتىم. مېنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ ئۆزۈڭگىمۇ، ماڭىمۇ قىلىدىغان بولدۇڭ مەيلى، مەن ساڭا ئاشىقى بىقارار ئىكەنمەن. نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلدىم.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن مەلىكە كىتابىنى چىقىرىپ، ھەسەنگە بېرىپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان شاھزادە مەلىكە جادۇنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

مەلىكە جادۇ مېڭىش ئالدىدا يەنە بىر دانە ئوقيانى چىقىرىپ ئۇنىمۇ شاھزادىگە بېرىپتۇ. ۋە

— بۇ خاسىيەتلىك ئوقيا. نېمىگە ئاتسا ھەرگىز خاتا كەتمەيدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسىگە ئاتماقچى بولساڭ، دىلىڭدا شۇنى ئىشارەت قىلىپ مەغرىپتە تۇرۇپ ئاتساڭ، كۆزلىگەن نەرسەڭ مەشرىقتە بولسىمۇ بېرىپ ئۇنى ھالاك قىلالايدۇ. — دەپتۇ. شاھزادە ھەسەن دەرھال ئوقيانى ئېلىپ ئېسىپتۇ. ئاندىن مەلىكەنى زەرنىگارنى ئېلىپ، مەلىكە جادۇ بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، نۇرغۇن مەنزىل - مەراھىللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شاھزادە ھەسەننى كېيىك سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويغان كەپتار جادۇنىڭ ماكانىغا يېقىنلىشىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە جادۇ:

— بۇ يەر مېنىڭ مومام كەپتار جادۇنىڭ ماكانى. سەن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر ئوق ئۈزۈپ ئۇنى ھالاك قىلغىن، بولمىسا بىز ئۇنىڭ خەتىرىدىن ئەسلا خالاس بولالمايمىز.

شۇ ئەسنادا مەلىكە جادۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ تامام ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپتۇ

— ئەي، مەلىكە، - دەپتۇ ھەيران بولغان شاھزادە، — نېمە بولدۇڭ؟ ساڭا نە ھال يەتتى؟

— ئەي، شاھزادە، بۇ ئىنسابسىز مومامنىڭ ھەر قانداق دۈشمەنلىك قولىدىن كېلىدۇ. سەن بۇلارنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ ئۇقمايسەن. ئوقنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاتقايسەن. ئەگەر، ئوق ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن دەل تەگمەي قالسا، بىزلەر ئامان قالمايمىز. سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، تىلىكىدىن پەقەتكى ئىسمى ئەزەمنى يىراق قىلمىغىن، - دەپتۇ. شاھزادە ھەسەن مەلىكەئى زەرنىگار بىلەن مەلىكە جادۇنى سىرتتا قويۇپ، «بىسمىللاھۇ ئەكبەر» دەپ گۈمبەز **ئىچىگە** قەدەم

قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا كەفتار جادۇنىڭ نەزەرى شاھزادىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ، پەرياد ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي يىگىت، سىنىڭ سۆرتىڭنى كىم ئەسلىگە كەلتۈردى!؟ بىر چاغلاردا مۇنەججىملەر: «بۇ يەرگە بىر يىگىت كېلىدۇ. تىلسىمى زەررىنگە بېرىپ كوھىقاپتىن مەلىكە زەرنىگارنى ئالىدۇ. قىزىڭنى ھەم نىكاھىغا ئېلىپ سېنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن ئىدى، — دەپتۇ ۋە قىچىپ قۇتۇلماق بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە تەگرى تائالانى ياد قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق بىر ئوق ئۈزۈپتۇكى، جادۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، كەينىدىن چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ناپاك جېنى جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ. شۇ زامان بىر قويۇن چىققاندەك بولۇپلا، نە گۇمبەز، نە باشقا نەرسىدىن ئەسەرمۇ قالماي ھەممىسى غايىب بوپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەر ئادەمىزاتنىڭ ئايىغى يەتمىگەن چۆل جەزىرە ئىكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەلىكە جادۇ خۇشاللىقىدىن شاھزادە ھەسەننىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئەي جانى جاھانىم! خوپ ياخشى قىلدىڭىز تامام بەندىلەرنى بۇ نابىكارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقازدىڭىز. — دەپتۇ. ئۇلار ھېسابسىز شادلىق ئىچىدە مەلىكە زەرنىگارنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇلار نۇرغۇن يول يۈرۈپ، ئاخىرى ھېلىقى مۇنار تۇۋىدىكى ئۈچ ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشىغا ئوڭ تەرەپتىكى يولدىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە توزان ئىچىدىن بىر كىشى كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ھەسەن قارىسا كېلىۋاتقان ئادەم چوڭ ئاكىسى ئىكەن. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ۋە يۈز-كۆزلىرىنى سۆرتۈپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئالدىغا داستىخان سېلىپ ياخشى تائاملار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئوتتۇرانچى ئاكىسىمۇ ساق-سالامەت يېتىپ كېلىپتۇ. ئۈچ ئاكا-ئۇكا بىر-بىرلىرى بىلەن خۇشال-خۇرام كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار مەلىكە زەرنىگار بىلەن مەلىكە جادۇنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇلار نۇرغۇن دەشتۇ-باياۋانلارنى كېزىپ، بىر يەرگە كەلگەندە ئارام ئېلىش ئۈچۈن چۈشكۈن قىپتۇ. بۇ چاغدا ئىككى شاھزادىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ «بىز ئۈچىمىز تەڭ يولغا چىققۇدۇق. ئەمما تەگرى بۇ بەختنى بىزدىن كىچىك شاھزادە ھەسەنگە ئاتا قىپتۇ، مەلىكە زەرنىگارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شاھ ئاتىمىز ئۇنى بىزدىن بەكرەك ئەزىزلەيدۇ، شۇڭا ھەسەننى مۇشۇ يەردىلا جايلىۋېتىپ، مەلىكە زەرنىگارنى ئۆزىمىز ئېلىپ كەلدۇق، دەپ بارايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئەلقىسسە: شۇ يەردە بىر قۇدۇق بار ئىكەن. چوڭ شاھزادە قۇدۇققا قاراپ:

— ئەي بۇرادەرلەر! بۇ قۇدۇق تىلسىمغا ئوخشايدۇ. ئىچىدە ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈنىدىغۇ! — دەپتۇ. شاھزادە ھەسەن «نېمە گەپتۇ» دەپ ئورنىدىن شۇنداق تۇرۇشىغا، ئىككى ئاكىسى بىرلىشىپ، ھەسەننىڭ داد — پەريات قىلىشىغىمۇ قارىماي، ئۇنى دەست كۆتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلاپتۇ ۋە قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، مەلىكە زەرنىگار بىلەن مەلىكە جادۇنى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com



ماڭماقچى بوپتۇ. بۇ هالدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە جادۇ پەرياد سېلىپ:

— ئەي ۋاپاسىزلار! شاهزادە هەسەن سەنلەرگە نېمە قىلدى؟ دەپتۇ.

— كاپشىما! ئەمدى بىزنىڭ پەرمانىمىزغا بويسۇنۇپ، نېمە دېسەك شۇنى قىلمايدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمىز، — دەپ قورقۇتۇپتۇ، بىچارە مەلىكىلەر نائىلاج ئۇلار بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ، بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئىككى كاززاپ شاهزادە مەلىكە جادۇنى دەپسەندە قىلماقنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ.

مەلىكە يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي شاهزادىلەر! سەۋرى قىلىڭلار. تېچ-ئامان شەهىرىڭلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاتاڭلارنىڭ هۇزۇرىدا بىرىڭلار خالاپ مېنى هەقلەپ-نىكاهلاپ ئۆز ئەمرىڭلارغا ئېلىڭلار، — دەپ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزۈپتۇ.

مەلىكە جادۇ سېهىرىي كىتابىنىڭ ئۆز قولىدا يوقلۇقىدىن تولىمۇ ئەپسۇس — نادامەتلەر قىپتۇ، لېكىن پۇشايمىنى پايدا بەرمەپتۇ. ئۇ: «خۇدا خالىسا، ئەلۋەتتە سۆيگىنىم بىلەن ساق-سالامەت كۆرۈشىمەن» دەپ نىيەت قىلىپ ئىلاجىسىز ئىككى نابىكارغا ئىتائەت قىپتۇ.

ئەلقىسسە: بىر-ئىككى مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن، قارا نىيەت ئىككى شاهزادىنىڭ كۆڭلىگە ۋەهىمە چۈشۈپ، بىر-بىرىگە:

— «مەلىكە جادۇ هەسەنگە ئاشىق ئىدى، ئۇنى ئاتىمىزنىڭ هۇزۇرىغا ئېلىپ بارساق، بىزنىڭ سىرىمىزنى پاش قىلىپ قويمىسۇن» دېيىشىپ، مەلىكە جادۇغا ئېيتىپتۇكى:

— سېنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى دېسەك خۇدادىن قورقىمىز، بىزنىڭ مەقسىتىمىز، مەلىكە زەرنىگارنى ئەپكىلىش ئىدى. ئەمدى سەن نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەتكىن، — دەپ مەلىكە جادۇنى قوغلىۋېتىپتۇ. بىچارە مەلىكە جادۇ چۆل-باياۋانغا يول ئېلىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىغا يىغلاپ تەڭرىگە مۇناجات قىپتۇ.

تەڭرى تائالا، شاهزادە هەسەننىڭ ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ تارتقان مۇشەققەتلىرىنىڭ هۆرمىتىدىن گويا هەزرىتى يۈسۈپنى قۇدۇقتا ساق-سالامەت ساقلىغاندەك هەسەننىمۇ قۇدۇق ئىچىدە بىزەخمەت ساقلىماقتا ئىكەن. ئۇمۇ قاراڭغۇ قۇدۇق ئىچىدە تەڭرىدىن كېچە-كۈندۈز نىجاتلىق تىلەپتۇ.

ئەلقىسسە: بىچارە مەلىكە جادۇ سەرسانۇ سەرگەردانلىقتىن قايان بېرىشىنى بىلمەي، چۆل-باياۋاندا ئاپتاپنىڭ ئازابىدىن بىتاقەت بولۇپ كېتىۋاتقىنىدا ئالدىغا بىر نۇرانە چىراي ئاقساقال ئۇچراپتۇ. مەلىكە جادۇ تەزىم بىلەن سالام قىپتۇ. مويسىپىت مەلىكىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن:

— ئەي بالام! بۇ زەئىپ هالىڭ بىلەن بۇ باياۋان ۋادىدا تەنها ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، كەمىنە غەرىبنىڭ بەلىخ شەهرىنىڭ پادىشاهزادىلىرىدىن بىر جۈپتۈم بار ئىدى. ئۇنى نامېهرىبان ئاكىلىرى بۇ چۆلدە قۇدۇققا تاشلاپ، مېنى بولسا مۇشۇنداق سەرگەردان قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن...

مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان موي-

سىپىت:

— غەم يېمىگىن، ئىنشائاللا جۈپتۈڭ سالامەتتۇر، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ساق سالامەت كۆرۈشىسىلەر، ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ كامىرىدا مېنىڭ ئىبادەتخانام بار. ئۇ يەردە خوتۇنۇم بىلەن بىر قىزىم بار. سەن ماڭا بالا بولۇپ شۇ يەردە تۇرغىن، — دەپتۇ ۋە مەلىكىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بىچارە مەلىكە بولسا، شاھزادە ھەسەننىڭ پىراقىدا كېچە - كۈندۈز تىنماي يىغلايدىكەن.

ئەمدى بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئىككى كەلىمە ھېكايەتنى ئىككى خىيانەتكار، كاززاپ شاھزادە ئېھسان بىلەن شاھزادە مۇھسىندىن ئاڭلايلى.

ئەلقىسسە: بۇ ئىككىسى مەلىكە جادۇنى يولدا تاشلاپ، بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بەلىخ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىقى - بىقارار بولغان مەلىكەئى زەرنىگارنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئىككى كاززاپنىڭ «مەردانىلىقىغا» تەھسىن — ئاپىرىنلار ئوقۇپتۇ. ئۇ ئۆز دۇئاسىنىڭ ئەسلى جايىنى تېپىپ، كاززاپلار ھەققىگە بەد دۇئا چۈشەرىنى بىلمەس ئىدى. لېكىن «سۇ توشىغان خارۇ - زاردۇر، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز» دېگەن تەمسىلدىكىگە ئوخشاش پادىشاھ بۇ بەدبەختلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئەزىزلەپ، ئۇلارنىڭ خاھىشىغا پەرمانبەردار بولغىلى باشلاپتۇ. شاھزادە ھەسەن ئۇنىڭ يادىغىمۇ كەلمەپتۇ. بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ئاندىن كىچىك ئوغلى ئېسىگە كېلىپ:

— ئەجەبا، ئۇكاڭلار ھەسەن كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇنى چاقىرىڭلار، بۇيان كەلسۇن. ئۇنىڭ ئىنتىزارىدا خىرە بولغان كۆزۈم دىدارىدىن نۇر ئالسۇن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كاززاپلار مۇبارەكبىز كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتىپ:

— ئەي ئاتا، بىز ئۈچ ئوغۇل سىزنىڭ ھۇزۇرى ئالىيىڭىزدىن پاتىھە ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، بىر جايغا يېتىپ بارغاندا ئۈچ ئاچا يول پەيدا بولدى. ئاچىدىكى مۇنارغا: «كىمىكى ئوڭ يولغا بارسا يەنە كېلۇر، ئوتتۇرا يولغا ماڭغان كىشىنىڭ كېلىشى گۇماندۇر. سول يولغا ماڭغان كىشى ئەسلا كەلمەيدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. ھەسەن ئۇ خەتنى كۆرۈپلا شۇ سول يولنى تاللىدى، بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى توسۇيالمىدۇق. شۇندىن بۇيان بۇ جىگەر پارىمىزدىن جۇدا بولدۇق، — دېيىشىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھ ئۆزىنى تەختتىن تاشلاپ زار - زار يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر كېلىپ، پادىشاھنى يۆلەپتۇ. ۋە نۇرغۇن پەتىۋالارنى شىپىي كەلتۈرۈپ، ئۇنى خاتىرجەم قىپتۇ. ئەمما مەلىكە زەرنىگار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھېچكىمگە ئىلتىپات قىلمايدىكەن. پادىشاھ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى بىر ئېغىز سۆزلىتەلمەپتۇ.

ئەمدى بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئىككى كەلىمە سۆزنى كوھى قاپنىكى تىلسىمى زەررىندە قالغان مەلىكە دىلكۇشادىن ئاڭلايمىز.

ئەلقىسسە: قىرىق كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن مەلىكە دىلكۇشا ئۇيقىدىن بىدار بولۇپ، ئورنىدا تۇرۇپ، قەسىر تورۇسىغا ئېسىپ قويۇلغان مەلىكەئى زەرنىگارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ساراسىمە ئىچىدە ھەيرەت بارمىقىنى چىشلىمەك بولۇپ قولىغا

قارىسا، قولىدا ھۆمۈرگە ئوخشاش نەتۇر خەت نەقىش قىلىنغان بىر ئۈزۈكنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۈزۈكنى دەرھال سىياھقا پاتۇرۇپ بىر پارچە قەغەزگە باسقانىكەن، «شاھزادە ھەسەن» دېگەن نام ئايان بوپتۇ. شۇ ئاندا، قۇرئەندازلىرىنىڭ ئۆز تالىيىگە قۇرئى تاشلاپ: «بىر چاغلار كېلىدۇكى، بۇ يەرگە ئادىمزادنىڭ قەدىمى يېتىپ، سىزنى تەسەررۇپ قىلىپ، مەلىكەئى زەرنىگارنى ئېلىپ قاچىدۇ. سىزنىڭ نىكاھىڭىز شۇ كىشى بىلەن بولىدۇ.» دېگىنى ئېسىگە چۈشۈپتۇ. مەلىكە دىلكۇشا تەقدىرگە بويسۇنماي بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا بولغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، دىۋىلەرگە ئەمر قىپتۇ. دىۋە-پەرىلەر مەلىكە دىلكۇشانى تەختى بىلەن كۆتۈرۈپ بىر پەستىلا بەلىخ شەھرىگە ئېلىپ كەپتۇ. دىۋىلە بەلىخ شەھرىنى ۋەيران قىلماقچى بولغاندا مەلىكە دىلكۇشا يول قويماپتۇ.

ئەلقىسە: ئۇلار ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىكى ئادىمزاتلارنى كۆرىدىكەنۇ ئادىمزاتلار ئۇلارنى كۆرەلمەيدىكەن. مەلىكە دىلكۇشانى كۆرگەن مەلىكە زەرنىگارنىڭ دىلى گۈلدەك ئېچىلىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن، گويا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا مۇشكى ئەنبەر چېچىلغاندەك، تامام بەلىخ شەھرىنى ئاجايىپ بىر خىل خۇشبوي پۇراق قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇ ھالدىن ئەجەبلەنگەن پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە:

— بۇ نېمە ھال؟ شۇبۇ دەمگىچە مەلىكە زەررىن بۇ تەرىقە قاقاھلاپ كۈلمىگەنىدى. بۇگۈن ئەجەپ، ئىختىيار-سىز كۈلۈپ كەتتا!؟ — دەپتۇ. تۇيۇقسىز ئوردا ئىچىدىن غۇلغۇلا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئەمما ھېچنەرسىنى كۆرمەپتۇ. مەلىكە دىلكۇشا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر سۈرمىنى يېنىدىن ئاپىرمايدىكەن. ئۇنى تارتقان ھەر قانداق كىشى جىن-شاياتۇنلارنى ئەينەن كۆرەلەيدىكەن. مەلىكە دىلكۇشا دىۋىلەرگە:

— پادىشاھنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ كۆزىگە سۇلايمان سۈرمىسىنى تارتىڭلار! — دەپ ئەمر قىپتۇ. شاھزادىلەر سۈرمىنىڭ خاسىيىتى بىلەن، پۈتۈن شەھەرنى، دىۋىلەرنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇدە، قورقۇنچتىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋاپتۇ.

— ئەي، شاھزادىلەر! — دەپتۇ مەلىكە دىلكۇشا، — كۆزۈڭلەرنى ئېچىپ، مەن تەرەپكە قاراڭلار. سىلەردىن سورايدىغان سوئالىم بار. ئەگەر راستلىق بىلەن جاۋاپ بەرمىسەڭلەر، تىرىكلىكىڭلاردىن ئۈمىد ئۈزۈڭلار!

جان قايغۇسىدا قالغان شاھزادىلەر كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ. مەلىكە دىلكۇشا پادىشاھتىن باشلاپ جەمى ئوردا ئەھلىنىڭ كۆزىگە سۇلايمان سۈرمىسىنى تارتىشقا بۇيرۇپتۇ. دىۋىلەر شۇ ھامان بىجا كەلتۈرۈپتۇ. كۆزى ئېچىلغان ئوردا ئەھلىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. مەلىكە دىلكۇشا شاھزادىلەرنى چاقىرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىپتۇ:

— قېنى شاھزادىلەر، راستىڭلارنى ئېيتىڭلار، تىلسىمى زەررىنگە بېرىپ، مېنىڭ پەردەئى ئىسمەتىمنى يىرتىپ، مەلىكەئى زەرنىگار مەئشۇقۇمنى قايسىڭلار كەلتۈردىڭلار؟!

— مەن كەلتۈردۇم، — دەپتۇ چوڭ

شاھزادە.

— قانداق تەدبىرلەر بىلەن باردىڭ؟

— مېنىڭ لاچىندەك تېز بىر ئېتىم بار ئىدى. شۇنىڭغا مىنىپ ئېپكەلدىم.

مەلىكە دىلكۇشا، مەلىكە زەرنىگارغا قارىسا، «يالغان» دېگەن ئىشارەتنى قىپتۇ. مەلىكە دىلكۇشا ئۇنى دىۋىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن شاھزادە ئېھساندىن سوراپتۇ:

— سەن راستىڭنى ئېيت، بۇ ئىشلارنى زادى كىم قىلدى؟

— بۇ مېنىڭ مەردانىلىقىمدىن بولغان.

مەلىكە دىلكۇشا، مەلىكە زەرنىگارغا «قانداق» دەپ قاراپتىكەن، بۇ قېتىممۇ «يالغان، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلۈمگە لايىق» دېگەن ئىشارەتنى قىپتۇ. دىۋىلەر مەلىكە دىلكۇشانىڭ ئەمرى بىلەن شۇ زامان ئۇلارنى پادىشاھ ھۇزۇرىدىلا پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ھوشى كېتىپ، تامام ئەزاسىغا تىترەك ئولىشىپتۇ. ئۇ مەلىكە زەرنىگارغا قاراپ:

— ئەي، سەرۋى رەۋانىم! سىزنى بۇ يەرگە زادى كىم كەلتۈردى؟ — دەپتۇ.

— مېنى شاھزادىلەرنىڭ كىچىك ئۇكىسى ئېلىپ كەلگەنىدى. يولدا نامەرد ئاكىلىرى ئۇنى ھالاك قىلىش قەستىدە، پالانى دەشتتىكى بىر قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. سەپەر ئۈستىدە نىكاھىغا ئېلىپ كەلگەن مەلىكە جادۇ ئىسىملىك زەئىپەسىنىمۇ چۆلدە تاشلاپ مېنى گويا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ كەلتۈردى، — دەپ، مەلىكە زەرنىگار بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپتۇ. ئاندىن مەلىكە دىلكۇشا پادىشاھقا قاراپ دەپتۇ:

— سېنىڭ ئىككى ئوغلۇڭنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگىنىم يوق. كىمىكى ئۆز بۇرادىرى ۋەياكى ئۆزگىلەرگە بۇ خىلدىكى زۇلۇمنى راۋا تاپىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى مۇشۇنداق بولىدۇ.

بۇ گەپلەردىن كېيىن مەلىكە دىلكۇشا دىۋىلەرگە، شاھزادە ھەسەن بىلەن مەلىكە جادۇنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. دىۋىلەر سەپراس بولۇپ، بىر دەمدىلا شاھزادە ھەسەننى قۇدۇقتىن، مەلىكە جادۇنى دەرۋىشنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن تېپىپ كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە ھەسەننىڭ دىدارىدىن پادىشاھنىڭ خىرە بولغان كۆزلىرى يورۇپتۇ. بىر قانچە كۈن پۇقرالارغا توي-تاماشا بېرىپ، مەلىكە دىلكۇشانى شاھزادە ھەسەنگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پۈتۈن پۇقرالارغا جاكارلاپتۇ.

— ئەي رەئىيەلىرىم! ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ئاللاتائالا بېشىمغا مەلىكەئى زەرنىگارنىڭ سەۋداسىنى سېلىۋىدى، ئەلھەمدۇلىللا تەڭرىنىڭ ئۆز لۇتفى ئىنايىتى بىلەن شاھزادەم ھەسەننىڭ سەۋەبىدىن مۇراد-مەقسىتىمگە يەتتىم، ئەمدى ئۇنىڭ شۈكرانىسىگە پادىشاھلىق تاجىمنى شاھزادە ھەسەنگە تاپشۇرۇپ، ئۆزۈم ئىبادەتكە مەشغۇل بولسام، دەيمەن. سىلەر قانداق دەيسىلەرگى؟

— ئەي جاھان پاناھ شاھىم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ۋە ئىقبالىڭىز بەلەن بولسۇن. سىز نېمىنى خالىسىڭىز، بىز بەجانىدىل قوبۇل قىلارمىز، — دېيىشىپتۇ خالايىق. شۇندىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىگە تەۋە تامام جايلاردىكى پۇقرايۇ ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، ئون كېچە-كۈندۈز توي تاماشا بىلەن ھەممىنى خۇرسەن قىلىپ، ئۆزى ئاشۇ سائەتتىن باشلاپ تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




## پادىچى بىلەن پادىشاھ

بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا، يىراقتىكى ماكاندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يالغۇز بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئوغلى دەريادا سۇغا چۆمۈلۈۋاتسا، تۇيۇقسىز بىر دولقۇن كېلىپ شاھزادىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ.

قىرغاقتا مال بېقىۋاتقان بىر پادىچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت بىلەن شاھزادىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

پادىچىنىڭ پىداكارلىقىدىن مىننەتدار بولغان پادىشاھ ھېلىقى پادىچىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ ۋە خەزىنىچىنى چاقىرىپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھ پادىچىغا:

— ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ خەزىنىدىن ئۆزۈڭ قانچىلىك كۆتۈرەلىسەڭ، شۇنچىلىك مال-دۇنيا ئېلىۋالغىن، بۇ، شاھزادىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن ئىنئامىم بولسۇن، — دەپتۇ.

پادىچىنىڭ يېنىدا نان سالىدىغان كونا خۇرجۇندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. شۇڭا پادىچى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ئۆيىدىن يۇڭ تاغاردىن بىرنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىسىپتۇ-دە، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا ئاپئاق ساقاللىق مەيدىسىگە چۈشكەن، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىل، سالاپەتلىك بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. بوۋاي پادىچىغا:

— ھەي يىگىت، ئۆزۈڭدىن چوڭغا سالام-سائەت قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، شۇنچە ئالدىراپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ.

— پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز ئوغلىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالغانىدىم، شۇنىڭ سۆيۈنچىسى ئۈچۈن مۇنۇ تاغارنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن ئىنئام ئالغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ پادىچى.

ئاپئاق ساقال بوۋاي پادىچىنىڭ قولىدىكى تاغارنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كېتىپتۇ-دە، ئاندىن ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر خالتىنى چىقىرىپ:

— سېنىڭ ئۇ تاغىرىڭغا جىق نەرسە سىغمايدۇ، مە، مۇنۇ خالتىنى ئېلىۋال. بۇ مال-دۇنيانى سالسا-سالسا توشمايدىغان خالتا، — دەپتۇ.

پادىچى بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي دەرگۇماندا قاپتۇ. لېكىن، بوۋاينىڭ رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن خالتىنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپتۇ ۋە خەزىنىدىكى مال - دۇنيانى ھېلىقى خالتىغا قاچىلىغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر- لەرمۇ خەزىنىدە كىرىپ پادىچىنىڭ ھەر- كىتىنى كۆزىتىپتۇ. پادىچى ھە دەپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى خالتىغا سېلىشقا باشلاپتۇ. ئاز ئۆتمەي خەزىنە يېرىملىشىپ قاپتۇ. بىراق، خالتا يېرىمىمۇ بولماپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن پادىشاھ يېنىدا قاراپ تۇرغان ۋەزىرىدىن سوراپتۇ.

— ھەي ۋەزىر، بۇ نېمە كارامەت؟



خەزىنىمىز قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى، ئەمما، ئاۋۇ پادىچىنىڭ كۆزۈمدەك خالتىسى ھېچ توشمايدىغۇ؟!

— ھەي پادىشاھىي ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر، — بۇ كارامەتنىڭ سىرىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، بۇ پادىچىنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئادەتتىكى خالتا ئەمەس، بەلكى، ئىنساننىڭ تويماس نەپسىدىن پۈتكەن ئاچكۆزلۈك خالتىسى، خام سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسىنىڭ مال - دۇنياغا تويماسلى- قىنىڭ سەۋەبى دەل شۇنىڭدا. شۇ ۋەجى- دىن ئادەمنىڭ قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالىدىغان بولدى! — دەپ ئۈككۈنۈپتۇ پادىشاھ.

— مەن خالتىنى توشقۇزۇشنىڭ ئاما- لىنى بىلىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر ۋە پادى- چىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خالتىسىغا بىر چىمدىم توپا سالغانىكەن، ھېلىقى خالتا شۇ زاماتلا لىققىدە لىق توشۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىبراھىما خۇن، رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم ئىبراھىم

# نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك

بۇرۇن بىر يېزىدا چويلا - سېۋەت توقۇپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئاۋۇت ھەم داۋۇت ئىسىملىك ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار باھار كېلىپ

تالچوكانلىغاندىن باشلاپلا چويلا ـ سېۋەت توقۇپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىكەن.

ئاۋۇت ئىشنى پۇختا، ئەستايىدىل ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ توقۇغان چويلا ـ سېۋەتلىرى يولدىلا سېتىلىپ بولىدىكەن.



داۋۇت قۇۋ بولغانلىقى، قول ئۇچىدىلا ئىشلەپ خېرىدارلارنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بازىرى كاسات ئىكەن. ئەمما ئۇ ئەيىبىنى ئۆزىدىن كۆرمەي «ئاۋۇت بولمىسا بازىرىم كاسات بولمايتتى»، — دەپ ھەسەت قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى داۋۇت تۈن يېرىم بولغاندا ئاۋۇتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، بازارغا ئاپىرىش ئۈچۈن راسلاپ قويغان چويلا ـ سېۋەتلىرىگە ئوت قويۇۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئاۋۇت تاڭ بىلەن تەڭ ھويلىسىغا چىقىپ، چويلا ـ سېۋەتلىرىنىڭ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. بىراق يەنىلا بازاردىن قالماسلىق ئۈچۈن چويلا ـ سېۋەتلىرىنىڭ كۈلىنى بىر خالتىغا قاچىلاپ يۈدۈپ مېڭىپتۇ. ئۇ خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن ھېرىپ كېتىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە خالتىسىدىكى كۈلگە قاراپ يىغلا ـ يىغلا ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلاپتۇ:

— يىغلىما ئوغلۇم، ھالال ئىش قىلغان ئادەم زىيان تارتمايدۇ. زىيىنىڭنى مەن تۆلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

ئاۋۇت ئويغىنىپ قارىسا خالتىدىكى قاپقارا كۈل يالتىراپ تۇرغان ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىۋېتىپ، يولدا چويلا ـ سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن داۋۇت بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاۋۇتنى شۇنچە خۇشال ھالەتتە كۆرگەن داۋۇتنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ.

— نېمانچە خۇش بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ داۋۇت.

ئاۋۇت قورسىقىدا يامانلىق يوق سەممىي ئادەم بولغاچقا بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. ئالتۇننى كۆرگەن داۋۇتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ.

داۋۇت ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ ساتالمىغان چويلا ـ سېۋەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈـ

لىنى خالتىغا قاچىلاپ زورمۇ زور ئۇخـ
لىماقچى بوپتۇ. لېكىن قانچە قىلسىمۇ
ئۇيقۇسى كەلمەپتـۇ. چۈشىمۇ كـۆرمەپتۇ.
خالتىدىكى كۈل ئالتۇنـغىمۇ ئايلانماپتـۇ.
بىر كۈن كەچكىچە ئەخمەق بولۇپ ئۆيىگە
قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچـى قايىنغانـ
سېرى ئاۋۇتنىڭ كۈنى تېخىمۇ ياخشى بوـ
لۇپ ئۇنى بولسا نەس باسقىلى تۇرۇپتۇ ۋە
كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ كېتىپتۇ.
«نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن
سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قاپتۇ.

تولۇقلىغۇچى بۇلاقسۇ 14 - كەنت مەكتەپتىن: ئىبراھىم باۋدۇن. رەتلىگۈچى: ئېلىجان ئىمىن

## كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەپتۇ

قەدىمكى زاماندا، كۈنپېتىش تەـ
رەپتە، يەر - زېمىنى ناھايىتى كەڭ بىر
دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھى ئەقىلـ
سىز، زالىم، هازازۇل ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇـ
چۇن دۆلىتى ئاجىز، خەلقى نامرات ئىـ
كەن. لېكىن ۋەزىرى ئەقىللىق، مۇلايىم
ھەم ئادىل ئىكەن. ھەممە ئىشقا قادىر كەن،
ئەمما پادىشاھنىڭ پەرمانىسىز ھېچقانداق
ئىشنى قىلالمايدىكەن. پۈتۈن زېھنى ئەل
ئىشى بىلەن بولـۇپ، كەيپى - ساپا سۈرـ
مەيدىكەن، سەۋەبسىز بىر قېتىممۇ كۈلـ
مەيدىكەن.

پادىشاھ كۈندۈزى پادىشاھلىق تەختىـ
دە ھۆكۈم سۈرسە، كېچىسى ۋەزىرنىڭ
مەسلىھەتى بويىچە پۇقراچە كىيىنىپ، ئەلـ
يۇرتنىڭ پادىشاھقا قارىتا ئىنكاسىنى ئاڭـ
لايدىكەن. شۇ تەرىقىدە يۈرۈپ بىر كۈنى
يېرىم كېچىدە بىر دېھقاننىڭ ئىشىكى ئالـ
دىغا كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. دېھقان ئىـ
شىكنى ئېچىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن
كېيىن پادىشاھ:

— بىز ئىككىمىز مۇساپىر، ئۆيىڭىزدە
بىر كېچە قونۇپ ئۆتسەكمىكىن، — دەپتۇ.

دېھقان ئىككىلىنىپ قاپتـۇ. «ماقۇل»
دەي دېسە، ئۆيدە كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇرغان
ئايالى تولغاق تۇتـتىدە ئىكەن. «ياق» دەي
دېسە، «كەمبەغەلنىڭ قاپىشى»
دەپ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپتۇ. ئاخـ
رىدا مۇسۇلمانچىلىق يۈزىسىدىن ئۇلارنى
ئۆيىگە باشلاپ چاي بەرگەندىن كېيىن،
تاشقىرقى ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بېرىپتۇ.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئايالى يەڭـ
گىپتۇ، يۇمران بوۋاق ئىڭگەلەپ يورۇق
دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ. ۋەزىر بولسا قاقاقاھـ
لاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا
ھەيران بولۇپ:

— ئەي ۋەزىرىم، سىز ماڭا ۋەزىر
بولغاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ سەۋەبسىز
كۈلمىگەن ئىدىڭىز. نېمە سەۋەبتىن بۈگۈن
كۈلۈپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھازىر تۇغۇلغان مۇشۇ بوۋاق كەلـ
گۈسىدە سىزنىڭ كۈيئوغلىڭىز، مېنىڭ
پادىشاھىم بولىدۇ، شۇنىڭغا كۈلىمەن، —
دەپتۇ.

پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ. ئۇ «قوـ
ڭالتاقنىڭ بالىسى كەلگۈسىدە مېنىڭ ئورـ
نۇمغا پادىشاھ ھەم ماڭا كۈيئوغۇل بولـ
مىشمۇ؟ — دەپ ھىلىقى دېھقانغا ئات بېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شىدەك ئالتۇن بېرىپ بوۋاقنى سېتىۋاپتۇ - دە، ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن بوۋاقنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلاپتۇ.

ساندۇق دەريادا دەم چۆكۈپ، دەم لەيلەپ يۈرۈپ سەككىز بالىلىق بىر نامرات بېلىقچىنىڭ تورىغا ئىلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ساندۇقنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا بىر بوۋاق بالا ياتقىدەك. بېلىقچى ئۆزىنىڭ سەككىز بالىسىنى باقالمايۋاتقاندا كېلىپ قوشۇلغان بۇ بالىنى كۆرۈپ ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە ئىلاجىسىز بالنى ئېلىپ قاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن دەريا بويىغا ساياھەتكە كەپتۇ. ھېلىقى بېلىقچىنىڭ توققۇز بالىسى پادىشاھنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ كىيىملەرىگە ۋە ئات جابدۇقلىرىغا قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. ۋەزىر قارىغۇدەك بولسا توققۇز بالىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكىنىڭ پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغىدەك. ۋەزىر شۇ ھامان قاھقاھلاپ كۈلۈپتۇ. پادىشاھ كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ۋەزىر يەنە: «مۇشۇ ئەڭ كىچىك بالا كەلگۈسىدە مېنىڭ پادىشاھىم، سىزنىڭ كۈيئوغلىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كېتىپتۇ ۋە «مۇشۇ بېلىقچىنىڭ سازاڭ بىلەن لەش يەپ چوڭ بولغان بالىسى كەلگۈسىدە مېنىڭ ئورنۇمغا پادىشاھ ھەم ماڭا كۈيئوغۇل بولامدۇ، — دەپ بېلىقچىغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ بالىنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئوردىغا بارغاندىن كېيىن بالىنى ئۆلتۈرۋېتىش ھەققىدە يارلىق بېرىپ، بالا يـلەن قوشۇپ كىچىك ۋەزىرنىڭ قېشىغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ.

كىچىك ۋەزىر بالىنىڭ پېشانىسىدىكى نۇردىن سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بالىنى بېقىۋاپتۇ. بالا 14 ياشقا كىرگەندە پادىشاھ بىلەن ۋەزىر كىچىك ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەپتۇ. ۋەزىر ھېلىقى بالىنى كۆرۈپ يەنە كۈلۈپتۇ. پادىشاھ كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە ۋەزىر يەنە ھېلىقى جاۋابنى بېرىپتۇ.

بۇ قېتىم، پادىشاھ بالىنىڭ چوپ - چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېلىپ كېتىشكە ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ ئوردىدىكى خالاغا توپا تۆكۈش، ۋە قىغ تارتىش ئىشىغا سېپتۇ.

شۇ تەرىقىدە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر پادىشاھ بۇ پادىشاھقا ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ. پادىشاھ بالىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئوبدان ئېپى كەلدى، دەپ ئويلاپ، ئۇنى لەشكەرلىرىگە قوشۇپ جەڭگە ئېلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق نەۋكەرلىرى ۋە نەۋكەر باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپتۇ. بىر قىسىملىرى جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكلىرىنى بىلىپ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ھېلىقى بالا ياۋ قوشۇنلىرى بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم نېسىپ بولماپتۇ. پادىشاھ يەنە غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە ۋەزىرگە خەت يېزىپ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئوردىغا يولغا سېپتۇ. بالا بىر قانچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ، كېچىسى پادىشاھنىڭ بېغىغا يېتىپ كېلىپ، ھارغانلىقىدىن بىر تۈپ گۈلنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئە-

تىسى تاڭ بىلەن تەڭ پادىشاھنىڭ ئارزۇ-
لۇق قىزى باغقا كىرسە، گۈلنىڭ تۇۋىدە
شۇنداق چىرايلىق، پېشانىسىدىن نۇر يې-
غىپ تۇرغان بىر يىگىت ئۇخلاۋاتقىدەك.
يىگىتنىڭ قولىدا بىر پارچە قەغەز تۇر-
غىدەك. قىز يىگىتنىڭ قاملاشقان بەستىگە
قاراپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە
ئۇخلاۋاتقان يىگىتنىڭ سىقىمىدىكى ھېلىقى
قەغەزنى ئېلىپ، ئوقۇپ كۆرۈپ يىرتىپ
تاشلاپتۇ - دە، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا
بىر قەغەزگە دادىسىنىڭ پۈچۈركىسىغا ئوخ-
شىتىپ: «مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بارغان يى-
گىتكە قىزىمنى نىكاھلاندۇرۇپ قويىسىلەر»، —
دەپ يېزىپ، دادىسىنىڭ مۆھۈرىنى بې-
سىپ، ئۇخلاۋاتقان يىگىتنىڭ سىقىمىغا
ئاۋۋالقىدەك قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. جەڭ ۋە
يول ئازابىدىن چارچىغان يىگىت ئەتىسى
چۈش مەزگىلى بىلەن ئويغىنىپ، ۋەزىر-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ خەتنى سۇنۇپتۇ. ۋە-
زىر پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە پادىشاھنىڭ
قىزىنى يىگىتكە نىكاھ قىلدۇرۇپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ جەڭدىن قايتىپ كېلىپ،
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ،
دەرغەزەپكە كەپتۇ. لېكىن ۋەزىردىن گۇ-
ناھ ئۆتمىگەنلىكىنى بىلىپتۇ. يەنىلا
يىگىتنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يانماپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ
خاس ناۋىيىنى چاقىرىپ: «ئەتە تاڭ سە-
ھەر ماڭا ئاتاپ بىر تونۇر سامسا پىشۇر-
سەن. ناۋايخانىغا بىرىنچى بولۇپ كىم
كىرسە شۇنى تونۇرغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپ،
ئۆلۈكىنى ماڭا تاپشۇرسەن»، — دەپ تاپى-
لاپتۇ. يىگىتنى چاقىرىپ: «ناۋاي ئۇستام
ئەتە ماڭا ئاتاپ بىر تونۇر سامسا ياقماق-
چى، سىز مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولغاندىكىن،
تاڭ سەھەر شۇ سامسىنى ئۆز قولىڭىز بى-
لەن ئېپچىقىڭ، ئەتىگەنلىك ناشتىدا بىللە
بولايلى» دەپتۇ.

يىگىت شۇ كېچىسى ئايالى بىلەن
بىرگە يېتىپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتۇ.
ناماز بامداتتىن كېيىنلا پادىشاھ بالىنىڭ
ئۆلۈكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ناۋاي-
خانىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ناۋايخانىنىڭ
ئىشىكىنى شۇنداق ئېچىشىغا، ئىچكىركى
ئۆيدە سامسا تۈگۈۋاتقان ناۋاي تونۇرغا
ئوت سېلىۋاتقان ئىككى شاگىرتىغا «بۇ
ئوغرىنى تۇتۇپ، دەرھال تونۇرغا تاشلا»، —
دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ ئىككى شاگىرت بىر-
سى پادىشاھنىڭ پۇتىدىن، بىرسى بېشىدىن
تۇتۇپ، تەڭلە قازان قىلىپ كۆتۈرگەن
پېتى ئاپىرىپ تونۇرغا تاشلاپتۇ. بۇ زالىم
پادىشاھ ئۆلۈپتۇ.

ھېلىقى يىگىت ۋەزىر ئېيتقاندەك پادى-
شاھنىڭ كۈيئوغلى ھەم پادىشاھنىڭ ئور-
نىغا پادىشاھ بولۇپ، ئەل - يۇرتنى دانا-
لىق بىلەن سوراپ، دۆلەتنى خاتىرجەم،
خەلقنى باي قىلىپ، ئادىل پادىشاھ بو-
لۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: تۇرسۇن ئىمىن ھەسەن. رەتلىگۈچى: رازىيە قادىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئالدامچىنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا، بىر كەمبەغەلنىڭ ئىككى ئوغلى بولغانىكەن. ئوغۇللار دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن چاكار بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بوپتۇ. چوڭى بىر بايغا چاكار بولۇپ پادىچىلىق قىلاي دەپ بېرىپتۇ. چاكار بىلەن باي شۇنداق شەرتلىشىپتۇ: ئەگەر چاكار باي بۇيرىغان ئىشتىن باش تارتىدىغان بولسا، ئىش ھەققىگە بىر تىيىنمۇ ئالمايدىغان بوپتۇ. ئەگەر باي چاكارغا بىرەر قېتىم ئاچچىقلايدىغان بولسا، ئۆز مىلىنى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ چاكار بىر يىلغىچە ياخشى ئىشلەپتۇ. ئۇنىڭغا ھەق تۆلەيدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا باي قۇۋلۇق قىلىپ چاكارغا:

— ئەتىدىن باشلاپ سەن كالا سېغىش ۋە ئاماق ئېتىسەن، — دەپتۇ.

چاكار ھەيران بولۇپ:

— باي ئاكا، سەن ئەقلىڭدىن ئادىشىپ قالغان ئوخشايسەن، مېنى خوتۇن كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىسەنغۇ، — دەپتۇ. باي كۈلۈپتۇ. شۇنداق يوللار بىلەن نۇرغۇن چاكارلارنى ئالدىغانىكەن. شەرت بويىچە كەمبەغەل چاكار بۇ ئىشنى قىلماستىن ۋە ئىش ھەققىگە بىر تىيىن ئالماي بايغا قۇل بوپتۇ. ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئىنىسى «ئەمدى مەن بېرىپ چاكار بولاي» دەپ باينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە خۇددى شۇنداق شەرت بىلەن چاكار بوپتۇ.

باي ئۇنىڭغا قوي باققۇزۇپتۇ. پادىچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قويلارنى يىراق جاڭگالغا ھەيدەپ كېتىپتۇ ۋە ئۈچ كۈنگىچە سۇغارماپتۇ. كېيىن قويلارنى دەريا بويىدىكى ئېگىز يارغا ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇسساپ كەتكەن قويلار سۇنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى ياردىن سۇغا تاشلاشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممە قويلار سۇغا



غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

باي بۇنى كۆرۈپ چاكىرىنى تىللاشقا باشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن چاكار:

— خوش باي ئاكا، ئەگەر تىللايدىغان بولساڭ ھەققىمنى بەرگىن، — دەپتۇ. باي ھېلىقى شەرت بويىچە ماللىرىنى بېرىپ، ئۆزى قۇل بولۇشقا توغرا كەپتۇ، لېكىن بۇنىڭغا باينىڭ كۆزى قىيماپتۇ.

چاكارنىڭ ھەققىنى بەرمەسە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باي، ئىككى قوينى سويۇپ ئۇلارنى قاپقا سېلىپ قويۇپتۇ. لېكىن بۇنى پادىچى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇلارنى بايغا تۇيدۇرماستىن قاپتىن چىقىرىپ تاشلاپتۇ-دە، قاپقا ئۆزى كىرىپ يېتىۋاپتۇ.

باي كېچىسى ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە چاكىرىدىن يوشۇرۇنۇپ يىراقراق كېتىش ئۈچۈن قاپنى يەلكىسىگە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. كېتىپ بېرىپ ئۆز ئۆزىگە:

— بۇ چاكاردىن قۇتۇلغىنىم ناھايىتى ياخشى بولدى-دە! — دېگۈدەك.

— ياق، تېخى قۇتۇلغىنىڭ يوق، — دەپ پىچىرلاپتۇ قاپتىكى چاكار ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

— ھۇ لەنتى! — دەپ ۋارقىراپتۇ باي ۋە ئۆزىنىڭ شۇ سۆزنى ئاڭلىغان قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

چاكار باينىڭ ئىككىنچى قۇلىقىغىمۇ ھېلىقىدەك دەپ پىچىرلاپتۇ. باي ئۇ قۇلىقىنىمۇ كېسىپ تاشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېڭىپ-مېڭىپ دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە قاپنىڭ ئاغزىنى يېشىپ قارىسا ئۇنىڭدىن چاكىرى چىقىۋاتقىدەك. باي ھەيران بولۇپتۇ-يۇ، چاكىرىغا سىر بەرمەپتۇ.

كەچ كىرىپ ياتىدىغان ۋاقىت كەپتۇ.

— سەن يار تەرەپتە ياتقىن، مەن ئۇ تەرەپتە قورقىدىكەنمەن، — دەپتۇ باي چاكىرىغا.

— ياخشى، بولىدۇ، — دەپتۇ چاكار ۋە يارنىڭ ئەڭ گىرۋىكىگە كېلىپ يېتىپتۇ.

لېكىن ئۇ كېچىسى ئورنىدىن يۆتكىلىپ، باشقا جايدا يېتىۋاپتۇ.

باي كېچىسى ئۇنى ئاستا-ئاستا ئىتتىرىپ سۇغا غۇلىتىۋەتمەكچى بولۇپ قىستىغانىكەن. ئۆزى غۇلاپ چۈشۈپ سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپتۇ.

تۇپلاپ رەتلىگۈچى بۇلاقسۇ يېزىسىدىن: ئابلەت ياسىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەھمۇد قەشقەرىي ھەققىدە رىۋايەتلەر



## ئويچولپان ھەققىدە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوپال دىيارىنىڭ پادىشاھى شاھى ئىبراھىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن شاھزادە ئەمىر ھۈسەيىن ھەمراھلىرىنى ئېلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە ئوۋغا چىقىپتۇ. بۆك-باراقسان جاڭگال، تاغ، قاپتال، قايراقلارغا بۈركۈت قويۇپ، ئوقيا ئۈزۈپ، نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بوپتۇ، قايتىش ئالدىدا ئازىخ دارىسى تەرەپتىن بىر كىيىك كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال كىرىچ تارتىپ ئوقيا ئۈزۈپتۇ. يارىلانغان كىيىك قاپتالدىكى توقايغا قېچىپتۇ. كىيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر تۆپىلىككە كېلىپ قالغان شاھزادە كىيىكنى نەزەرىدىن قاچۇرۇپ قويۇپتۇ-يۇ، تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن باغدىكى ئانار شاخلىرى ئارىسىدا خۇددى تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بىر ساھىبجامالغا تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ھەمراھلىرى:

— نېمىگە مۇنچىۋالا زېھىن-زوق بىلەن قاراپ كەتتىلە؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— ئويدا چولپان كۆردۈم، — دەپتۇ شاھزادە ۋە تۆپىلىكتىن چۈشۈپ، ھېلىقى باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بۇلاقنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان سۆگەتلىك بوستانلىققا كەلگەندە ئارام ئېلىپ، ئوزۇقلىنىشقا پەرمان بېرىپتۇ. ئاتلارنى يول بويىدىكى قارا سۆگەتلەرگە باغلاپ، بۇلاق بېشىدىكى چىمەنلىككە ئورۇن راسلاۋاتقان شىكارچىلارنىڭ ئۇيپۇر-تۇيپۇرىنى ئاڭلاپ ئۈجمە شاللىرىدىن ئىشلەنگەن يوغان دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن باغۋەن ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ، ئۆزىنى موللا سەيپىدىن، دەپ تونۇشتۇرۇپ، مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ھۈسەيىن «بىز شىكار قىلغۇچىلار، بۇ ھاۋاسى تولىمۇ ساپ يەر ئىكەن. ئارام ئېلىپ ئۆتىسەك دېدۇق. رەھمەت، ئاۋارە بولمىسىلا» دەپتۇ. شاھزادە موللا سەيپىدىن ئاكىغا ئاستىدىكى تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاس ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسىدىن ئورۇن بېرىپتۇ ۋە مۇلازىملىرىنى تىنىق بۇلاق سۈيىدىن ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا «ئۇسسۇزلۇقنى ئۆزۈم كەلتۈرەي» دەب دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ، قىزى بۈۋى رابىيەگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۈۋى رابىيە چەبدەسلىك بىلەن بىر ئانارنى سىقىپ گۈللۈك ساپال تاۋاقنى تولدۇرۇپ خونچىغا سېلىپ، ئاتىسىغا بېرىپتۇ. ئاتىسى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، شاھزادىگە سۇنۇپتۇ، سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان

بۇ ئائىلىنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوستلۇقى
ۋە سەممىيمىتىنى چۈشەنگەن ئەمىر ھۇسە-
يىن يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش مەق-
سىتىدە يەنە بىر تاۋاق سۇ سوراپتۇ. موللا
سەيپىددىن تەزىم بىلەن خۇنچىنى ئېلىپ
ئۆيگە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە ھۇسە-
يىننىڭ كۆڭلىدىن «بۇ ئەھۋالنى شاھ
ئاتامغا ئېيتسام، خەلققە ئانار سېلىقى
سېلىنسا، ئۇردا ئەمىرلىرى سۇ ئورنىغا
ئانار شەربىتى ئىچسەك نېمىدېگەن ياخشى»
دېگەن خىيال ئۆتۈپتۇ. قىزنىڭ بۇ قې-
تىم سىقىۋاتقان ئانىرىدىن شەربەتنىڭ ئاز
چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن موللا سەيپى-
دىن قىزىغا «مېھمانلار سۇ سورىغاندىكىن
كۆپىنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن بەرسەڭ بول-
ماسمىدى» دەپتۇ. قىز بۇنىڭدىن تەئەج-
جۈپلىنىپ «ئى دادا، سۇ سورىغان مېھمان
ئانار شەربىتىگە لايىق بولغانلىقتىن» دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز يەنە بىر چوڭ ئانارنى سىقىپتۇ.
تاۋاق يەنىلا تولماپتۇ. ئۈچىنچى ئاناردى-
مۇ تاۋاق تولماي ئاران يېرىملىشىپتۇ.
موللا سەيپىددىن «قىزىم، ۋاقىت ئۆتمەي-
سۇن» دەپ تاۋاقنى خۇنچىسىغا ئېلىۋات-
قاندا، بۈۋى رابىيە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:
«دادا، قىسمەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ، تاۋاقنىڭ
يېرىملىقى سۆزۈشتە قىلىنىپ قالسا، شاھ-
زادىنىڭ كۆڭلىگە خەلقنىڭ سېلىقىنى ئاشۇ-
رىدىغان بىرەر خىيال كەچتىمىكىن، بەرى-
كەت قېچىۋاتىدۇ، دەڭ» دەپتۇ.

سۇنۇلغان شەربەتنى قولىغا ئالغان
شاھزادە راست دېگەندەك يېرىملىقىنىڭ
سەۋەبىنى سورابتۇ.

موللا سەيپىددىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى
ۋە قىزى بۈۋى رابىيەنىڭ پەرىزىنى بايان
قىپتۇ. شاھزادە موللا سەيپىددىننىڭ سۆ-
زىدىن كېيىن، تېخى ھېلىلا خەلققە ئانار
سېلىقى سېلىش ھەققىدە كۆڭلىدىن ئۆت-
كۈزگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ تەۋۋا قىپتۇ.
داستىخان سېلىنىپ، شىكار نېمەتلىرى
قويۇلۇپتۇ. موللا سەيپىددىنمۇ باغ مېۋى-
لىرىدىن كەلتۈرۈپتۇ، ئۇلار ھەمتاۋاق بولۇ-
شۇپ، بۈۋى رابىيەگىمۇ نېسىۋە سۇنۇلۇپتۇ.
شاھزادە بۈۋى رابىيەنىڭ ئەدەب-ھاياسى،
ئەقىللىقلىقى، بىلىملىكلىكى ۋە گۈزەللى-
كىگە چوڭقۇر قايىل بولغان ھالدا موللا
سەيپىددىن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ، ھەمراھ-
لىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن بۈۋى رابىيەنىڭ مەھەللىسى «ئويى-
چۇلپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: مەتمەمەن ئەمەت. رەتلىگۈچى: ئابدىكېرىم ئەخمەدى

## ئات تويى ھەققىدە

شاھىي ئېھرام ئوغلى ھۇسەيىن،
دېھقان ئەشرەپ موللا سەيپىددىن قىزى
بۈۋى رابىيەنىڭ سەممىي ۋىسال چەشمى-
سىدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئارزۇ
ئاسمىنىدا پەرزەنت سۈبھىسى ئاقىرىشقا باشلاپ-
تۇ. توققۇز ئاي توققۇز كۈن، توققۇز سائەت
توققۇز دەقىقە تولغاندا بۈۋى رابىيە ئانىسى-
نىڭ ئۆيىدە ئاپتاپ تەلئەتلىك بىر ئوغۇل
تەۋەللۇت قىپتۇ. شاھ ئوردىسى خۇشاللىق
تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. شاھ پۈتۈن يۇرتتىكى
ئۆلىما، قازىلارنى، يۇرت كاتتىلىرىنى
يىغىپ قىزىل مەسچىتتىكى ئوردىسىدا ئات

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تويى ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھانە زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئادىن كېيىن تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئاق يۆگەكلىك بوۋاقنى ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ سىپاھلار ئوردا مېھمانخانىسى ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «شاھىمىزغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ. ئاندىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ «شاھزادىمىز يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتۇ. شاھنى ئېھرام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىرى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ «پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە قۇلىقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئاقىل ۋە باھادىر بولۇشى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» — دەپتۇ. باشقىلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك خۇشامەت ئۈنچىلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلاپتۇ. شاھ ئۆز كۆڭلىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرماپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇۋى رابىيەنىڭ ئاتىسى موللا سەيپىدىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ: «تەڭرىم بىزگە بۇ يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن مىڭ مەرتەۋە شۈكرىلەر بەجا كەلتۈرىمەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىغا بەخشەندە قىلىدىغان ھەرقانداق بايلىقى — ئىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر. تەڭرىم نېسىپ قىلسا، نەۋرىمىز تەربىيە كۆرۈپ ئالىم بولغاي» — دېگەن ئىكەن. پۈتۈن سورۇندىكىلەر: «بارىكاللا» دەپ ۋاقىرىشىپتۇ. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى توختىتالماي، نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ: «مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن نەۋرەمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيانىڭ نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. ۋەلىگە ئوخشاش قۇدىمىز سەيپىدىن ئاخۇن كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇمنى تاپتى. مەن بەكمۇ رازى بولدۇم. شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئەل-يۇرت بۇ كىشىنىڭ نامىنى سەيپىدىن ۋەلىيۇللا، دەپ ئاتىغاي، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاققا نېمە دەپ ئات قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بوپتۇ.

ئۆلىمالاردىن بىرى: «مەھمۇد» ماختانغۇچى، يەنى ياخشى خۇلقى پەزىلەتلىرى بىلەن ماختانغۇچى دەپ قويساق، چۈنكى بۇ ئاتنى تەشكىل قىلغۇچى بەش ھەرپ خاسىيەتلىك مەنىگە ئىگە. م (مىم) مېھرى-شەپقەت، مۆرۈۋۋەت، ماھارەت، مەمنۇنىيەت دېگەن مەنىلەرنى، ح (ھە) ھەمدۇسانا، ھاياتبەخش، ھاياتلىق، ھازىر تەييار، ھۆر، ھىلىم (مۇلايىم) دېگەن مەنىلەرنى، م (مىم) مۇددىئا، مۇرات-مەقسەت، مونىس (ھەمراھ) دېگەن مەنىلەرنى، «ۇ» (ۋاۋ) ۋارىسۇلئۇلۇم، ۋاپادار، ۋايىغا يەتكۈزۈش دېگەن مەنىلەرنى، د (دال) دىيانەتكار، دادىل، دىلۇكۇشاھ، دىلرەبا، دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ، دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

شاھ ئېھرام مېھمانلار ئالدىدا: كۆز نۇرىمىز بولغان نەۋرىمىزنىڭ ئېتى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن بولسۇن. ئوغلىمىز ھۈسەيىن، — بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتىدىن ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن دەپ ئاتالسۇن. خالايىق ئىچىدە ئىلمۇ-ھۈنەر شۇنداق

روناق تاپسۇنكى، ئىلىم ـ ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلمىگەي. ھەرقانداق كىشى ئىلىم ـ ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ، پەزىلەتلىرىنى ئاشۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بىناھالىقىنى كۆرسەتكەي، كىمكى ئىلىم ـ ھۈنەر گەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، مۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىلاردۇر. ئۇنداقلار ھاشارغا ھەيدىلىپ، سېپىلىقى ئېغىر ئىشلىسۇن ـ دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپتۇ.

تۈپلاپ رەتلىگۈچى: ھاجى ئەخمەت

## بەھرامنىڭ نەسىھىتى

مەھمۇد كىچىك تۇرۇپلا خۇش چاقچاق، چەبدەس، چاققانلىقى، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىقى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شاھزادىلەر ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ھەربىي ئىلىملەردىن ئات چېپىش، تىغۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى، دىنىي ئىلىملەردىن كالا تاغىقىدىن (ئاختەتدىن) باشلاپ ناماز سۈرىلىرى، ھەپتىيەك، قۇرئانى ھەدىس، ئىلمىي ھەزرەتلىكچە، دۇنياۋى بىلىملەردىن ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي ھەندەس، ئىلمىي ئەبجەد، ئىلمىي تەجۋىت، ئىلمىي سەرپ، ئىلمىي نەھۋى، ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلمىي تىبابەت، ئىلمىي تەرىقەت، جۇغراپىيە قاتارلىق زامان ئىلىملىرىدىن كامالى ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگىلەپتۇ.

يېشى 30 غا يېقىنلاشقاندا «مەدرىسەئى ساجىيە» دېگەن ئۇستازى ھۇشەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئوپال قىزىل مەسچىتتىكى ئوردىسىغا قايتىپتۇ. شاھزادە مەھمۇدنىڭ مەدرىسىنى تۈگىتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ھاجىنى بەھرام نەچچە ئون مال سوۋغۇپ، توي ئۆتكۈزۈپتۇ. داۋىتى ئەمىر سۇلتانى ھۇسەيىن ئۆتلىغا توي ـ سەرپايى يېپىپتۇ. ئانىسى بۇۋى رابىيە بەخت تىلەپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ.

زىياپەت ئاخىرىدا شاھ بەھرام تەۋرىسى مەھمۇدنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ: «ئوستازلار ئۆز ئىلھاملىرىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈڭنى، كۆڭلۈڭنى مۇنەۋۋەر قىلدى. نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ، نۇرغۇن سېھرى ـ ھېكمەتلەرنى ئوقۇۋالدىڭ. لېكىن سەن تېخى ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇمىساڭ بولمايدىغان شۇنداق بىر بۈيۈك كىتاب باركى، ئۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىز ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئۇلۇغ خەلقىمىز، بوۋىلىرىمىز، «ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس» دېگەنىكەن. سەن ھەممە قەبىلە، ئۇرۇق، ئايماقلىرىمىز، تاغ ـ دەريا، ئورمان يايلاق، تىكىن ـ كەنت، شەھەر، قىشلاقلىرىمىزنى ئارىلاپ چىق. ئۇلارنى ئۆگەن ۋە چۈشەن،» دەپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئىلىمدە راۋاج تېپىپ كامالەتكە يېتىشىنى تىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. «ئامىن ـ ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سادا پۈتۈن ئوردىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى بوۋىسى شاھ ئىھـ
رامنىڭ تەلىپىنى قانات، دادىسى ھۈسەيىن
بىلەن ئانىسى بۇۋى رابىيەنىڭ تىلەكلىرىنى
ئىرادە ۋە كۈچ قىلىپ، ئوغۇز، چىگىل،
قارلۇق، ياغما، قىپچاق، باسمىل، ياباقۇ،
توخسى، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، قىرغىز
قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى،
سەرگۈزەشتىلىرى، تىلى، تامغا، ئۇرانلىرى،
ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى،
ئىسىملىرى، مۇراسىملىرى، ياشىغان زېمىن،
تاغ ـ دەريا، كۆل، يايلاقلار، جۈملىدىن
ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي،
ھەربىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىلمىي پەلسەپىۋى
چۈشەنچىلىرى، ناخشا، قوشاق، داستان،
ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن
سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىدا
سۇيىقەست يۈز بېرىپ، بوۋىسى ۋە ئاتىسى
قاتارلىق ئەڭ يېقىن دېلىگەشلىرى ۋاپات
بوپتۇ، سۇيىقەستچىلەر مەھمۇدنىڭ ئىزـ
دېرىكىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. مەھمۇد بولسا
سۇيىقەستچىلەرگە يېقىنغان قەبىلىلەردىن
يېقىنمىغان قەبىلىلەرگە ئۆتۈپ يۈرۈپ
سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. خاقانىيەدىن
يەتتىسۇغا، يەتتىسۇدىن ماۋەرائۇننەھرگە
ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردىمۇ ئەمىنلىك تاپالمىـ
غان مەھمۇد قەشقەرى، ھەممىنىڭ ئىخلاسـ
مەنلىرى ۋە بوۋىسىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانـ
لىرىغا سىغىنىپ باغداتقا كېتىپتۇ. مۇكەممەل

سەپەر

چۈشەنچىلىرى ۋە چوڭقۇر ئىلمىي ئىقتىدا-
رى بىلەن يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە
نائىل بوپتۇ. بۇ كۈنلەردە باغداتتا گەرچە
خەلىپە ئەرەب بولسىمۇ، ئەمەلىي ھوقۇق
ئاساسەن تۈركلەرنىڭ قولىدا ئىكەن، شۇنىڭ
ئۈچۈن تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئومۇمىي
ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئىكەن. باغدات جەمـ
ئىيىتىدە تۈرك تىلىنى بىلگەنلەرنىڭ مەسـ
لىسى ھەل، توققۇزى تەل، ئىناۋىتى يۇ-
قىرى ئىكەن. ئەرز ـ دادىنى ئېيتىش ئۈـ
چۈن باغداتقا كەلگەنلەر، ئەمەل تەمەسىدىـ
كى ئەرەب زىيالىيلىرى، مەنسەپ ـ دەرىجىـ
لىرىنى ئۆستۈرۈش يولىدا قولتۇقىغا شوتا
قىستۇرۇپ يۈرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى
تۈركلەرگە خۇشامەت ۋە تەۋەززۇ قىلىشـ
دىكەن، مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مەھمۇد
قەشقەرى ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆـ
گىنىشى ۋە تۈركلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم
بېرىشى ئۈچۈن، ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىگە
بولغان سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ئىپتىخارىنى
ئىپادىلەپ لۇغەتشۇناسلىقنىڭ تېخى ھېچكىم
كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ نادىر مىۋىسى بولۇـ
پىدە «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق
تەڭداشسىز كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، خەـ
لىپە مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىپتۇ.
ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر ۋە سەرسانـ
چىلىقتا ئىگىلىگەن مەلۇمات ۋە ماتېرىياللار
بۇ كىتاب ئۈچۈن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى
بوپتۇ.

## ئانا ۋەتەن تەشنالىقى

مەھمۇد قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىل-
لار دىۋانى» دېگەن بۇ كىتاب مۇقتەدىگە
تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن خەلىپىنىڭ بوي-
رۇقى بىلەن ئوردا دىۋانخانىسىدا بىرنەچچە

نۇسخا كۆپەيتىلىپ تارقىتىلىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نام ـ شۆھرى-
تىمۇ دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ، لېكىن نام ـ شۆھ-
رەت، شاھانە ئىززەت ـ ئىكراملار، ئۇنىڭ
قەلبىنى ئىگىلىگەن يېتىم ۋە تۇل ئانىسى
بۇۋى رابىيە ۋە تۇغۇلغان ۋەتىنىگە بول-
غان چوڭقۇر سېغىنىشىنى بەزلىيەلمەپتۇ.
بۇ كۈنلەردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پۈتۈن
ئېسى ـ يادى ئانا يادى، ۋەتەن يادى
بىلەن بەنت بوپتۇ. يېشى چوڭايغانسېرى
ئۆزى توپلىغان «دېھقاننىڭ يىغاخشىلى
چامغۇر تىرىيدۇ، ئادەمنىڭ ياخشىسى
ئۆز ئېلىدە قېرىيدۇ» دېگەن خەلق ماقالى-
سى يادىدىن كەتمەس بولۇپ قاپتۇ.
كۈنلەردىن بىر كۈنى بۈيۈك كارۋان يولى
بىلەن باغدادقا كەلگەن ۋەتەنداش سودى-
گەرلەر بىر پارچە نامە بىلەن ئانىسى بۇۋى
رابىيەنىڭ پەرزەنت داغى بىلەن باغرىنى داغلاپ،
پەرزەنت يادى بىلەن كۈن ـ تۈن يىغلاپ،
پەرزەنت دەردى بىلەن كۆڭلىنى تىغلاپ،
پەرزەنت ئىستىكىدە بېلىنى باغلاپ، كۆك
ئارت، ئۇلۇغ ئارت، ئوپال ئارت، مۇق
يولى (مۇغ يولى) ـ قۇش يولى تەرەپنى قىبى-
لە قىلىپ، ۋەسلى دىدارى ئۈچۈن سەكپارە
بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەپتۇ.
نامە ئوردا ۋەزىرى يۈسۈپ
خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ،
ئۇنىڭدا ھازىر ۋەتەندە ئەمىنلىك ئىلىم

راۋاجى روياپقا چىققانلىقى، ۋەتەننىڭ
ئىلىم ۋە ئالىملارغا موھتاجلىقى، مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىدىن مەمنۇنى-
لۇقى، ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا
مەھدەم بولۇشنى خالايدىغانلىقى، ئۇنىڭ
ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنى ئېھتىرام بىلەن
كۈتۈدىغانلىقىنى بايان قىلىنغانىكەن.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سېغىنىش تەشنالى-
قىدا ئوت بولۇپ يانغان مەھمۇد قەشقەرى
سودىگەرنى پۈتتۈرگەن سودىگەرلەر بىلەن
ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. سەپەرداش-
لىرى ئۇنى ئىززەتلەپ يەك كۈچتۈكگۈر
ئارتۇگە ئۈستىگە سايىۋەنلىك كۆشۈگە
ياساپ بېرىپتۇ. خەتەرلىك داۋان ئۆتكەل-
لەردە بولسا، ھەتتا يۈدۈپمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ.
تېھران، ھىرات، كۆك ئارت، ئۇلۇغ ئارت،
مۇق يولى، ئوپال ئارت بىلەن ئۈچ ئاي-
دىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، نىھايەت تۇ-
غۇلغان ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەپتۇ.
«بۈيۈك كارۋان» يويىدىكى «كۆۋرۈك بې-
شى» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ھايات
بۇۋى رابىيەنى ئەمەس، پەرزەنت پىرا-
قىدا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇپ، ھىج-
ران ئوتىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان مې-
رىبان، غەمگۇزار ئانىسى رابىيەنىڭ قەب-
رىسىنى كۆرۈپ، قەبرىگە يۈزىنى ئېتىپ،
ئانا قەبرىسىنى سېغىنىشلىق يېشى بىلەن
يۇيۇپتۇ. نەزىر ـ چىراقىنى ئۆتكۈزۈپ،
تۇپرىقىنى قاتۇرۇپتۇ.

## «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» ۋە «نورۇز بۇلاق» ھەققىدە

بۇۋى رابىيەنىڭ نەزىرىسىگە قەدەم
تەشرىپ قىلغان تاجدارلار ۋە چوڭ ئور-
دا ئەھلى مەھمۇد قەشقەرىنى ئوردىغا
تەكلىپ قىپتۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئوردى-
دا زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنىپتۇ.

ئوردا ۋەزىرى شەخسەن ئۆزى زىياپەت
ئۆتكۈزۈپ ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. ئىككى ئالىم
شۇنچە كۆپ ئىلىم ئەھلى ۋە ئوردا ئەھ-
لىلىرى ئالدىدا قېرىنداشلارچە قۇچاقلى-
شىپتۇ. زىياپەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدىن
خۇشاللىق ئۇنچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ. زىياپەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۈستىدە يانمۇ ــ يان ئولتۇرغان ئىككى ئالىم شۇنچە سەممىي ۋە شۇنچە قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ.

ئۇردا ۋەزىرى ئەلنى ئىلىم بىلەن روناق تاپقۇزۇش، ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا ھەمجەھەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەھمۇد قەشقەرىنى ئۇردا خىزمىتىگە سەئيي قىپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى چوڭقۇر تەشەككۇر بىلەن ئۇزرە بايان قىلىپ، قالغان ئۆمرىنى ئىلىم ياۋىتىش ۋە ئىلىم تارقىتىش ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ، زىيافەت ئاخىرلىشىپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق ئوپالدا بىر ھەيۋەتلىك مەدرىسە بىنا قىلىپتۇ ۋە ئۆزى مۇدەررىس بوپتۇ.

شۇڭا بۇ مەدرىس «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ مەدرىسىنىڭ شۆھرىتى مەشرىقتىن مەغرىبقىچە پۇر كېتىپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن، ھەتتا ئەرەب، ئەجەم ئەللىرىدىنمۇ نۇرغۇن تالىپلار كېلىپ، ئوقۇيدىغان بوپتۇ. مەدرىس ئالدىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئۇخچۇپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ياز كۈنلىرى ھەممە تالىپلار بۇلاق بېشىدا ئارام ئالغاچ پەرۋىشت ئېيتىشىش، نەزمە پۈتتۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. بولۇپمۇ نورۇز مۇراسىملىرىدا نورۇز ناخشىلىرىنى يېڭىلىتىشىپ راۋاج ۋە راۋانلىق ئىلەپ بۇلاققا تاشلاپتۇ. شۇڭا بىلەن بۇلاقنىڭ نامىمۇ «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

## ھاي ـ ھاي تېرەك

مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسىنى تۈگىتىپ ئۇستازىدىن دۇئا ئالغاندا سوراپتۇ:

ــ ئۇستازىم، مېنىڭ تۇپرىقىم قەيەردە بولار؟ ئۇستازى:

ــ ساڭا ھەمراھ بولغان ھاسساڭ كۆكلىگەن جايىدا بولۇر، ــ دەپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ياشانغانسېرى سالامەتلىكى ياخشى بولماي قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەھمۇد قەشقەرى ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ تەرەت ئۈچۈن نورۇز بۇلاقتىن سۇ ئالغانىكەن، ھاسىسى بۇلاق بويىغا سانجىلىپ قاپتۇ. ھاسىسىنى سانجىلىپ قالغان جايىدا قويۇپ، ئۆزى دىنى ئېلىپ تەرەت ئاپتۇ.

ئۇ تەرەت ئېلىپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا ھاسا كۆكلەپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەھمۇد قەشقەرى «ھاي ـ ھاي ئەجەب كۆكلەپ كېتىپسەنغۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەر ھاسىدىن كۆكلەپ چىققان بۇ تېرەكنى «ھاي ـ ھاي تېرەك» دەيدىغان بوپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە تالىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يار، ئەقرىبالىرى ئۇنى ۋەسىيىتىگە مۇۋاپىق «ھاي ـ ھاي تېرەك» نىڭ چوڭ شېخى كۆرسىتىپ تۇرغان دۆڭگە دەپنە قىپتۇ.

## مىسكىن ئوپا ئۈجمە ھەققىدە

ئوپال يېزا مۇللام بېغى كەنتىدىكى مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى جايلاشقان تۆپىلىككە بارىدىغان كوچىنى كىشىلەر ھازىرمۇ «ئۈجمىلىك كوچا» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا 17 تۈپ قېرى ئۈجمە دەرىخى (ئىلگىرى كۆپ ئىكەن) مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلانماقتا. ئوپال خەلقى ئارىسىدا مۇشۇ ئۈجمىلىك كوچا ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت

سۆزلىنىپ كەلمەكتە.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشـقەرلىك بىر سودىگـەر تىجارەت بىلەن كۇچاغا بېرىپ قاپتۇ. سارايۋەن بىر ئايالنى سەيىـى قىلىپ، بىرەر ئايلىق بولسىمۇ ئۆيلىنىۋالسىلا، دەپ سودىگەرنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن سودىگەر بۇ ئايال بىلەن خوشلىشىپ يەنە تىجارەت بىلەن ئىلىغا كېتىپتۇ.

ئارىدىن 15 - 16 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كۇچاغا كېلىپ، ھەمسەپەرلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن كۇچاردىن يەنە ئۆيلىنىپتۇ. نىكاھتىن كېيىن سودىگەر ئايالدىن:

— خېنىم، ئاتا - ئانىلىرى بارمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— دادامنى بىلمەيمەن، ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە مېنىڭ دادام قەشقەرلىك «پالانچى» دېگەن سودىگەر بولۇپ، ئۇ ئانامنىڭ خېنىنى بېرىۋېتىپ ئىلىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئانام پوستانچى، مۇشۇ كۇچانىڭ شەھەر ئىچىدىن، ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى، ماڭا تاغام ئاتىدارچىلىق قىلدۇ، — دەپتۇ. ئۆزىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەن سودىگەرنى قارا تەر بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇ «تالاغا چىقىپ كىرەي» دېگەن باھانە بىلەن ئۆيدىن چىقىپ قەشقەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزگەن گۇناھى - كەبىرىسى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، بۇگۇناھىنى يۇيۇشنىڭ ھېچقانداق چارىسىنى تاپالماپتۇ. شۇ چاغدا ئوپالدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» ناملىق بىز مەدرىسىتە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقىنى ھېچكىمدىن ئايىمايدىغان، ئىلىم - تەلەپكارلىرىنىڭ پىرى ھەزرىتى موللام ئەللەمە مەھمۇدىل كاشغىرى ئىسىملىك بىر ئۇلۇغ ئۆلىمانىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان سودىگەر مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئوپالغا بېرىپ، مەھمۇد قەشقەرىگە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ، قانداق قىلسا بۇ گۇناھى - كەبىرىنىڭ يۇيۇلۇشى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بىندەت گۇناھ بوپتۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى شۇكى، خۇدا يولىدا مىڭبىر تۇپ ئۈجمە تىكىپ مېۋىگە كىرگۈزسەڭ ئۈجمىلىرىڭنىڭ تۇتۇپ مېۋىگە كىرىپ، جان - جانىۋار، ئادەمزات يەپ، يەرگە قانچىكى كۆپ تۆكۈلسە، سېنىڭ گۇناھىڭمۇ تۆكۈلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ مەھمۇد قەشقەرى.

سودىگەر دەرھال تۇتۇش قىلىپ، شۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا مىڭبىر تۇپ ئۈجمە ئەھيا قىلغانىكەن. ھازىر بار بولغان 17 تۇپ ئۈجمە ئەنە شۇ مىڭبىر تۇپ ئۈجمىدىن قالغانلىرى ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئىسمايىل ئىبراھىم

## مەھمۇد قەشقەري بىلەن ئىخلاسمەن ئەما

مەھمۇد قەشقەرى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى مەھمۇد قەشقەرىگە:

— مەن دەرگاھى ھەقتىن، دائىما ناھايىتى كاتتا نەرسىلەرنى سورايمەن، ۋە ئادەيمەنكى: سېنىڭ ئۇلۇغ كەرەملىك دەرگاھىڭدىن ناپسەنت نەرسە سورىغۇچىلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن، ــ دەپتۇ.
ــ سىنىڭ سورايدىغان كاتتا نەرسەڭ
نېمە؟ ــ دەپ سورىغان ئىكەن «جانابلىرى
ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ تاغنى قىپقىزىل
ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسە دېگەن ئىلـ
تىجا ئىدى»، ــ دەپتۇ.
ئارىدىن 2 ــ 3 يىل ئۆتۈپ ھېلىقى
ئىخلاسمەن بىر چاكىرىغا ئۆزىنى يېتىلەتـ
كىنىچە كىرىپ سالامدىن كېيىنلا، كۆزـ
نىڭ ئەما بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلىـ
نىشقا باشلاپتۇ.
مەھمۇد قەشقەرى ئۇنىڭغا تەسەللى
بېرىپ: «تەڭرى بىزگە يەتتە ئەزادىن
ئىبارەت تۇگىمەس بايلىقنى ئېھسان
قىلدى. ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە سەن
بىزنىڭ ئەقلىمىز كوتالىق قىلىدۇ، چۈنكى
بىزگە بېرىلگەن بۇ بايلىقنى جايىدا ئىشـ
لىتەلىسەك، دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ
ئالتۇن بولغىنىدىنمۇ چوڭراق بايلىق بولار
ئىدى. مۇبادا سەن دېگەن مۇشۇ تاغنىڭ
ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن
كۆرە، كۆزۈڭنىڭ ئەما بولمىغىنى ياخـ
شىراق ئىدى.
ــ مەن تەڭرىگە تائەت ـ ئىبادەت
قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمەت سورىسام، ئۇ
مېنىڭ كۆزۈمدىن كىچىككىنە نۇرنىمۇ
ئېلىۋېلىپ ئەما قىلىپ قويامدۇ؟ بۇ قانداق
ئادالەت؟ ــ دەپتۇ ھېلىقى ئىخلاسمەن.
ئۇنداق دېمە، ــ دەپتۇ مەھمۇد قەشـ
قەرى، ــ تەڭرىم سېنىڭ دۇئالىرىڭنىڭ
ھەممىسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ئادالەتنى
زاھىر قىپتۇ. تاغنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشـ
نى تىلىگەنىدىڭ، ئۇنىڭدىن كاتتىراق
ھەقىقىي بايلىق بولغان تەن سالامەتلىكـ
نى بېرىپ ساڭا مەرھەمەت ئېھسان قىلـ
دى. سەن ئۇنى توغرا ئىشلىتىپ شۈكرىـ
لەر بەجا كەلتۈرمەي لەھەس دۇنيا ئارزۇـ
سىدا بولغانسەن. سەن ئۆز تەلىپىڭدە
«ئۇ تاغ بەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى
كور بولسۇن» دېگەنىدىڭ. بۇ دۇئا
تەلىپىڭمۇ ئىجاۋەت بوپتۇ. چۈنكى دەرگاـ
ھى ھەقنىڭ ئالدىدا تاغلارنى ئالتۇن
قىلماقتىنمۇ ئاددىي ۋە ئاز نېمەرسە بولـ
مايدۇ... ئەگەر سەن مەندىن: «تەڭرىگە
دۇئا قىلىشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە؟» دەپ
سورىساڭ ئىدىڭ، مەن ساڭا: «تەڭرىگە
قىلىدىغان ئەڭ ئالىي تىلەك ـ تەن سالاـ
مەتلىك، خاتىرجەملىك، ئەقىل ۋە ئىلىمـ
غا كامالەت بەرگىن دېگەن تىلەكتىن
ئىبارەت، ــ دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولار
ئىدىم» دېگەنىكەن.
سۆزلەپ بەرگۈچى: مەھەممەت ئوسمان

## قىلىچ بۇغرام مازىرى ھەققىدە

ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا ھازىرقى
ئوپال ئاق دالادىكى قىزىل مەسچىت
دېگەن يەردە شاھى ئېھرام ئاتلىق ئالىم
ۋە ئالەم پاناھ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن
ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەقىل نۇرى،
سۆزلىرىدە پاراسەت نۇرى نامايان ئىكەن.
كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلۇغ بۇغراخان
خوجۇللىرىنىڭ كەنجىسى قىلىچ بۇغراخان،
شاھى ئېھرامغا سالام بېرىش ئۈچۈن قىـ
زىل مەسچىت دېگەن يەردىكى ئوردىغا
كەپتۇ. شاھى ئېھرام مۇناسىپ ئىززەتـ
ئېھرام، ھەشەمەتلىك زىياپەت بىلەن كۈـ
تۈۋاپتۇ. ئەتىسى بىر كۈن شىكار ۋە
ساياھەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئۆگۈنى سەيلە
ئۈچۈن يول جىگدىگە بېرىشىپتۇ.
ئول زاماندا ئوپالنىڭ بازىرى يول
جىگدىدە بولىدىكەن، بازار شۇنداق قىـ

(داۋامى 70 ــ بەتتە)




ئاۋۋالدىن قالغانىكەن،
ئاشىققا قاراپ تۇرماق.
كېلىنىڭ يارىم ئويناپلى،
ھەددىمۇ ماراپ تۇرماق.

ئاي ئەمەس، كۈنمۇ ئەمەس،
نۇرمىكىن، نۇرمۇ ئەمەس.
ئانداق پەرى ئالەمدە يوق،
ئانداق گۈزەل بولغان ئەمەس.

ئارقىدىكى يول بىلەن
سوراپ ئۆتتۈم ئەھەتتىن.
بۇ كۆيۈك مىراس قالغان،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

ئاق تېرەك، ئاپئاق تېرەك،
تۈۋىدىن كەسمەك كېرەك.
باشتا قوشۇلغان ياردىن،
ئۆلگۈچە ئايرىلماق كېرەك.

ئامرىقىم چىقىپ كەلسە،
نۇرغا تولغان ئاي بولۇپ،
ئالدىغا يېتىپ بارسام،
پىيالىگە چاي قۇيۇپ.

ئاتا لازىم، ئانا لازىم،
چىن دوستلۇققا ۋاپا لازىم.
ۋاپادار سۆيگىنىم تۇرسا،
باشقىسى نېمە لازىم؟

ئاتىنىڭ ئۇۋەدىنى لەجەدە،
مېنىڭ ئاشىقىم نەدە؟
ئىزدەپمۇ تاپالمايمەن،
كۆڭۈل خالىغان يەردە.

ئەنجانغا بارغان ئۆزۈم،
يېگى ئەتلەستە كۆزۈم،
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق،
يارغا ئۆتمەيدۇ سۆزۈم.

ئەنجان دوپپا بېشىمدا،
يوغان ئوسما قېشىمدا.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
بىر دەم تۇرغىن قېشىمدا.

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن،
كۆرمەيمەنغۇ بېشىڭدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
بىللە يۈرۈپ قېشىڭدا.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيگىنچە،
مارجان ئېلىپ تاقىساڭچۇ.
ئەقلى يوققا تەگكىنچە،
دەريالاردا ئاقساڭچۇ.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيمەيمەن
ئېتكىنى لاي قىلىپ.
ئەقلى يوقتا تەگمەيمەن،
يۈرىكىمنى قان قىلىپ،

باسقان دوپپام بار دەيسەن،
كىيمەيدىغان نېمەڭگە.
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
چىقمايدىغان نېمەڭگە.

باياۋاندا مال باقسام،
ئىتلار بولدي يولداشىم.
نېرى قاچما لەيلىگۈل،
بولغىن مېنىڭ قولداشىم.

بەگنىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىر-بىدىن بىرى دۇدەن.
ئىشكىڭگە تەلمۈردۈم،
چىقمامسەن جېنىم مودەن.

بەشكىرەم ئاناسىمەن،
لاچىننىڭ بالاسىمەن.
ھەممە شەردە داڭقىم بار،
ئاشىقلار داناسىمەن.

باراڭنىڭ ئىچى سايە،
ئەتراپى ئۈنىڭ گۈلدۇر.
گۈل سايىسىدا ئولتۇرغان،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدۇر.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توغاچ.
چۈرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
ھەمسايە يېقىن بولغاچ.

بوغداينى ئالا قىلغان،

ياۋاپى ئوتلار ئىكەن.
ئىككىمىزنى ئاجراتقان،
ئارىدا ئۆڭگەن تىكەن،

بۇلبۇل كېلىپ سايرىسۇن،
دەردكە دەرمان ئەيلىسۇن،
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بولسا،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.

بۇگۈن كېچە چۈشۈمدە
گۈل كۆردۈم يار قولىدا.
ئەمدى كىرپىك قاقماسمەن،
كۆزۈم لېۋەن يولىدا.

گۈل قىستىم قۇلاقىمغا،
يارىشىپتۇ چىرايىمغا.
سەن قىلساڭ ياماتلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

غانچۇغۇگدا ئارغامچا،
ئاڭدىڭ ھەممىنى ئاتقا.
ۋەدىگە ۋاپا قىلساڭ،
كۆڭۈل بەرمەگىن ياتقا.

غەزەل ئوقىماي دېسەم،
دەردىم ئوقىغىن دەيدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
كۆڭلۈم قارىغىن دەيدۇ.

دەريا بويىدا ياتتىم،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتتىم.
سەن يارىم قايان كەتتىڭ،
زىخ بىلەن كاۋاپ ئەتتىم.

دوستۇم بەرگەن ئالمىنى،

يار بىلەن بىللە يۈيمەن،
يار ماڭا نېمە دېسە،
ئۈلگۈچە شۇنى دەيمەن.

ماتا توقۇپ ئولتۇرسام،
غالتىكىم غىلدىرلايدۇ،
شېردىن قىزنى ئويلىسام،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.

دۇتار چالسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس،
ۋاقتىم يوق دېگەن بىلەن،
كۆڭۈل ئاچمىسام بولماس.

ئېگىز ئۆگزەڭگە چىقىپ،
ھەزرەت سۇلتانغا قارايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئۈرۈمچىگە پالايمەن.

ئېگىز ئۆگزەڭگە چىقىپ،
شىلدىرلاتتىم خازاڭنى.
مەندىن ئۆزگىنى دېسەڭ،
خۇدا بەرسۇن جازاڭنى.

ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشتى،
مېنىڭ غېرىب بېشىمغا.
يارىمدىن نېشان يوقتۇر،
زەھەر سالدى ئېشىمغا.

ئېتىڭلار مېنى يارغا،
چىقىڭلار مېنى يارغا.
ئۆز ئۇۋالىم ئۆزۈمگە،
ئېسىڭلار ئېگىز دارغا.

ئېتىزلارغا يارغاندا،

ئارا - كۈرجەك خاماندا.
شۇ جۇگاننى سۆيمەككە،
باتۇر يىگىت ئارماندا.

يىپ ئەمەس، يىپەك ئەمەس،
بىۋاپانىڭ كېيىگىنى،
بىزدىن ئارتۇق ئەمەسكەن،
ماختاپ يۈرگەن سۆيگىنى.

يۇقىرىقى قاراباغدا،
يوغان بىر خادا تاش بار.
بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا،
چىرايلىق قەلەم قاش بار.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلدىم،
قارا قارغىدەك ئويناپ،
مەن يارنى كۆرەرمەنمۇ،
بۇلبۇلدەك چىمەن سويلاپ؟

جۇگانلار سېھىرنى بوھتۇن،
دەردمەنلەر كېلىپ سۆيسۇن،
بىزنى ئايرىغان دۈشمەن
دوزاخ ئوتىدا كۆيسۇن.

ئىلى دېگەن يەرلەردە،
ئۇن تاسقايدۇ ئەگزىدە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قان تامىدۇ مەگزىدە.

ئىچسەم، ئىچسەم مەست قىلمايدۇ
قالماق بوزىسى.
كىچىككىنە بىر يارىم بار —
قوينىڭ قوزىسى.

ئېشىكىڭدە تۇرسەن،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئايدا، يىلدا كۆرۈنۈپ.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتتۇم،
ئالما شېخىنى تۇتتۇم،
سەن ئۆيۈڭدىن چىقمايسەن،
مەن تالادا قان يۇتتۇم.

ئىشىكىڭنىڭ تۈۋىگە
گۈل تېرىپ ئوخشاتمىسام،
خەپ، خۇدايىم بۇيرۇسا،
مەن سېنى قاقشاتمىسام!

ئىشىك ئالدى بارىگىزا
شاخلاپ قاپتۇ زارىگىزا.
يۈرىكىمگە ئوت ياقتىڭ،
كۆندە بولۇپ مىڭ ياگىزا.

ئىشىك بېشىدا پايخان،
سۇ قۇيۇپ، قۇرۇتماسمەن.
ئامرىقىم چىرايلىقنى
ئۆلگۈچە ئۇنۇتماسمەن.

يېنىمدىن چۈشۈپ قاپتۇ
يىپ يۆگەيدىغان غالتەك.
يېڭىياچى يار تۇتسام،
ئۆزى چاققان، بويى كالتەك.

يېڭى ئاي چىقتى سېپىلنىڭ بېشىغا،
ئېتىكىم توشتى كۆزۈمنىڭ يېشىغا،
ھەر كىشى بارسا يارىنىڭ قېشىغا،
گۈل بىلەن تاجە قىلسا بېشىغا.

كەلدى يۈزمىڭ جىلۋە بىلەن
يار مېنى كۆيدۈرگىلى

تاقىتىم يوقتۇر مېنىڭ،
ئالدىدا بىر دەم تۇرغىلى.

كەتمەننى تولا چېپىپ،
قولۇم قاپىرىپ كەتتى،
خەقنىڭ سۆزىگە كىرىپ،
يارىم ئايرىلىپ كەتتى.

كەچ كىردى، زوگال بولدى،
يارىمغا ئۇگال بولدى.
جالانى يوغان سېلىپ،
قورغۇيدەك جوگان بولدى.

كېچىلەردە ئاھ ئۇرسام،
جېمى ئالەم بولۇر ۋەيران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭدە كىم باردۇر؟
مېنىڭ كۆڭلۈم ئەجەب ھەيران.

كېچىسى ماڭغان يولنىڭ
ھېچ ۋاقىتتا قازاسى يوق.
ئەمدى تۇتقان يارىمنىڭ،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

كۆيدۈما كۈل بولدۇما،
ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدۇما.
بۇ سېنىڭ پەيلى خۇيۇڭغا
ئۆلگۈچە قۇل بولدۇما.

قاپقارا بوران كەلدى،
تار كوچا راۋان كەلدى.
مەن ئوينايدىغان چاغدا
يار كىچىك، نادان كەلدى.

قاراپ كۆزلىرىم تالدى،

بىر چىقمىدىڭ ئالاغا،
ئىشىكىڭدە گەپلىشىپ،
مېنى قويدۇڭ بالاغا.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
شەھەر ئالدىدىكى قورغان.
ئەجەپمۇ ياماڭ ئىكەن
سۆيگەن ياردىن ئايرىلغان.

قاشلىرىڭ ئەجەب چىرايلىق،
كۆزلىرىڭگە كۆيدۈم مەن.
كېچە ئۇخلاپ چۈشۈمدە
لەۋلىرىڭگە سۆيدۈم مەن.

قەشقەر يولىدا كارۋان،
بېلىمدا دورا - دەرمان.
بىر ئېيتقانغا كەلمەيسەن،
ئۆزۈڭ قىلىسەن ئارمان.

قەشقەر يولى قورايلىق،
ئەنجان يولى بىر ئايلىق،
قەيەردە يۈرۈيدىكىن
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

قېشى قارا بەرنا يىگىت،
ئەسلا ئالمايسەن مېنى.
كوكۇلام تىللا باها،
تاشلاپ كېتەلمەيسەن مېنى.

قېشىم تارتىدۇ مېنىڭ،
قەشقەردىن يارىم كېلۈر.
ئۆزى كەلمىسە يارىم،
خۇش خەۋەر سۆزى كېلۈر.

قىزىلگۈل ئېچىلماس بولدى،
بۇلبۇل سايرىماس بولدى.

ئەلنىڭ سۆزىگە كىرىپ،
يارىم قارىماس بولدى.

قولۇڭدىكى تاياقنى
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
كەلمەمسەن لېۋەن يارىم،
ئولتۇرامدىم مەن ساقلاپ؟

قولۇڭنى كۆرسەت ماڭا،
قوش ئۈزۈك سالاي ئاڭا.
مەن سەپەرگە كەتكەندە
يالداما بولۇر ساڭا.

مەن ئۆزۈم ئۇستا بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
بىئەقىل يار دەردىدىن
كىيدىم كۆلاھ جەندىنى.

مىس تاۋاقنىڭ قىيىغى،
قىزىلگۈلنىڭ چۈۋىقى.
يىگىتلەرنى كۆيدۈرگەن
شۇ يارىمنىڭ قىلىقى.

ئۇقەت قىلغىلى بېرىپ،
دۈن تاسقىدىم لەگزىدە.
بىزنىڭ يار نېمە بوپتۇ،
قان تۇرمايدۇ مەگزىدە؟

رومالىمنىڭ گۈلى سەن،
كۆپ ئاشىقنىڭ بىرى سەن.
كۆپ ئاشىقنىڭ ئىچىدە،
سەن كۆزۈمنىڭ نۇرى سەن.

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى پاتقاق،
پۈتۈڭنىڭ پاتقىنى پاتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يامانىنىڭ قولىدا يۈرسەڭ،
بېشىڭنىڭ قاتتىقنى قاتقان.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرامدىكىن، يارىم.
سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن ئۆلسەم،
ئىچىڭ ئاغرامدىكىن، يارىم؟

ئۆرۈلسەم تىكەن، ئاللا،
چۆرۈلسەم تىكەن، ئاللا،
سەندىن ئۆزگىنى دېسەم،
باغرىمغا تىكەن، ئاللا.

سارىيىڭغا پاتمايمەن،
ئايۋىنىڭدا ياتمايمەن.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن.

سېغىزخان شاراقلايدۇ،
قارىياغاچ پۇتاقىدا.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
ئولتۇرسام قۇچاقىدا.

سېرىق سەبدە، تولۇن ئايىم،
ھەجەب ۋاقتا خازان بولدۇڭ.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

سۈنىڭ سۈزۈكى تۇرسا،
ئاتلاپ ئىچكەن لايىنى.
ئامان بولساڭ كۆرەرمىز،
تاللاپ سۆيگەن يارىنى.

تاغلاردا بۇلۇت ياتسا،
ئاق پاختىغا ئوخشايدۇ.
يار بىزدىن يامانلاپتۇ،
يار تاپقانغا ئوخشايدۇ.

تاغنىڭ گۈللىرى قايسى؟
سېرىق سەبدە بىلەن چوغلۇق.
دەخلى بەرمە يارىمغا،
ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، مۇڭلۇق.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرغان،
تۇمشۇقى ئۇزۇن قاغا.
قىزىلگۈل ئېچىلغاندا،
باغرىم تويمىدى ياغا.

ئۇ قاتقا ئۆتەرمەن دەپ،
بۇ قاتتا قونۇپ قالدىم.
ئۈچ كۈندە بارارمەن دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدىم.

ئۇندا گۈل بەرنايىم بار،
مۇندا گۈل رەنايىم بار.
مەن يالغۇز ئەمەس ئەسلى،
گۈللەردىن ھەمراھىم بار.

ئۇيانىدىمۇ يارىم بار،
بۇيانىدىمۇ يارىم بار.
بۇيانىدىكى يارىمدىن
ئۆلگىچە تەمەيىم بار.

ھەجەپ ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن،
چوڭ يولغا پىلەك تاشلاپ.
سەن ئالسەن بۇ جاننى،
ئوڭ يېنىڭغا كۆز تاشلاپ.

ھويلاڭ بولسا، كەڭ بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ؟
يارىڭ بولسا، لېۋەن بولسا،
كۆڭلۈڭ تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟

تەييارلىغۇچى: غوپۇر قادىر

يۈرىكىم خۇشال ئەمەستى،
مەن يارنى سېغىنغاندا،
ئۆلچىگۈسىز ئىككىلەنمەيمەن،
گۈل چېچەك ئېچىلغاندا.

دەرد بەرگەن بەندىگە،
دەرمان سېنىڭ ئىلكىڭدەدۇر،
پادىشاھى باگەرەم،
قۇدرەت سېنىڭ ئىلكىڭدەدۇر.

باغقا كىرسەم سورالغىنى،
يېرنى ئالدىم سورالغىنى،
ئۆلتۈرسەڭ مېنى كۆلتۈر،
ئايرىۋەتمە سورالمىغىنى،

زوقۇم كەلدى جانانىم،
دوتتار چالغان قولۇڭغا.
قاپچاندىمۇ قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا.

ئۈستەڭنىڭ تېگى تاختا،
كەلمەيسىز دېگەن ۋاقتا.
سىز يارىمنى ئەسلىسەم،
يىغلايمەن سەھەر ۋاقتا.

دۇتتارىم قەشقەر پەدە،
پەدىسى ئون بەش پەدە،
كۈندە بەش ۋاق بارغۇم بار،
ئۆيىڭىز يامان يەدە.

ياغلىغىنىڭ ئۇچىدا،
ناۋات بىلەن يېمىش بار،
ئۇينىساق بىز ئوينىدۇق،
ئەكتەكچىگە نېمىش بار.

باققا كىرمەكلىك ئاسان،
شورا بولغانلىقى ئۈچۈن.
يارنى سۆيمەكلىك ئاسان،
مەيلى بولغانلىقى ئۈچۈن.

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
دەردىگە قۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىقى بىقارار بولدۇم.

ۋىسالىڭنى يۈرىگىمدە دۇم،
ئاق تاڭدا يايەۋردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئاللا ئاي بولدى يانىدۇردۇم.

قەشقەرنىڭ بازارى،
ئالما بىلەن ئانارى،
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
بولما ئۈنچە ئاۋارى،

يارىم بىلەن چاي ئىچتۇق،
ئاي كۆللۈك پىيالىدا.
بىرىپ يارىمنى سوراڭلار،
مەن يارمۇ خىيالىدا.

دۇتتارنى چالالامسىز،
پەدىسىنى باسالامسىز.
بىز ماڭغان كوچىلاردىن،
تەھتىرمەي ماڭالامسىز،

قولۇمدىكى ئۈزۈككە،
كەھرىۋادا كۆز قويدۇم.
ئەقلىڭ بولسا كەل يارىم،
ناخشا بىلەن سۆز قويدۇم.

هاۋادىكى لاچىننى،
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
ئالتۇن قارا كۆز يارنى،
سۆز بىلەن يۇتاي دەيمەن.

دەريا بويىغا چىقسام،
سۇلار سۇزۇلۇپ قاپتۇ.
ئانارنىڭ چىچەكىدەك،
مەڭزىڭ قىزىرىپ قاپتۇ.

يۈرىكىم چاك - چاك بولدى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي دەيمەن.
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي دەيمەن.

بېغىڭدىكى ئېتىرلىك،
چۆرىسىدە بىلدەن بار،
يۈرىكىمنى يېرىپ كۆر،
ساڭا كۆيگەن زەدە بار.

ئاينىڭ بارمۇ شوۋىلىسى،
كۈننىڭ بارمۇ شوۋىلىسى.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
كۆيگەن يارنىڭ ھاۋىلىسى.

لەيلى - مەجنۇن تال ئىگىلدى،
سەن ئىگىلمەيسەن ماڭا.
يا كېلىمەن ئالغىن بۇ جاننى،
يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

ئېتىزلىقتىن باش چەردىم،
ئەنجىسىنى سايلىماي.
يار تۇتارمەن ئاقۋەت،
ئۆتكىنىمىزغا پايلىماي.

تاغلار ئارا شوخ شامالالار،
كۆڭۈل ئويناتسۇن.
باغلار ئارا بۇلبۇل سايراپ،
يارنى ئويغاتسۇن.

چۆللەر ئارا دۆۋە قوملار،
كۆچۈنۈپ كەتسۇن.
ئىككىمىزنى ئايرىغانلار،
يوقۇلۇپ كەتسۇن.

ئېتىزدىكنى ئوتاپسەن،
پۇچاق بىلەن باش قويماي.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
بىر ياستۇققا باش قويماي.

يۈرگەن چاغدا ياخشىدىم،
ئايرىلىپ يامان بولدۇم.
يار دەردى يامان ئىكەن،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

قاغا پەيى ياستۇققا،
پەي بولامدۇ - بولمامدۇ؟
كىچىكلىكدە تۇتقان يار،
ئەي بولامدۇ - بولمامدۇ.

كۈننىڭ يورۇقى بىزدە،
ئاينىڭ يورۇقى بىزدە.
كۆز - كۆز قىلماڭ سىز بىزگە،
خۇدايىم بېرىدۇ بىزگە.

ئىشىك ئالدى باراڭ يايرىم،
يارىڭدىن ماراڭ يايرىم.
شەرەتنىمۇ بىلمەيسەن،
ئەقلى يوق ساراڭ يايرىم.

بۇ دۇتتار كىچىك دۇتتار،
ئاۋازى چۇچۇك دۇتتار.
دەردى بارلار ئاڭلىسۇن،
دەردى يوق نىرى تۇلتار.

سىرىق ساندۇق سىرىمەن،
ئىككى گۇلنىڭ بىرى مەن.
باغدا كاككۇك ھەم زەينەپ،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

يارنىڭ ئۆيى جەينەكتە،
چاي دەملەپتۇ چەينەكتە.
ئۆزىگە باقماي ھالى چوڭ،
قاراپ باقسۇن ئەينەككە.

بەش كىرەمنىڭ يىزىسىدا،
سەن كىرمىگەن باغ تولا.
بىز ئىككىمىز يار بولۇپ،
مۇڭداشمىغان چاغ تولا.

بۇ تاغلار ئىگىز تاغلار،
تىشى كۆپ توپاسى يوق.
يوغان گەپ قىلغان يارنىڭ،
دەردى كۆپ ۋاپاسى يوق.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئاناغا.
قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ،
مىنى قويدۇڭ بالاغا.

ئۆگزەم غىس بـ غىس قىلدۇ،
چىقسام توخۇنىڭ ئىزى.
مىنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
موساكامنىڭ چوڭ قىزى.

چاقىمىنىڭ ئوقى كالتا،
خىيال بىلەن چۆرۈيمەن.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
باش كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن.

ياغلىق باغلىغان يىگىت،
ياغلىق سۆرۈلۈپ قاپتۇ.
ئۆزىنى يوغان چاغلاپ،
ياردىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

بوستان سىكىلەك قەلەم قاش،
دەريزەڭدىن ئاتاي تاش.
كۆلۈپ چىقساڭ ئالدىمغا،
خوشلۇغۇمدا ئىگەي باش.

ئىشىك ئالدى ئىرىقمىدى،
ئەتراپى تىرىقمىدى.
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە،
چىرايىم سىرىقمىدى.

قولۇمنى كىسىۋەتتى،
ياغاچچىنىڭ رەندىسى.
سەن جىنىمنى قىينىما،
مەنمۇ خۇدانىڭ بەندىسى.

ھەجەپ تەشنا ئىكەن كوزا —
ئىچىدە لىق سۈيى تۇرسا.
يار كۆڭلى راسا بولسا،
ئۆيلەنمەي تۇرۇپ تۇرسا.

رەستە، رەستە شۇ رەستە،
ئۆيلىرى ئىگىز — پەستە.
يار ئىگىزدە مەن پەستە،
ئۆتۈپ كەتتى كۆرمەستە.

ھويلام بولسا قۇم بولسا،
قۇمدا تېرەك ئۆسمەمدۇ.
يار دېگەن لەۋەن بولسا،
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئۈزۈن - ئۈزۈن ئاغامچا،
يەردە ياتسا بولامدۇ.
كۆڭلۈمدىكى بۇ غۇنچە،
تۈزۈپ كەتسە بولامدۇ.

ھويلاڭ ئالدىن ئۆتتۈممەن،
ئەھە، ئەھە يۆتۈلۈپ.
مەيلىڭ بولسا چىق ياپرىم،
بىر چىنە چاينى كۆتۈرۈپ.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
قار - يامغۇرلار ياغقىلى.
قانداق چاغدا تۆرەلدىم،
ھەممە دەرتنى تاتقىلى.

مەن بىغىڭغا كىرمەيمەن،
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

سۇ باشلىدىم قاش بىلەن،
پەختەك ئاتتىم تاش بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
غورلاي قەلەمقاش بىلەن.

ئوما ئورۇپ ئايدىڭدا،
ئېتىزلاردا باش قالدى.

ئار كۆڭ ئويناپ ئايرىلدۇق،
كۆزلىرىمدە قالغى.

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
بۇرۇنقى نادانلىقىمنى،
ئەمدى قىلسام سەت بولا.

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالاپتۇ ساماندا.
باشتا ئايرىلغان يارلار،
ئەمدى قاپتۇ ئارماندا.

شايى - شايى ئەمەسمۇ،
شايى پۇلغا كەلمەسمۇ.
ئوقماي دوست بولۇپ قاپتۇق،
بىۋاپاكەن ئەمەسمۇ.

بىز كىرگەن قومۇشلۇققا،
يولۋاسلار كىرەلمەيدۇ.
مەيلى بارمىسىن يارىڭ،
ئەگىشىدۇ، كېتەلمەيدۇ.

جاندىن ئېزىز چىنەمنىگول،
ئوتنۇڭ چوشقى يۈرەككە،
گۇمان قىلما مېنىڭدىن،
گەپ قىلمايمەن بۆلەككە.

لاي بولاقا بارغانغا،
ئوتنى ياقتىم قومۇشقا.
تۇتۇپ بەردى خودايىم،
كۆڭلۈمدە يەرلەشقان گومۇشقا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئالىمجان ھەسەن


بسم الله الرحمن الرحیم





www.uyghurkitap.com

